






← بالىلىقىمدىكى دۇنيا
چوڭ بولسەن سەنمۇ ھەم.
فوتو سۈرەتلىرىمگە
يوشۇرۇپ قويااي سىنى.



شوخلۇقۇم نەلەرگىدۇر مۆكۈۋالدى،
↓ شېرىن- بىر خىيال دىلنى ئورۇۋالدى.



تەڭرىتاغ

قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت

ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب

1993-يىل 6-سان


## مۇندەرىجە

### ئەدەبىي ئاخبارات


«سۇجۇلۇق»لار ........................ ھەبىبۇللا، ئابدۇسالام، راھىلە تەرجىمىسى 1

كۆنچى ئوغلى .................................... پەخرىدىن موسا 45


### ھېكايىلەر


دۇشەنبىدىن باشلاپ .......................... يارمۇھەممەت تۇرسۇن 37

قارانچۇق .................................... زۇلفىيە ھاجى 59

خەيرخوش، قەدىردان شەھەر .......................... ئايشەم ئابلىز 61

ئاي دىغى ...................................... ئابلىكىم ئەبەيدۇللا 71

ئاياقلاشقان چۈش .............................. پازىل قادىر 78

قارا قۇمچاق .................................. پەخرىدىن موسا 90

ھېلىقى بىكەت .................................. ئايگۈل موھىددىن 99

پىنھاندا تۆكۈلگەن سۆيگۈ يىشى ........................ ئابدۇقادىر ھېمىت 102

ئەڭ يېقىملىق ئاشۇ مىنۇتلار .......................... گوركىي 105
داۋۇت ساۋۇت تەرجىمىسى


### شېئىرلار


يىگىتىسىدىن كونىسى ياخشى ............................ مۇھەممەت ئىمىن 32

«جىلك» باشلىق .............................. ئابابەكرى ئەمەت 33

چۈش .......................................... زۇنۇن رېھىم 35

## ئىزلىنىش، سىناق، يېڭىلىق

ئېلەكجان ياسىن، مۇتەللىپ ماگسۇر، مۇساجان يۇنۇس، ئادىل يۇسۇپ، ئايگۈل
ھەمدۇللا، مۇرات ئېزىز ........................................................ 85

## نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەر ئەسەرلىرىدىن

ھېرمان ھېسسى شېئىرلىرىدىن ............... ئابدۇقادىر جالالىدىن تەرجىمىسى 55

## دۇنيا شېئىرىيىتىدىكى يېڭى نەمۇنىلەر

لاۋرېنس شېئىرلىرىدىن ........................................ 65

## مەشھۇر ئەسەرلەردىن بەھرىلەر

باغچىدىكى ئارتۇق كۆلەڭگە (ھېكايە) ........... كورتازار 82

## تەرمىلەر

تەرمىلەر ........................................ 108

## ئەدەبىي ئۇچۇرلار

ئەدەبىي ئۇچۇرلار ........................................ 110

مۇقاۋا 1 ـ بەتتە : قىز      ھىسامىدىن ھاجى فوتوسى

باش مۇھەررىر : ھەبىبۇللا رەقىپ
مەسئۇل مۇھەررىر : پولات ھېۋزۇللا
مۇھەررىرلەر : ئەركىن نۇر، سەنەۋەر ئۆمەر، ئالىم خالىدىن
مەسئۇل كوررېكتور : خەلچەم ئابلىمىت

# « سۈجۈلۈق » لار

(ئەدەبىي ئاخبارات)

### ياڭ شۇسۇڭ

(بىشى ئۆتكەن ساندا)

## شۇ جىنكاڭ ئامىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمىدى

1990 – يىلى سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 26 مىليون يۈەنگە، پايدا 4 مىليون 800 مىليون يۈەنگە، ساپ پايدا 2 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1991 – يىلى سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 51 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە، پايدا 8 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدا 4 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇ يىل 1 -ئايدىن 4 -ئايغىچە ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئۆتكەن يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 78.8% ، 96.09% ، 94.78% ئاشتى. ئەڭ ئېھتىياتچان مۆلچەر بويىچە قارىغاندىمۇ بۇ يىل ئۆتكەن يىلدىكىدىن بىر ھەسسە ئاشىدىكەن.

ئۈچ يىلدا ئۈچ چوڭ قەدەم بېسىلدى. ئۈچ يىلدا ئۈچ قاتلاندى. سۈنئىي ھەمرا كەنتىدە ئەڭ ئاز دېگەندە 50 مىڭ يۈەن پۇلى بارلار ئون مىڭ يۈەنلىك ئائىلە دېگەن ئاتاققا ئېرىشىش سالاھىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. نەچچە يۈز مىڭ، مىليون يۈەنلىك ئائىلىلەر خېلىلا كۆپ. شۇ جىنكاڭ ھەقىقەتەن ئۇغۇل بالىدەك ئىش قىلدى.

## ئۈچىنچى شەخس: قەيسەر ھەم مۇلايىم جۇ ۋېنجۈەن

1985 -يىلى يازدا لىلى بازارلىق پارتكوم ئادەم ئەۋەتىپ جۇ ۋېنجۈەننى چاقىرتىپ ئۇنىڭغا چاكىشىن سۇلياۋ زاۋۇتىنىڭ زاۋۇت باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشنى ئېيتتى.

ئۇ ئون كۈن ئىشخانىغا كەلمىدى. ئون كۈن ئوچۇقراق سۆزمۇ قىلمىدى. يېزا قىزى « گاچا ...ز » غا ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ سۆزلىمەسلىكى مەلۇم كىشىلەرنى ساراسىمىگە سېلىپ قويدى. ...ۋ تۆمۈر قىز (ئەمەلىيەتتە ئۇ خېلى ياشقا كىرىپ قالغان بولۇپ نەۋرە يۈزى كۆرەي دەپ ...لغاندى). ئون كۈندىن كېيىن ئۇ ئىشچى - خىزمەتچىلەر يىغىنى ئېچىپ مۇنداق نۇتۇق بايان ...لدى:

— دېھقان ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىشنى ئويلايدۇ. زاۋۇت قۇرغۇچى مەھسۇلاتىنىڭ بازار ...يشنى ئارزۇ قىلىدۇ. مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان. دېھقان ...گەن راست سۆزلەيدۇ. ئوتۇن كۆپ بولسا ئوتمۇ ئۇلۇغ كۆيىدۇ. سەن بىرقانچە تال بۇرما مىخ ...ساڭ، ئۇ بىر نەچچە پارچە قاراماي قەغەز ئېلىۋالسا، ھەرقانچە چوڭ زاۋۇتمۇ قۇرۇۋېلىنىپ

قالدۇ. ماشىننى قۇرۇق ماڭدۇرۇپ قويۇپ قارتا ئويناىمىز، كارتون قەغەزنى يىرتىپ ئۈستىدە ئۇخلايمىز. ئەگەر بىر ئادەم ئۇخلىغاندا ئۈچ دانە قەغەز يەشىكنى چۇۋۇسا، ئۇنىڭ بىرسى ئىككى يېرىم يۈەن، ئۈچى يەتتە يېرىم يۈەن. بۇ، يىزىلىق موماينىڭ بىر ئايلىق تاماق پۇلىغا باراۋەر . بىز دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادچانلىقتىن ئىبارەت ياخشى ئەنئەنىمىز بار. نېمە ئۈچۈن ئىقتىساد قىلمىز؟ مەقسەت ئۆي سېلىش، خوتۇن ئېلىش، راھەت-پاراغەتلىك تۇرمۇش كۆچۈرۈش ئۈچۈنغۇ. مەن ئەلۋەتتە كۆپچىلىكنى يەنە بۇرۇنقىدەك نامرات تۇرمۇش كۆچۈرسۇن دېمەيمەن. زاۋۇت كۆپچىلىكنىڭ، مەن زاۋۇت باشلىقى، خوجايىن ئەمەس. ئادەم تىرىشچان، ئىقتىسادچان بولسا زاۋۇت بېيىيدۇ. ھورۇن بولسا زاۋۇتمۇ نامراتلىشىدۇ. ياخشى كۈن ئېلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن تېجەپ-تەرەك كۈن ئۆتكۈزۈشىمىز، زاۋۇتنى ئۆز ئۆيىمىزدەك ئاسرىشىمىز كېرەك.

— قائىدە-تۈزۈمسىز بىرلىك بولمايدۇ. زاۋۇتنىڭ تۈزۈمىنى بېكىتىپ شەرتسىز ھالدا شۇ بويىچە ئىش قىلىشىمىز كېرەك...

يەنە چاۋاك ياگرىدى. مۇۋاپىق بېرىلگەن تەنقىد يەنىلا ئالقىشقا ئېرىشەلەيدۇ.

بېيجىڭغا قاراپ ماڭغان پويىز. پويىز دېرىزىسىدىن قارىغاندا ئىككى تەرەپتىكى دالىدا دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش ھالىتى كۆرگە چېلىقاتتى. بۇ گويا سادىدا، مۆمىن يولدىشىنىڭ تەر ئاققۇزۇپ ھۆددىگە بېرىلگەن بىرقانچە مو ئېتىزدا ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇنىڭ كۆزىگە ياش كەلدى. ئون-يىگىرمە يىل جەريانىدا ئۇنىڭ پۈتۈن جىسمى ۋە روھى دېھقانچىلىق بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلانغانىدى. بۇ بىر قانچە يىل مابەينىدە بولسا يەنە سانائەت ئۇنىڭ روھىغا بېسىپ كىردى. يىگىرمە نەچچە يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان يولدىشى ئائىلە ۋە ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئۈستىگە ئالدى. ئەر بىلەن خوتۇن ئورنىنىڭ بۇنداق ئۆزۈن مەزگىل ئالمىشىپ قېلىۋېرىشى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ ئائىلە تۇرمۇشى بىر قەۋەت نېپىز پەرىشانلىق پەردىسى بىلەن قاپلاندى.

ئاياللارنىڭ يېرىمى ئەرگە، يېرىمى كەسىپكە مەنسۇپ.

## تۆمۈر قىزنىڭ «يۈمشاق» گۆمپىسى

ئۇ شەرق-شىمالغا يېتىپ كېلىپ پويىزدىن چۈشكەندىن كېيىن يەنە ئاپتوبۇسقا چىقتى
ئاخىرى بىر چوڭ زاۋۇتنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇ تونۇشتۇرۇش خېتىنى كۆرسەتتى. يېزىنىڭ
يۇمۇلاق تامغىسى ۋە ناتونۇش چىراي. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بىر چوڭ زاۋۇت. ئۇ يېزا-بازار
كارخانىسىنى كۆزگە ئىلىپمۇ قويمىدى. جۇ ۋېنجۈەن سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىسىمۇ رەنجىمىدى
جىددىيلەشمىدى، ۋايسىمىدى، يەنىلا قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈپ تۇردى.

خام ئەشيا! خام ئەشيا! خام ئەشيا بولمىسا بىرقانچە يۈز ئىشچى ئىشسىز قالاتتى. ئىشسى
قالدى دېگەنلىك ئاچ قالدى دېگەن سۆز. ئۇ ئەنە شۇنداق يېپىدىن يىڭنىسىغىچە ئىنچىك
چۈشەندۈردى. ئاياللار مۇلايىملىقى ۋە سادىقلىقى بىلەن ئادەمنى ئاسانلا ئىشەندۈرەلەيدۇ
ئاخىرى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بۇ چوڭ زاۋۇت بۇ بىچارە يېزا-بازار كارخانىسىغا ئىشەنچ قولىن
سۇندى.

خام ئەشيا بار بولدى. ئەمدى ئۇنى يۆتكەپ كېتىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ۋاگون بولم
بولمايتتى. بۇ يەردە ئۇنى ھېچكىم تونۇمىسا خەق ئۇنىڭغا بىكاردىن ۋاگون تېپىپ بېرەمتى، قاند

قىلىش كېرەك؟ تۇمۇر قىز يەنە «يۇمشاق» گومپىسنى ئىشلەتتى. ئۇ ياخشى گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلدى. تاماكا تۇتتى. ئالدى بىلەن ئىستانسا باشلىقىنى تاپتى. ئىستانسا باشلىقى باش لىگىشتىقاندىن كېيىن پىلان بۆلۈمگە باردى. پىلان بۆلۈمى قوشۇلغاندىن كېيىن يەنە دېسپېتچېر بۆلۈمگە باردى...

مال قاچىلانغان ۋاگون قوزغالدى، جۇ ۋېنجۈەن ئۇلۇق-كىچىك تىنىدى، ئۇنىڭ قەلبىنى مۇرەككەپ ھېسسىيات چىرمىۋالغانىدى. بۇ مىنۇتلاردا يىغلاشمۇ، كۈلۈشمۇ ئازلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ پەقەت راسا بىر يىغلاپ كۆڭلى-كۆكسىنى بوشىتىۋالغۇسىلا كېلەتتى...

## تۆتىنچى قىسقا كۆرۈنۈش: تور پادىشاھى

زۇ باۋرۇ ئېگىز بوي، بېجىرىم، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان ئوتتۇرا ياشلىق كىشى. ئۇ تاقىلىپ قېلىش ئالدىدا تۇرغان بىر كىچىك زاۋۇتنى مەملىكەت بويىچە شامالدۇرغۇچ تورى ئىشلەپچىقىرىشتا مەھسۇلات مىقدارى ئەڭ يۇقىرى بولغان يىلدا 2 مىليون 500 مىڭنى ئىشلەپچىقىرىدىغان، يەنى مەملىكەت مەھسۇلات مىقدارىنىڭ بەشتەن بىرىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدىغان كارخانا چولپىنىغا ئايلاندۇردى. بۇ «شامالدۇرغۇچ تورى ئىشلەپچىقىرىش ماھىرى» پەخىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دەپ چاكارلىدى: «ۋېيشىدا يىللىق كىرىمى 5 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن بولغانلار نامراتلارنى «يۆلەش» ئوبيېكتىدۇر...

## تۆتىنچى شەخس: كىتاب يېزىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان يۈەن چېنپىڭ

ئۇنىڭ قىممىتى 1 مىليون 200 مىڭ يۈەنلىك «لىنكولىن» ماركىلىق ماشىنىسى بار.

ئۇ ئالىي مەكتەپ تەرىپىدىن پروفېسسورلۇققا تەكلىپ قىلىنغان تۇنجى يېزا-بازار كارخانىسىنىڭ باشلىقى. ئۇ يەنە يېزا-بازار كارخانىلىرى ئىچىدە تۇنجى قېتىم مەخسۇس ئەسەر ئېلان قىلغۇچى. كىتابىنىڭ ئىسمى «ئوتتۇرا-كىچىك كارخانىلارنى باشقۇرۇش ھەققىدە يۈز مۇلاھىزە» بولۇپ 145 مىڭ خەت. 1990- يىلى شاڭخەي خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. تۇنجى نەشرىدىلا 15000 بېسىلىپ تېزلا سېتىلىپ بولغان. مانا بۇ ئۈچ «تۇنجى» مېنى ئۇنىڭ بىلەن تېزرەك كۆرۈشۈشكە ئالدىراتتى.

ئۇ «مەشھۇر شەخس» ئىدى. مەشھۇر شەخسلەرنىڭ كۆنى تەس. كۆندە دېگۈدەك يوقلاپ، ئىش بىلەن ئىزدەپ، زىيارەت قىلىپ كەلگۈچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ.

ئۇنىڭ مۇشۇنداق شارائىتتا يەنە ئۆز كارخانىسىنى ياخشى باشقۇرۇپ كېتەلىشى مېنى ئەجەبلەندۈردى. ئۇنىڭ چەت ئەللەر بىلەن شېرىكلەشكەن كارخانىسى، باشقا شەھەرلەر بىلەن بىرلىشىپ قۇرغان زاۋۇتى بار. ئۆتكەن يىلى مەھسۇلات مىقدارى 20 مىليون يۈەنگە، ساپ پايدا 1 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. بۇ يىل 1-ئايدىن 6-ئايغىچە بولغان يېرىم يىللىق مەھسۇلات ئۆتكەن بىر يىللىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ بىر ھەسسىسىگە باراۋەر بولغان.

### ئىگىلىك تىكلەش دېھقانلار قوزغىلىڭى ئەمەس

بۇ زاۋۇت ئەسلىدە سېمونت مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىراتتى، بازىرى ئىتتىك بولغان بىر يىلى 370 مىڭ يۈەن پايدىمۇ تاپقان. بىراق بۇ پۇللارنى يەپ-ئىچىپ، ئىشلىتىپ ياكى تارقىتىپ تۈگەتتى.

چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىپ، بۈگۈننى ئويلاپ ئەتىنى ئويلىمىدى. نەتىجىدە 130 مىڭ يۈەن مۇقىم مەبلەغقە ئىگە بۇ كارخانا 150 مىڭ يۈەن قەرزگە بوغۇلۇپ تاقىلىپ قېلىشقا تاس قالدى، مانا مۇشۇنداق ئەبگا زاۋۇتنى ماڭا تاپشۇردى. مېنىڭچە يېزا-بازار كارخانىلىرى بۈگۈنى چىقىپ ئەتىسى چۈشۈپ ھەر كىم ئۆز سەنىمگە دەسسىسە بۇنىڭ تارىختىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى بىلەن نېمە پەرقى. مىللىي دارامەت ئىدىيىسى بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىشقا بولمايدۇ. ئالدى بىلەن دېھقانلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنىڭ مۇكەممەل ئوبرازىنى تىكلىشى، يەنى كىشىلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىشىمىز كېرەك. ئىشچى-خىزمەتچىلەر زاۋۇتنىڭ خوجايىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىتالايدىغان شارائىت يارىتىپ بېرىش كېرەك. ئاڭلىق ئىدارە قىلىش بىلەن قاتتىق باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش زۆرۈر. «ئاڭلىق ئىدارە» قىلىشنىڭ ئۇسۇلى قانداق؟ مەن ئىقتىسادىي جەھەتتىن جەرىمانە قويمىدىم، بەلكى جەرىمانىنىڭ ئورنىغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن مۇكاپاتلاشنى يولغا قويدۇم. بۇنداق قىلغاننىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىدىن ئاسان ئۆتىدۇ. جەرىمانە قويۇش ئاسان بولغىنى بىلەن، كادىرلارنى ھورۇنلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش سۈپىتىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. مەن يەنە كادىرلارغا جەرىمانە قويۇشنى يولغا قويدۇم.

بۇ زاۋۇتقا يېڭى كەلگەندە، ئالدىنقى رەھبەرلىك بەنزىسى «تۈزەش» نامى بىلەن ئالتە نەپەر خىزمەتچىنى چىقىرىۋەتكەن بولۇپ، يېزا پارتكومى بۇنىڭغا قوشۇلغانىكەن. مەن بۇنى ئاڭلاپ دەرھال بۇنداق قىلىشنى توستۇم.

## كادىرلار ئوبرازىنى ئۆزگەرتىش

مەن خىزمىتىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقىنى ئىشلەتمىدىم، 1983-يىلى يېزىلىق پارتكوم ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى قىسقارتىپ تەرتىپكە سېلىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىنى زاۋۇت كارخانا باشلىقلىرىغا تاپشۇردى. بۇنىڭ بىلەن نورغۇنلىغان زاۋۇت-كارخانا باشلىقلىرى بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ قولىدا مۇشۇنداق «ئېسىل شەمشەر» تۇرغان تۇرۇقلۇق يەنە كىممۇ گەدەنكەشلىك قىلالاتتى؟! بىراق، مەن ئۇنداق قىلمىدىم، بەلكى بۇ ھوقۇقىمنى ئىشلەتمەيدىغانلىقىمنى ئامما ئالدىدا ئوچۇق جاكارلىدىم.

ئەمەلىيەت، قىياسىمنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. مەن ئىشچى-خىزمەتچىلەردىن بىرەرسىنىمۇ خالىغانچە ئىشتىن بوشىتىۋەتمىدىم، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئاۋۋال كادىرلار ئۆز ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئوبرازىنى يېڭىلىشى كېرەك. بىرەر زاۋۇت زاۋۇت باشلىقى ئىچكى دۇنياسىنىڭ كونكرېتلىشىشى.

## ئادەم ئىشلىتىشتە ئۆلۈك ھالدا ئارخىپقىلا قارىماسلىق

كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەشتىن تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىشكە ئۆزگەرتىلدى. ھەر يىلى 12-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن 30-كۈنىگىچە پۈتۈن زاۋۇتتىكى كادىرلار ئۆز خىزمىتىدىن مەلۇمات بېرىدۇ ۋە ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى بېكىتىلىدۇ. بۇ چاغدا بارلىق ئىشچىلارنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى، سېخ مۇدىرى، بۆلۈم باشلىقى، ھەتتا زاۋۇت باشلىقلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى

بولىدۇ. ئەمما ۋەزىيەت تەلەپ قىلغۇچىلاردا چوقۇم مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش، كونكرېت بىر تەزەپ قىلىش ئۇسۇلى بولۇشى كېرەك. ئەگەر تەيىنلەنمەي قالسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئالغا ئىنتىلىش روھى، ئىرادىسى تەقدىرلىنىدۇ.

يەنە بىر مەسىلە، مەن ئادەم ئىشلەتكەندە ئارخىپقىلا قارىمايمەن. ئىككى كىشىنى تەمىنات سودا خادىمى قىلىپ بېكىتكەندىم. پارتكومنىڭ بىر شۇجىسى ئاڭلاپ مېنى ئىزدەپ كېلىپ:

— سەن ئۇلارنىڭ تارىخىنى بىلەمسەن؟ — دېدى. مەن ئۇنىڭغا ياخشى ئورۇن، ياخشى رەھبەر بولسا يامان ئادەممۇ ياخشىغا ئۆزگىرىدۇ. ئەكسىچە بولسا، ياخشى ئادەممۇ ئەسكى بولۇپ كېتىدۇ. ئادەم دېگەن ئۆزگىرىدۇ. بۇرۇنقى خاتالىقلار (ھەتتا جىنايەتلەر) ئۆتمۈشكە تەۋە. ماڭا كېرىكى ھازىر، ئۆتمۈش ئەمەس. بىز ئىدىيىۋى خىزمەتتە ئاستا-ئاستا تەسىر كۆرسىتىشنى، يەلسەپىدە سان ئۆزگىرىشتىن سۈپەت ئۆزگىرىشكە ئۆتۈشنى تەكىتلەيمىز. بىز ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىدىغانلىقىغا ئىشىنىشىمىز كېرەك.

باشقا زاۋۇتلاردىن قوغلىۋېتىلگەن ئۈچ كىشى ۋە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدىن قويۇۋېتىلگەن ئىككى كىشى بىزنىڭ جاڭنەن ئۆلچىگۈچ ئەسۋابى زاۋۇتىغا پاناھ ئىزدەپ كەپتۇ. مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلدىم. بۇلارغا بۇرۇنقى رەھبەرلىك چىقىرىشنى قارار قىلغان ئالتە كىشىنى قوشقاندا جەمئىي 11 بولدى. ئادەمنىڭ ئەمەلىي ئىش-ھەرىكىتى بىردىنبىر ھەمدە ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەم. مانا، مۇشۇ بىرقانچە يىلدىن بۇيان نۇرغۇن كىشىلەر ئەندىشە قىلىۋاتقان 11 كىشىنىڭ ئىپادىسى ياخشى بولۇپ كەلدى. بەزىلىرى ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى.

## بەشىنچى شەخس: ئۈچ مەسلەك چېن كۈيشېڭ

چېن كۈيشېڭ بەس-مۇنازىرە ئۈستىدىكى شەخس.

بۇ ئەدەبىي ئاخباراتتا يېزىلغان شەخسلەرنىڭ ھەممىسى بەس-مۇنازىرە قوزغىغان، مەلۇم كەمچىلىك ھەتتا خاتالىقلارنى سادىر قىلغان، ئەمما شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنىلا ئۆز ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ ئۆز كەسپىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغان كىشىلەر. مانا بۇ سوجۇ ئىقتىسادىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى سۈرئەتتە ئۆرلىشىنىڭ تۈپ سەۋەبى. ھەر دەرىجىلىك ئورگانلار بۇ كىشىلەرنى ئۆز يېنىغا ئېلىپ، چۈشىنىپ قوللاپلا قالماستىن، يەنە ئۇلارنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كۈچلۈك سەركەردىلىرىگە ئايلاندۇرغان.

### دۆلەتمەن خوجايىن

ئۇ ناھايىتى سالاپەتلىك، مەغرۇر كىشى ئىدى.

ئۇ مەن بىلگەن يېزا-بازار كارخانىلىرى ئىچىدىكى ۋاقتىنى ئۆز ئەھۋالىغا ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرغان بىردىنبىر كىشى: ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن ھەم كەچتە خىزمەت قىلىدۇ. «كېچىلىك تۇرمۇش» نى تانسا ئويناش، كارا OK ئېيتىش ۋە باشقا ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. كەچ سائەت نۆلدىن كېيىن گېزىت كۆرىدۇ. بازار ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىدۇ. سائەت ئىككى ئەتراپىدا ئۇخلايدۇ. چۈشتىن بۇرۇنقى پۈتۈن ۋاقتى ئۇخلاش بىلەن ئۆتىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنى ھېچكىم ئويغىتالمايدۇ!

چېن كۈيشېڭنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرى بولمىسىمۇ ئۇنىڭدا ئىلغار مەدەنىيەتلەرنى قوبۇل قىلىشقا ئىنتىلىشتەك كۈچلۈك ئىستەك بار ئىدى. ئۇ ئۆزى ئىنتىلىپلا قالماستىن يەنە بۇ خىل

روھنى ئەمدىلا ئۆتمۈش بىلەن خوشلىشۋاتقان دېھقانلارغىمۇ تاڭاتتى.

بىز ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقتۇق، ئۇنىڭ ئىشخانىسى بىلەن قوبۇلخانىسى بىر بولۇپ، تولىمۇ ياسداق ئىدى. بىر يۈرۈش پالساندىر ياغىچىدىن ياسالغان ئىش ئۇستىلى، ھۆججەت ئىشكاپىنىڭ ئۆزىلا 140 مىڭ يۈەن... ئۇنىڭ ئوبرازى بۇ نەرسىلەر بىلەن پۈتۈنلەي ماسلىشىپ كەلگەنىدى. ئۇ بايلىقنى، شۇنداقلا گۈزەللىكنى سۆيەتتى. ئۇنىڭ چاچلىرىمۇ دائىم ياساقلىق پارقىراق تۇراتتى. سۇس كۆلرەڭ مودا كۆڭلىكىدىن مەمنۇنلۇقتا تولغان جەسۇر، تەمكىن خوجايىنلارغا خاس چىرايى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

## سەبرى قاچىسى يېرىلغاندىن كېيىن

ئۇنىڭ يېتىشىپ چىقىش جەريانىنى كۆرۈپ باقايلى: تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ كاسسىرى بولدى. ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ پارتىيىگە كىردى. ھەربىي سەپتىن قايتقاندىن كېيىن دادۇي پار يە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، گۆڭشې ياشلار دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ باشلىقى، ئىنچىكە پىنتوزا زاۋۇتىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى. كېيىن تاقلىپ قىلىش ئالدىدا تۇرغان پاختا توقۇلما ماللار فابرىكىسىنىڭ مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۇستىگە ئالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سودا ئىپى ۋە جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق بۇ زاۋۇتنى زىيان تارتىشتىن پايدا ئېلىشقا ئۆزگەرتتى. ئەمما يىل ئاخىرىدىكى مۇكاپاتلاشتا بولسا نەتىجە باشقىلارغا مەنسۇپ قىلىۋېتىلدى. ئۇ كۆز ياشلىرى بىلەن بىر پارچە ئىستىپا بېرىش ئىلتىماسى يازدى.

ئەر-ئايال ئىككىيلەن كەينى-كەينىدىن ئىستىپا سورىدى. بۇ ئەينى چاغدا زور خەۋەرگە ئايلاندى: چېن كۈيشېڭ ساراڭ بولۇپتىمۇ؟ «تۆمۈر تاۋاق» تىن ئايرىلىپ قىلىشنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى چېن كۈيشېڭغا ئەلۋەتتە ئايان ئىدى. خېيىم-خەتەرگە يولۇقۇش تۇرغان گەپ، ئەمما خېيىم-خەتەر كۆپىنچە غەلىبە قازىنىشنىڭ سىگنالى بولۇپ قالىدۇ.

15 دوست-بۇرادەر، 15 دېھقاننىڭ ھەر بىرى 10 مىڭ يۈەندىن پۇل يىغىش قىلدى، چېن كۈيشېڭ بەش كىچە-كۈندۈز تەرلەپ-پىشىپ جاپالىق ئىشلەش ئارقىسىدا بەش ئېغىز ئىشخانا پۈتتى، شۇنداق قىلىپ، «تاتلىق قورۇمىلار زاۋۇتى» بىرنەچچە يالاڭ پاچاق دېھقاننىڭ قولى ئارقىلىق دۇنياغا كۆز ئاچتى.

سۇدەك ئېقىپ كېلىۋاتقان پۇل ئالدىدا چېن كۈيشېڭنىڭ كۆزلىرى ئالىچەكمەن بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىدىيىۋى تەييارلىقى كەم ئىدى. ئۇنىڭ ئەسلىدىكى نىيىتى بىر يىلدا «10 مىڭ يۈەنلىك ئائىلە» بولۇپ، خەلقى-ئالەم ئالدىدا يۈزىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈش ئىدى. ھازىرقى ئەھۋالدا «10 مىڭ يۈەنلىك ئائىلە» ئەمەس، بەلكى «100 مىڭ يۈەنلىك ئائىلە»، «مىليونىر» بولۇپ قالدى. ئۇ توساتتىنلا بۇنداق بېيىپ كېتىشنى ئويلىمىغانىدى. ئۇڭاي كەلگەن پۇل قول كۆيدۈرىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ يېزىدىكى قېرىنداشلارنىڭ بېيىي دېسە پۇلى يوق، پۇلى بولسا مېڭىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. شۇڭا ئۇ قورۇما ماللار زاۋۇتىنى ھەقسىزلا كوللېكتىپقا ئۆتكۈزۈپ بەردى ھەمدە بۇ زاۋۇتنى ئۆزىگە ھۆددىگە بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

بىر يىلدىن كېيىن توختام بويىچە 60 مىڭ يۈەن ساپ پايدىنى بۆلۈشتى: يۇقىرىغا تۆت ئۈلۈشىنى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ئىككى ئۈلۈشىنى، زاۋۇت باشلىقى تۆت ئۈلۈشىنى ئالدى. مۇشۇنداق ھېسابلىغاندا چېن كۈيشېڭ 100 مىڭ يۈەنگە ئېرىشتى. چېن كۈيشېڭنىڭ كۆزلىرى يەنە بىر قېتىم ئالىچەكمەن بولۇپ كەتتى. چاڭشۇ شەھىرىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىرى ۋە

مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى كەسكىنلىك بىلەن چىن كۇيشىك 100 مىڭ 65 يۈەن 11 يۆگنى ئېلىشقا تېگىشلىك دەپ قىزىل قەغەزگە ئوراپ ئۇنىڭغا بەردى.

چىن كۇيشىك ئۇنى ئوگۇمۇ-چۇشۇمۇ دەپ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى. ئۇ ناھايىتى تەسرلەندى ھەم خۇشال بولدى!

ھالبۇكى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا كېلىپ قالغان بۇ 100 مىڭ يۈەنگە ئادەتلەنگەن تەپەككۇر ئۇسۇلى تۆپەيلى خەقنىڭ كۆزلىرى قىزاردى: « چىن كۇيشىك دېگەن بەدبەخ بىردىنلا بېيىپ كەتتى، ئۇنىڭغا ئوچۇق-ئاشكارا چېقىلالمىساقمۇ، ئاستىرتتىن گېلىدىن تاماق ئۆتمەيدىغان، كۆزگە ئۇيقۇ كەلمەيدىغان قىلىپ قويمىساق بولمايدۇ» دېگەنلەرمۇ بولدى.

شۇنىڭ بىلەن چىك كۇيشىكنى گۆرۈگە ئېلىۋاپتۇ، دېگەن پاراڭ پۇر كەتتى. ج خ ئىدارىسىنىڭ ماشىنىسى ئۇنىڭ زاۋۇتىغا بارغان كۈنىنىڭ ئەتىسىلا چىن كۇيشىكنىڭ باج ئوغرىلاپتۇ، گازىرنىڭ ئىچىگە زەھەرلىك سىيانىد سېلىپ قويۇپتۇ، چىن كۇيشىك ئاياللار بىلەن ئويناپتۇ، يەنە كېلىپ ئويتىغىنى تېخى ھەربىينىڭ ئايالى ئىكەن، دېگەندەك ئۆسەك گەپلەر تارقاپ كەتتى.

100 مىڭ يۈەننىڭ ئېلىپ كەلگىنى 100 مىڭ خىل پىتنە-ئىغۋا بولدى، يۈز مىڭ خىل پىتنە-ئىغۋا چىن كۇيشىكنى ھالاكەت گىردابىغا ئەكېلىپ قويدى.

كەمبەغەللەر بېيىسا مۇشۇنداق بالاغا قالىدىغان گەپ؟ چىك كۇيشىك گەرچە ئىرادىسىدىن تەۋرەنمەي مەزمۇت تۇرسىمۇ، ئۇنىڭدىكى دەككە-دۈككە ۋە كىرزىس تۇيغۇسى بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى...

شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسى مىڭ جيەن چىن كۇيشىكغا:

— قورقماڭ، ئاساسىي ئېقىمغا قاراڭ، كۆپ ساندىكى كىشىلەر سىزنى قوللىماقتا، ئالغا قاراپ يۈرەكلىك مېڭىۋېرىڭ، — دېدى.

سۇجۇ شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسى گاۋ دېجيك ۋە ئۆلكە باشلىقى گۇ شيۇلەنمۇ ئۇنى رىغبەتلەندۈردى. چىك كۇيشىك مەغرۇرانە قىياپەتتە يەنە بىر يېڭى پەللىگە چىقتى.

ۋەزىيەت چىن كۇيشىكنى ياراتتى.

## مەدەت بېرىش

ھازىر چىن كۇيشىكنىڭ يىمەكلىكلەر زاۋۇتى، ئېلېكتر ماشىنا زاۋۇتى، ئىچىملىك زاۋۇتى، رەڭلىك باسما زاۋۇتى ۋە توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قاتارلىق كارخانىلىرى بار. دەسلەپتە ئۇ 10 مىڭ يۈەن بىلەن ئىش باشلىغان، ھازىر ئۇنىڭ مۇقىم مۈلكىدىن باشقا ئوبوروت قىلىدىغان يەنە 80 مىليون يۈەن پۇلى بار. ئۆتكەن يىلقى سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 120 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئۇنىڭ ساپ پايدىسى 14 مىليون يۈەن بولدى، ئۇنىڭ دەسلەپكى يىللىق قورۇما مەھسۇلاتى 10 مىڭ تونىنا ئىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە بۇ سان پۈتۈن مەملىكەتنىكى قورۇما مەھسۇلاتىنىڭ بەشتىن بىرىنى ئىگىلەيدىكەن. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئۆلكىلەردە قورۇما تارماق زاۋۇتى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا سېتىش ئورنى بار ئىكەن. ئۇ ئۆزى 15 مىليون ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سېلىپ چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىدىن ئۈچنى قۇرۇپتۇ. ئۇ « بۇ بىر كىچىك ئىش، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا مەھسۇلات قىممىتىنى 10 مىلياردقا، ساپ پايدىنى 1 مىلياردقا يەتكۈزىمەن...» دېگەن.

چاڭشۇ شەھىرىنىڭ مالىيە كىرىمىدىن يەرلىككە قالدۇرغان پۇلى ئاران 60 مىليون. دېمەك چېن كۇيشېڭنىڭ قولىدىكى پۇل شەھەر باشلىقىنىڭ قولىدىكىدىنمۇ كۆپ.

## بۇنىڭغا قانداق قاراش كېرەك

مېنىڭچە، بۇ مۇقەررەر، شۇنداقلا چوڭ ياخشى ئىش. ئەگەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئون مىڭدىن يۈز مىڭغىچە كارخانىچىنىڭ قولىدىكى پۇل شەھەر باشلىقىنىڭ قولىدىكى پۇلدىن جىق بولسا، ئۇ هالدا جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشى، ئۈزۈل-كېسىل غەلىبە قىلغان بولىدۇ.

كىشىلەر چاڭشۇ بازىرىدا بۇنداق ھېكايىلەر كۆپ دېسە، چېن كۇيشېڭ بۇ يەردە پىتنە-پاسات كۆپ دەيدۇ. بۇ مۇنداق دېدى: «مەن ئىشلەپ باش كۆتۈرگەن، دەسلىپىدە ھۆكۈمەت قوللىمىدى، بانكا قەرز بەرمىدى، كادىرلار چۈشەنمىدى، ئاما ئىشەنمىدى، بۇلار كاللامنىڭ ئىچى-تېشىنى قوچۇۋەتتى». بىر قېتىم گاۋدېجېڭ مېنى يوقلاپ كەپتۇ، مەن ئۇنىڭغا: «سىياسەتنىڭ دانالىقى، رەھبەرلىكنىڭ ئاقىلانىلىقى، ئۆزۈمنىڭ زېرەكلىكى تۈپەيلىدىن مۇۋەپپەقىيەت قازانغانمەن، ئەگەر بۇ ئۈچىدىن بىرسى كەم بولسا، ئىشىم كۆپۈككە ئايلانغان بولاتتى» دېدىم.

جان تىكىپ پايدا يارىتىپ ئۈچ يىلدىن كېيىن 5 مىلياردتىن ئاشۇرۇپ، چاڭشۇدىكى بىرىنچى يېزا بولىمىز.

ھازىر پۈتۈن يېزىدىكى ئەمگەك كۈچىنىڭ 98 پىرسەنتى كارخانىلارغا كىردى، ئىككى پىرسەنتى ئىككى كىچىك دېھقانچىلىق مەيدانىدا دېھقانچىلىق قىلىدۇ. پۈتۈن يېزىدىكى 45 ياشتىن تۆۋەن ئىشچى-خىزمەتچىنىڭ ستراخۋانىيە سوممىسى بار، ئادەم بېشىغا يىلىغا 900 يۈەن (يىللىق ئۆسۈمى 15 %) تاپشۇرساق، ئون نەچچە يىلدىن كېيىن ئۆسۈمى بىلەن قوشۇلۇپ نەچچە ئون مىڭ يۈەن بولىدۇ، كېيىن بۇ پۇل ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە قالىدۇ. كەنتتىكى ياشانغانلارنى گۈل-گىياھ ئۆستۈرۈش، بېلىق بېقىش ۋە تازىلىق ئىشلىرىغا ئورۇنلاشتۇردۇق، ھەر بىر ئادەم يىلىغا 2500 يۈەن ئالىدۇ. مەن ئۇلارغا، پەقەت سوتسىيالىزملا ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرىدۇ، دېگەننى تونۇتماقچىمەن.

## باشقىلارنىڭ باھاسى

چېن كۇيشېڭنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالغا ئىشەنچىسى كامىل. ئۇ «10 مىليارد پۇل تېپىپ پۈتۈن يېزىدىكى 300 دىن ئارتۇق ئائىلىنىڭ ئۆيىنى پۈتۈنلەي چېقىپ تاشلاپ داچا شەكىللىك ئۆي سېلىپ بېرىمەن، ھەر بىر ئائىلىگە 15 مىڭ يۈەن كەتسە، ھەممىسىگە 45 مىليون كېتىدىكەن! مەن شيامېن، گۇاڭدۇڭ، شېنجېنلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ ئۇ يەرلەردىكى چىرايلىق ئۆزگىچە ئۆيلەرنىڭ نۇسخىسىنى ئەكەلدۈردۈم. ياڭچاۋنى دۇنياغا يۈزلەندۈرىمىز. 250 مو يېرى بىلەن گۇرۇھلار شىركىتى قۇرۇپ ئېچىش رايونى قىلىمىز. قىلغاندىن كېيىن چوڭنى قىلىش كېرەك، ياڭچاۋنى قەدەممۇ قەدەم چاڭشۇنىڭ <ئالاھىدە رايون> ى قىلىمىز» دەيدۇ. ئۇ يەنە ئالىي مەكتەپ ئاچماقچى ئىكەن، ئەگەر ھۆكۈمەت تەستىقلىمىسا پۇلنى ئۆزى چىقىرىپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزى قوبۇل قىلىپ، ئۆزى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدىكەن.

چېن كۇيشېڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى، ئۇ بىر سەھرا باتۇرى، ئەمما يۇقىرىقى «ئۈچ دانا» لىقتا يەنە بىر دانالىقنى قوشۇش كېرەك. ئادەم زېرەك بولۇپ، دانا بولمىسا يەنىلا ئۆز ئۆزىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ.

# ئىككىنچى بۆلۈم چەت ئەللىك

## يەتتىنچى قىسقا كۆرۈنۈش: HALO

سۇجۇ شەھىرى شىچىڭ سارىيى. كاستيۇم-بۇرۇلكىنى قاتۇرۇپ كىيگەن بولسىمۇ ئەمما گالستۇكىنى ئۇچۇشاپ تاقىيالمىغان، پۇتىغا ساپىسىرىق يۇگۇرۇش ئايىغى كىيىۋالغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر دېھقان سارايغا ئۇسسۇپ كىرىپ، قاڭشارلىق، كۆك كۆز بىر چەت ئەللىككە قولىنى قوپال ئەمما ناھايىتى كۆچلۈك ھالدا « Halo ! » دېگىنىچە گېپىنى باشلىدى. بۇ، چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى بىر كارخانىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى.

## سەككىزىنچى قىسقا كۆرۈنۈش: « OK »

— كەچۈرۈڭ ئەپەندى، مەن سىزنى تونۇمايمەن! — ئامېرىكىلىق خوجايىن ئاخىرى ئۇنىڭ تەيسەن ناھىيىسى فۇچاۋ يېزىسى فۇچاۋ كەنتى 7-گۇرۇپپىسىنىڭ پۇقراسى ئىكەنلىكىنى بىلگەندە ئۇنىڭغا قەتئىي ئىشەنمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. ئەمما بۇ دېھقان ئۇنىڭغا يار يېلىمدەك چاپلىشىۋالدى. ئۇ، چەت ئەللىك بىر قېتىمدا پەرۋا قىلمىسا ئىككى قېتىم، ئىككى قېتىمدا پەرۋا قىلمىسا ئۈچ قېتىم، يەنە بولمىسا يەنە قاتىرىدى... ئۇ توت ئايغىچە 20 قېتىم قاتىرىدى! 20-قېتىم بارغان چاغدا چەت ئەللىك سودىگەر: « OK ! » (بولىدۇ!) دېدى. ئۇ جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ خەلقئارا بازارلارغا كىرىش ئۈچۈن شۇنچە كۈچلۈك ئىرادە ۋە غەيرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقمىغانىدى.

سۇجۇدىكى دېھقانلار گۇرۇپپىسى، ئاچقان شېرىكچىلىكتىكى بىرىنچى كارخانا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. بۇ شىركەت ئىشلەپچىقارغان 808 فوتو تالالىق كۋارتس سائەت شاڭخەي شەرقىي جۇڭگو سودا يىغىنىدا زىلزىلە قوزغىدى، شۇنىڭ بىلەن چەت ئەللىك سودىگەر يەنە 20 مىليون خەلق پۇلىنى كۆپەيتتى.

## توققۇزىنچى قىسقا كۆرۈنۈش: ھېلتون

ئۆتكەن يىلى 3- ئاي، ۋۇشەن ناھىيىسى دۇسۇن يېزىسىنىڭ پارتكوم شۇجىسى جۇ كۈنشېڭ تەيۋەنلىك بىر سودىگەرنىڭ شاڭخەي ھېلتون مېھمانخانىسىغا چۈشكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. ئۇ شۇ ھامان ماشىنا بىلەن مېھمانخانىغا بېرىپ سودىگەرنى كاتتا مېھمان قىلغانلىقتىن ئۇ يۈز كېلەلمەي دۇسۇنغا باردى. ئۇ يەرنىڭ مۇھىت شارائىتى ياخشى بولۇپ، بىر پارچە كۆمۈش مەبلەغ سالسا بىر پارچە ئالتۇنغا ئېرىشكىلى بولاتتى. بولۇپمۇ تەيۋەنلىك سودىگەرنى ھەيران قالدۇرغىنى ۋە تەسىرلەندۈرگىنى شۇ بولدىكى، دۇسۇنلۇقلار كېچىچە ئۇخلىماستىن نەق مەيداندىلا شېرىكلىشىش مۇددىئانامىسىنى يېزىپ چىقتى. سودىگەر قايىل بولدى. ئۇ مەبلەغ سالدى. بۇ مۇۋەپپەقىيەت تەيۋەنلىك نۇرغۇن سودىگەرلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. « تەيۋەن سودىگەرلىرى بازىرى » جياڭسۇدا زور بىر خەۋەر بولۇپ قالدى.

## ئونىنچى قىسقا كۆرۈنۈش: بانكوكتىكى «چەت ئەللىكلەر»

1990 - يىلى 5 - ئاي، بانكوكتىكى ئەڭ ھەشەمەتلىك پۇل مۇئامىلە مەركىزىدە بىر نەچچە ياش ناھايىتى خۇشال ھالدا شېرىكلىشىپ ئاچقان بىر كارخانىنىڭ ئىش باشلاش لېنتىسىنى كەسمەكتە ئىدى، بۇنىڭ بىلەن سەھرالىقلارنىڭ گۈزەل ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشتى. تايلاندلىقلار ئۇلارنى «چەت ئەللىكلەر» دەپ ئاتىدى، «چەت ئەللىكلەر»؟ بۇنىڭغا ئادەمنىڭ راستىنلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. نۇرغۇن يىللاردىن بويان جۇڭگولۇقلار پەقەت «يۇرتداش» لا بولالىغان، پىزا - بازار كارخانىسى «يۇرت» دېگەن سۆزنى تېخىمۇ ئاساس قىلاتتى. ئەمما ھازىر يۇشەن بازىرىدا زاۋۇت ئاچقان بىر نەچچە ياش بانكوكقا بېرىپ «چەت ئەللىك» بولۇپ قالدى!

ئەينى چاغدا جياڭسۇدىكى پىزا - بازار كارخانىلىرىدىن چەت ئەلگە چىقىپ زاۋۇت قۇرغانلار يوق بولۇپ، چاڭشۇ پولىپروپىلىن تالاسى زاۋۇتىدىكىلەر بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ يول ئاچقانلار ئىدى.

## ئالتىنچى شەخس: تاشقى پېرېۋوت پادىشاھى شېن چىنەن

شېن چىنەن ئەقلى - تۈزۈك ئادەتتىكىچە، بىلى سەل - پەل ئېگىلگەن. سۇس كۆلرەڭ كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ، قىزىل گالستۇك تاقىۋالغانىدى. چىرايىدىن بىر خىل تېتىكلىك ۋە قىزغىنلىق چىقىپ تۇراتتى.

قارىماققا ئۇ سۆزمەن ئەمەستەك كۆرۈنەتتى. ۋۇجۇدىدىن يېزىلىقلارغا خاس ساددا - سەمىمىيلىك بىلىنىپ تۇراتتى. مانا مۇشۇنداق بۇ ئوبرازنى 1 مىليارد 400 مىليون پېرېۋوت بىلەن باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىش ناھايىتى قىيىن ئىدى.

ئەمما ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرى، مۇۋەپپەقىيەتلىرى، ھەقىقەتەن جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ غۇرۇرىنى نامايان قىلاتتى.

### ئامېرىكىلىق خوجايىنلار ئامالسىز قالدى

بۇ يىل 1 - ئاي، شېن چىنەن تاھىيلىك پارتكوم شۇجىسى بىلەن ئامېرىكىغا باردى. ئۇنىڭ ئەڭ زور تەسىراتى شۇ بولدىكى، ئۇ ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان ساقلىقنى ساقلاشتا ئىشلىتىلىدىغان پەھىيە بۇيۇملىرى ئامېرىكا بازىرىنىڭ % 40 نى ئىگىلىگەن! نۇرغۇن سودىگەرلەر ئۇنى كۆرسىلا ماختاپ: «چىنەن مەھسۇلاتى»، «بازايدۇ» دېيىشتى!

ئۇ ئامېرىكىدىن FDA -تىجارەت كىنىشكىسى ئالغان بىردىنبىر جۇڭگولۇق سودىگەر ئىدى.

1989 - يىلى 10 - ئايدا بۇ كىنىشكىغا ئېرىشكەن شېن چىنەن ھاياجانلانغانلىقىدىن كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى.

بۇ ھالقىلىق بۆسۈشكە مۇيەسسەر بولغان شېن چىنەن بىرئازمۇ بوشىشىپ قالماي يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۇسكۇنىلەر ۋە ئىختىساسلىق خادىملارنى كىرگۈزۈپ، مەھسۇلاتلىرىنىڭ

شۆھرىتىنى ئاشۇرۇپ، ئىمپورت پىرىۋوتى 50 پىرسەنتلىك سۈرئەت بىلەن ئىلگىرىلەپ ماڭدى.

ئۇ بۇنىڭغا تېخى قانائەت ھاسىل قىلمىدى، بۇ ھال ئۇنىڭ بىلەن ئامېرىكىلىق خوجايىن ئارىسىدا توقۇنۇش كەلتۈرۈپ چىقاردى.

بىر قېتىم ئىككىيلەن ئارازلىشىپ قالدى، بۇنىڭغا شىن چىنەنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى باشقا خېرىدارغا ساتقانلىقى سەۋەبچى بولدى. قارشى تەرەپ ناھايىتى خاپا ئىدى. سىزنىڭ زاكازىڭىزنى قاندۇرغاندىن كېيىن باشقىلارغا ساتساق نېمىشقا بولمايدىكەن؟ — دېدى شىن چىنەن.

— بىز شىرىكلەشكەن كارخانا، مەھسۇلاتنى پەقەت بىزگىلا بېرىسىلەر، — دېدى قارشى تەرەپ.

— ئۇنداقتا بىز توختام تۈزۈيلى، بىز ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسنى سىلەر ئېلىڭلار، بولامدۇ؟- دېدى شىن چىنەن. قارشى تەرەپ بېشىنى چايقىدى. شىن چىنەن ئاچچىقتىن ئۆزىنى باسالماي:

— ئەپەندى، بۇ زادىلا ئادىل ئىش بولمىدى، ھەقىقەتەن كېلىشەلمىسەك ئالاقىمىزنى ئۈزۈۋېتەيلى! - دېدى. قارشى تەرەپ ئائىلاج زۇۋان سۈرەلمىدى. چۈنكى، ئۇ چوڭ قۇرۇلۇقتىكى ئۈچ جايغا مەبلەغ سالغان بولۇپ، قالغان ئىككىسىنىڭ ھال-ئوقىتى كۆڭۈلدىكىدەك بولمايۋاتاتتى. ئەكسىنچە شىن چىنەننىڭ مەھسۇلاتىدىن سۈپەت ۋە نام-شۆھرەت جەھەتتە قوسۇر تېپىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئامېرىكىلىق بۇنىڭدىنمۇ قورۇق قالسا باشقا يول تاپالمايتتى...

شىن چىنەن تەكشۈرۈش ئارقىلىق فىلىپپىندىكى بىر شىركەت بىلەن ھەمكارلىشىپ مانىلادا «سۇما» شىركىتى قۇردى. دۆلەت ئىقتىسادىي-سودا مىنىستىرلىكى بۇ تۈرنى تەستىقلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ، ئامېرىكىغا بېرىپ بىر تارماق زاۋۇت قۇرماقچى، ئۆز قولى بىلەن بازارنىڭ «چۈلۈكى» دىن يېتىلمەكچى بولدى.

ئامېرىكىلىق خوجايىن بۇنى بىلگەندىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم ئۇنى ئەدەپلەپ قويماقچى بولدى.

شىن چىنەن قائىدە سۆزلەشتە چىڭ تۇردى:

ئەپەندىم. سىز ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنى ئوبدان چۈشىنىسىز، مەن شىن چىنەن مەملىكىتىڭلارغا كېلىپ زاۋۇت قۇرمىساممۇ باشقىلار قۇرىدۇ. ئۇلارغا سېلىشتۇرغاندا مەن سىزگە نەپ يەتكۈزىمەن. چۈنكى، بىزنىڭ بىر نەچچە يىللىق ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىمىز بار. ئامېرىكىغا بارغاندىن كېيىن مەن غەربىي دېڭىز ساھىلىدا، سىز شەرقىي دېڭىز ساھىلىدا تۇرىسىز، ئۆزئارا بىۋاسىتە توقۇنۇش كېلىپ چىقمايدۇ...

قارشى تەرەپ يەنىلا بىر كۈچلۈك رەقىبنىڭ ئامېرىكا بازارلىرىغا بىۋاسىتە كىرگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ تاپاۋىتىگە تەسىر يېتىشىدىن قورقۇپ، چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ بۇ تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— شىركىتىمىزنىڭ 30% پاي چېكىنى سىلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرەي. بۇنىڭ شەرتى، سىلەر دۆلىتىمىزگە كېلىپ زاۋۇت قۇرمايسىلەر...

— بۇ گەپ ئەمەلىي بولمىدى، خىزمەت كۆرسەتمەي تۇرۇپ مۇكاپات ئېلىشنى خالىمايمىز، مەن سىلەرنىڭ 30% پاي چېكىڭلارنى نېمىشقا بىكارغا ئالغۇدەكمەن؟ — دېدى شىن چىنەن.

ئامېرىكىلىق سودىگەر شىن چىنەندىن نەپ ئېلىشقا كۆزى يەتمىگەندىن كېيىن زەردە بىلەن:

— سەن شىن چىنەن ئوكيان ئاتلاپ ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدا شىركەت قۇرۇپ

ئەپلەشتۈرەلمسەك ۋەيران بولۇپ كېتسەن... — دېدى.
— ئىشەنچىم بولغانلىقتىن شۇنداق قىلدىم، — دېدى شىن چېنەن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

## «شىم تىككۈچىلەر سەركارى» نى «كېچىكتۈرۈپ جازالىغانلار»

شىن چېنەن تەمكىن ۋە ئېغىر-بېسىق بولۇپ، بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق-سوغۇقلار ئۆتكەنىدى. بۇ ئۇنى خەلقئارا بازار رىقابىتىدە يېڭىلمەس ئورۇنغا ئىگە قىلدى. ھەتتا ئامېرىكىلىق كونا سودىگەر جوئېل ئەپەندىمۇ ئۇنى ھېچنىمە قىلالمىدى.

بىز شىن چېنەننىڭ جاپالىق كورەش قىلىپ، ئىگىلىك تىكلەش تارىخىنى ئەسلەپ ئۆتسەك ئارتۇقچە بولماس.

ئۇ 13 يىلدىن ئىلگىرى ئۆيدىكى بىر كىيىم تىكىش ماشىنىسىنى قولتۇقلاپ چىقىپ، ئەينى چاغدىكى «گۇڭشې» نىڭ قول سانائەت كارخانىسى ئاچقان بىر كىيىم-كېچەك زاۋۇتىغا ۋەزىپىگە تەيىنلەنىدى. ئۇ بېلىقچىلارنىڭ ئىككى ئېغىزلىق ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ، قەرز ئالغان 3 مىڭ يۈەنگە 1 مىڭ مېتر جۇڭچاڭبۇ سېتىۋېلىپ ئىشتان تىكتى-دە، ئۇنى چوڭ-كىچىك بازارلاردا ۋە شاڭخەينىڭ خالتا كوچىلىرىدا ۋارقىراپ يۈرۈپ ساتتى. ئۇ چاغدا پۈتۈن مەملىكەتتە كاستۇم-بۇرۇلكا مودا ئىدى. يەنە كېلىپ كۆپ ھاللاردا ھۆكۈمەت پۇلغا ئېلىپ تۆۋەنگە تارقىتىلاتتى.

ئۇنىڭ ئىچى قايىندى، تىرىشىش ئارقىلىق بۇ زاۋۇت «بازار قۇرغان كارخانا» غا كۆتۈرۈلدى. ئۇ پىلانلىق ھالدا ئۆي سالدى، يەنە ناھىيىگە قاتراپ ئايىغىنىڭ چەمى يىرتىلىپ، ئاغزى ئۇپراپ كەتتى. بانكىغا، مالىيە ئىدارىسىگە، تەمىنات-سودا كوپېراتىپىغا بېرىپ 1 مىليون يۈەن قەرز ئالدى. قايتىپ كېلىپ دەرھال ئۆي سالدى. 1984-يىلى 9-ئاينىڭ 10-كۈنى ئىش باشلىنىپ يېرىم يولغا كەلگەندە قۇرۇلۇش ئەترىتىدىكىلەر قېچىپ كەتتى! ئۇلار شىن چېنەننى نامرات، پۇلىمىزنى بېرەلمەسمىكىن دەپ قورقاندى. ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلدى-يۇ، ئۆزىنى بېسىۋالدى. كېچىلەپ لۇشۇيگە بېرىپ باشقا بىر قۇرۇلۇش ئەترىتىنى باشلاپ كەلدى. ئىككىنچى يىلى 5-ئاينىڭ 1-كۈنى قۇرۇلۇش پۈتتى. شۇ چاغدا پۈتۈن ناھىيە ياپونىيىنىڭ كاستۇم-بۇرۇلكا ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىدىن بەشنى كىرگۈزگەن بولۇپ، ئۇ ئەڭ بالدۇر كىرگۈزگەن ھېسابلانسىمۇ، يېرىم يىل ئۆتكەندىن كېيىن بىر لىنىيىنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلمىدى. چۈنكى، گوۋيۈەن ناھايىتى تېزلا ھۆججەت تارقىتىپ: ھەر قانداق تارماق ھەرقانداق باھانا-سەۋەبلەر بىلەن كاستۇم-بۇرۇلكىنى خىزمەت كىيىمى ئورنىدا تارقىتىشقا يول قويۇلمايدۇ، دەپ كۆرسەتكەنىدى. شىن چېنەن يەنە بىر قېتىم «ئاسماندىن يەرگە چۈشۈپ كەتتى»، قىزغىنلىقى سوۋۇدى، ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ ئېگىز بىنادىن سەكرەشنى ئويلىدى!

ئۇ چاغلاردا ئۇ، چەت ئەللىك كاپىتالىستلار ئىچىدە ۋەيران بولسا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدىغانلارنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى. شىن چېنەنمۇ ۋەيران بولدىغۇ؟ ئۇ ئالدىنقى يېرىم يىلدا 200 مىڭ يۈەن زىيان تارتىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىنى تارقىتالمىدى. مەھسۇلاتلىرىنى ساتالمىدى. قەرز ئالغان پۇللىرىنى قايسى يىلى، قايسى ئايدا قايتۇرۇپ بولىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

شىن چېنەن خېلىلا قېرىپ قالغان بولسىمۇ ئۆلۈپ قالمىدى، ئۇ ئاخىرى ھايات-مامات يولىدا تىرىشىپ بەرداشلىق بەردى.

## ئۆزىدىن قوغلاپ زەربە بېرىش ۋە «خۇدا» نىڭ تەسىرلىنىشى

ئۇزۇن ئۆتمەي ناھىيىلىك تاشقى سودا ئىدارىسىنىڭ دېرىكتورى بېيشىغا كېلىپ ئۇنى يوقلاپ، شياڭگاڭلىق ۋاڭ ئەپەندىنىڭ ×× بازاردا ئوپېراتسىيە لۈڭگىسى ئىشلەۋاتقانلىقى، بىر يىل بولسىمۇ سۈپىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلمىگەنلىكى، ۋاڭ ئەپەندىنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرماقچى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بىر ئۇچۇرنى يەتكۈزدى. شېن چىنەن دەرھال بۇ ئۇچۇرنى ئۇقتۇرۇشۇپ ۋاڭ ئەپەندى ۋە ئۆلكىلىك دورىگەرلىك، ساقلىق ساقلاش ئىمپورت-ئېكسپورت شىركىتىنىڭ ئادەملىرىنى چاقىرتىپ كەلدى.

ئۇلار دەرھال سىناق تەرىقىسىدە ئىشقا كىرىشىپلا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ۋاڭ ئەپەندى:

— سىلەرنىڭ بىر ئايلىقىڭلار × جاينىڭ بىر يىللىقىنىڭ سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولدى، — دېدى.

شېن چىنەننىڭ ئىشەنچىسى ئېشىپ، تازا ئىشلەشكە بەل باغلىدى.

دەل مۇشۇ چاغدا تاسادىپىي ئەھۋال يۈز بەردى. ئۆلكىلىك شىركەت ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ۋاڭ ئەپەندىگە بىر ئامېرىكا تېيىنى قوشىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا ۋاڭ ئەپەندى بۇنىڭغا قوشۇلمىدى، ئايىغى چىقماس تالاش-تارتىشلاردىن كېيىن ۋاڭ ئەپەندى پېشىنى قېقىپ خوشلاشمايلا چىقىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش يوققا چىقتى!

تېلېفوننى قويغاندا شېن چىنەننىڭ چىرايىدا قان دىدارى قالمىغانىدى. ئۇ، ۋاڭ ئەپەندى بىلەن ئۆزى يۈزتۇرانە كۆرۈشۈش قارارىغا كەلدى.

ۋاڭ ئەپەندى شياڭگاڭدا ئەمەس ئىدى. تېلېفوندا ئادەم تاپقىلى بولمايتتى.

ئۇ شاڭخەيدىمۇ؟ ئۇ كېچىلەپ شاڭخەيگە بېرىپ دېڭىزدىن يىڭنە ئىزدىگەندەك ھەر بىر چوڭ ساراي-مېھمانخانىلارنىڭ ھەممىسىنى بىر-بىرلەپ ئاختۇردى، ئۇ يوق بولۇپ چىقتى.

ئۇ ۋاڭ ئەپەندىنىڭ خاڭجۇ بىلەن كەسپىي ئالاقىسى بارلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە خاڭجۇغا باردى.

ئۇ يەرگىمۇ بىكار كەلگەن بولۇپ چىقتى، ئۇ ناھايىتى تېزدىن گۇاڭجۇغا باردى. ئۇ گۇاڭجۇدا بارلىق مېھمانخانا-سارايلارنى بىر-بىرلەپ ئىزدەپ يۈرمەستىن، تېلېفون نومۇرى دەپتىرىنى ئېلىپ، ساراي-مېھمانخانىلارنىڭ ھەممىسىگە تېلېفون بېرىپ سۈرۈشتە قىلدى، ۋاڭ ئەپەندى بۇ يەردىمۇ يوق بولۇپ چىقتى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ۋاڭ ئەپەندىنىڭ شياڭگاڭدىكى شىركىتىگە تېلېفون بېرىۋىدى، تېلېفوننى ئالغان خېنىم، ۋاڭ ئەپەندىنىڭ فۇجۇدا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

ئاخىرى ئۇنىڭ نەدە ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. ئۇ يولۇچىلار ئاپتوبۇسىدا يىگىرمە نەچچە سائەت يول يۈرۈپ ئۇيقۇسىراپ كەتتى. ئۇ ئاخىرى تاشقى سودا مېھمانخانىسىنى تاپتى، بىراق يېرىم سائەت ئىلگىرى ۋاڭ ئەپەندىنىڭ بۇ يەردىن كېتىپ قالغانلىقىنى ئۇ نەدىن بىلسۇن؟

ۋاڭ ئەپەندىنىڭ نەدىلىكىنى ئىز بىلمەيتتى، يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك بوشىشىپ كەتكەن شېن چىنەن ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىد بىلەن يەنە شياڭگاڭغا بىۋاستە تېلېفون بەردى. ئۇلار ۋاڭ ئەپەندىنى «شيامېنغا كەتتى» دېدى.

## شيامېن لۇجياڭ مېھمانخانىسى

ئۇيقۇدىن كۆزىنى ئاچالمايۋاتقان ۋاڭ ئەپەندى شېن چىنەننى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ قالغان

ھالدا :

— بۇ يەرنى قانداق تېپىپ كەلدىڭىز؟— دەپ سورىدى .

چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمگەن شىن چىنەن :

— مەن سىزنى تويتوغرا يېرىم ئاي ئىزدىدىم ،— دېدى ھاسراپ-ھۆمۈدەپ .

ۋاڭ ئەپەندى تەسىرلەندى ، ئۇ تولىمۇ پەرىشان ھالغا چۈشۈپ قالغان شىن چىنەننى يانتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ ، تاماققا تەكلىپ قىلدى ، ئۇ :

— گەرچە مەن جياڭسۇ شىركىتى بىلەن توختام تۈزمىسەممۇ ، سىزنىمۇ تاشلاپ قويمايمەن ! — دېدى .

بۇلار بۇرۇنقى ئىشلار ئىدى !

بۈگۈنكى شىن چىنەن « تىرلىيونېر » بولۇپ قالدى ، ئۇ ھازىر يۇرتىنىكى « تۆتىنىڭ بىرى » .

ئۇ يوكسەك غايىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ، مەردانە يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە .

كىيىم-كېچەكتىن سەھىيە بۇيۇملىرى ۋە تەنھەرىكەت سايمانلىرىغىچە ، خاتالىق ، مەغلۇبىيەتتىن مۇۋەپپەقىيەتكىچە ، ئىچكى ئىگىلىكتىن تاشقى ئىگىلىككىچە ، « شىم تىككۈچىلەرنىڭ ئىش بېشى » دىن « تاشقى پىرېۋوت پادىشاھى » غىچە ، « چەت ئەللىك » نى تەكلىپ قىلىپ زاۋۇت قۇرۇشتىن ئۆزى « چەت ئەللىك » بولۇپ چەت ئەلدە شىركەت قۇرغۇچە ، يۈزدە-يۈز سىرتقا يېپىشتىن مەملىكەت ئىچىگە سىڭىشقىچە بولغان جەريانلاردا ، ئادەمنى ئويغا سالىدىغان يەنە قانچىلىغان ئىشلار يۈز بەرمىگەن؟ يېزىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان قانچىلىغان ئىسسىق-سوغۇق ۋە مۇۋەپپەقىيەت-مەغلۇبىيەتلەر بولمىغان؟

## ئون بىرىنچى قىسقا كۆرۈنۈش : 400 مىڭ يۈەننى كۆيدۈرۈۋېتىش

1989 ـ يىلى ۋۇجاڭ توك سىمى كابېل زاۋۇتى 800 مىڭ يۈەن زىيان تارتتى . بۇ بىرلەشمە زاۋۇتنىڭ زاۋۇت باشلىقى ئەمەلدىن قالدى . يېزىدىكىلەر گۇئامىننى تېپىپ بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلدى . ئۇلارنىڭ شەرتى ئېيىغا 20 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىش ئىدى . گۇئامىن ۋارقىرىۋەتتى : « ياق ، 20 مىڭ يۈەن ئەمەس ، 200 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىمەن ! » نەتىجىدە سەككىز ئايدا ئىككى مىليون 500 مىڭ يۈەن پۇل تاپتى ! 1990 ـ يىلى شۇپەت ئۆۋەنلەپ كەتتى ، تەكشۈرۈش ئارقىلىق ھەر مىڭ كابېلنىڭ ئىچىدە بىرنەچچە جۈپى يارامسىز چىقتى . بۇنى ئاڭلىغان يوچىتا ئىدارىسىدىكىلەر ئۇلارنى ئىزدەپ كېلىپ ، « باھاسىنى چۈشۈرۈپ بىزگە سېتىپ بېرىڭلار ، مىڭ جۈپنىڭ ئورنىغا 500 جۈپنى ئىشلەتسەك ھەرگىز مەسىلە كۆرۈلمەيدۇ » دېدى . گۇئامىن ئۇنىمىدى . ئۇ « ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋېتىڭلار ! » دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى . بىر ئېغىز گەپ بىلەن كابېللار ئوچ كېچە-كۈندۈز كۆيدۈرۈلدى . بىر ئېغىز گەپ بىلەن 400 مىڭ يۈەن كۆيدۈرۈۋېتىلدى . پۇل كۆيدۈرۈلدى ، سەھرا پۇرىقى كۆيدۈرۈلدى ، خام خىيال كۆيدۈرۈلدى ، ئەمما غايە تاۋلاپ چىقىلدى : كابېل زاۋۇتىنى باشقۇرۇش پۈتۈنلەي مۇنتىزىملاشتۇرۇلدى ، « دۆلەت ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈلدى » ، بۇنىڭ بىلەن شۇ يىلدىكى 3 مىليون ۋە ئۆتكەن يىلدىكى 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن پايدا قولغا كەلتۈرۈلدى .

## ئون ئىككىنچى قىسقا كۆرۈنۈش: «زەنجىرسىمان باشقۇرۇش»

1987 - يىلى تەن خۇيىيانىڭ بوياقچىلىق زاۋۇتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىلياردلىق ئۆتكەلنى بېسىپ ئۆتتى، تاشقى سودىدىن 20 مىليون يۈەن كىرىم قىلدى. بۇ، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن دېھقاننىڭ داڭق ئوقۇغۇچىلىرىمۇ چۈشىنەلمەيدىغان «زەنجىرسىمان باشقۇرۇش» تەجرىبىسى. بۇ توغرۇلۇق تەپسىلى سۆزلىمەيمىز. پەقەت كىچىككىنە ئىككى كۆرۈنۈشكە دىققەت قىلساقلا كۇپايە: شاڭخەي 9 - باسما زاۋۇتىنىڭ زاۋۇت باشلىقى ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «سىزنىڭ تىجارەت ئۇسۇلىڭىز، باشقۇرۇش سەۋىيىڭىز بىزگە تەھدىت سالماقتا! بۇرادەر، راست گەپ قىلغاندا، باشتا بىز دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار يېزا - بازار كارخانىلىرىغا ياردەم بەرگەنىدۇق. بۇ تاپتا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار سىلەرنىڭ ياردىمىڭلارغا ئېرىشمەكتە.» يەنە بىر چەت ئەللىك سودىگەر ئۇنىڭ زاۋۇتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— تەن ئەپەندى، سىزنىڭ «زەنجىرسىمان باشقۇرۇش» ىڭىز ناھايىتى ئىلمىي ئىكەن، خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە يېتىپتۇ، سىز دۆلىتىمىزگە بېرىپ تەكلىپ قىلىنغان پروفېسسور قاتارىدا مەخسۇس كارخانا باشقۇرۇش نەزەرىيىسى ئاچسىڭىز بولغۇدەك، — دېدى.

## 7 - شەخس: ماھارەتلىك گوزىرەن

سامان تاغار توقۇش لۇجىدىكىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى قوشۇمچە كەسپى. شۇڭا كىشىلەر ئۇلارنى «سامان تاغار كەنتى» دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ قەدىمكى بازار ئىلگىرى ئېچىلمىغان ۋە مۇتەئەسسىپ ئىدى. بىراق، بۇ يىل باھار كۈنلىرىنىڭ بىر كۈنىدىلا لۇجىدا ئۈچ تەرەپ مەبلەغ سالغان ئون كارخانا ئىش باشلىدى.

ئۇ لۇجىدا تۇغۇلغان، جاڭگۇدا يېزىدا ئىشلىگەن. ئۇ دېھقانلارنى بەك ئوبدان چۈشىنەتتى. بىر قېتىم ئوبدان غىزالىنىۋېلىش دېھقانلارنىڭ ئازۇر - ئارمىنى ئىدى.

ئۇ مۇشۇنداق مەدەنىيەت ئاساسىدا 1 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ بىر ئۈزۈم ھارىقى زاۋۇتى قۇردى.

قەدىمكى بازار ھاڭ - تاڭلىقتا چۆمدى. لۇجى بازىرى قالايمىقانلىشىپ، پۈتۈن لۇجى غەزەپلىك قارشىلىقلار بىلەن تولدى: «گوزىرەن دېگەن سولتەك» چوڭ ئىش قىلىمەن دەپ ئەپلەشتۈرەلمىسە، ھەممە دەپنە - دۇنيادىن ئايرىلىپ، شامال توزۇپ يەيدىغان كۈنگە قالىمىز، دېيىشەتتى.

گوزىرەن تەمكىن ھالدا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىشىلەرنى قايىل قىلىشقا تىرىشتى. پايدىلىق بولغان «مەمۇرىي بۇيرۇق» يەنىلا زۆرزۆر، دەپ قارىدى.

— 1 مىليون كىرىم قىلىمىز!

— ئۇنىڭدىن ئېشىپ 5 مىليون كىرىم قىلىمىز!

ئۇلار مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. دېھقانلار ئېڭىدىكى تار دۇنيا ۋە تىلىدىكى يەرلىك شىۋە ئۇلار بىلەن خوشلىشىشقا باشلىدى.

## بېلىق سودىگىرىنى زاۋۇت باشلىقلىقىغا تەكلىپ قىلىش

گوزىرەننىڭ ئىككىنچى قەدىمى قابىلىيەتلىكلەرنى تالالاپ ئىشلىتىش بولدى. 1985-يىلىنىڭ بىر كۈنى ئۇ بېلىق تىجارەتچىسى ياۋ ۋۇگېنى زاۋۇت باشلىقلىقىغا تەكلىپ قىلدى.

ياۋ ۋۇگېن ھەيران بولدى: «بۇ كومپارتىيە شۇجىسى كىشىلەر كۆزىگە ئىلمايدىغان يەككە تىجارەتچىنى قانداقلارچە زاۋۇت باشلىقلىقىغا تەكلىپ قىلىپ قالدىكىنە؟»

گوزىرەن ئۇنىڭغا:

— سىزنىڭ سەييارە تىجارەت قىلىشقا ئېپىڭىز بار، بۇنىڭغا مەن ناھايىتى قايىلمەن، سىز كوللېكتىپ ئۈچۈنمۇ بىر ئۇلۇش كۈچ چىقىرالامسىز-يوق؟ -دەيدۇ.

ياۋ ۋۇگېن تەسىرلەنگەن ھالدا:

پۇلۇم يوق چاغلاردا پۇل تېپىشنى ئويلايتتىم، پۇل تاپقاندىن كېيىن شۇنى چۈشەندىمكى، بۇ دۇنيادا پۇلدىنمۇ مۇھىم نەرسىلەر، پۇلغىمۇ سېتىۋالغىلى بولمايدىغان نەرسىلەر بار ئىكەن... —دېدى.

ياۋ ۋۇگېن دەرھال ۋەزىپىگە ئولتۇردى.

ئۇ، چامادان زاۋۇتىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. شۇ يىلدىكى مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون، 1987-يىلدىكىسى 6 مىليون، 1988-يىلدىكىسى 10 مىليون بولۇپ، 1 مىليون پايدا ياراتتى.

1989-يىلى ياۋ ۋۇگېن پۈتۈن بازار بويىچە جۇڭگو-چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى بىرىنچى كارخانا ئاققۇ چامادان ھەسسىدارلىق شىركىتىنى قۇردى. ئۆتكەن يىلى يەنە 8 مىليون 100 مىڭ دوللار مەبلەغ سېلىپ فۇيى سۇلياۋ ھەسسىدارلىق شىركىتىنى قۇرۇپ ئۆزى باشقارما باشلىقى، قوشۇمچە جۇڭگو تەرەپنىڭ باش دىرېكتورى بولدى.

## ئۇتۇقى بولماسلىق خاتالىق بولىدۇ

ياۋ ۋۇگېن «باش كۆتۈرۈپ» ئەنئەنىۋى يەنى مۇنتىزىم ئادەم ئىشلىتىش كۆز قارىشىنى بۇزۇپ تاشلاپ پۈتۈن بازاردا، بىر خىل زەنجىرسىمان ئىنكاس شەكىللەندۈردى.

1990-يىلى جۇ فۇگېن گوزىرەننى تاپتى — ئىلگىرى گوزىرەن قابىلىيەتلىكلەرنى ئىزدەيتتى. ھازىر قابىلىيەتلىكلەر ئۆزى كېلىدىغان بولدى.

جۇ فۇگېن ئوتتۇزغا تولمىغان بېلىقچى بولۇپ، ياۋ ۋۇگېن بىلەن تەڭ دېمەتلىك ئىدى. ئۇ بېزا ئاچقان زاۋۇتتا تەمىناتچى بولغان، ئاگلىشىمچە بازار قۇرغان توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ ھال-ئوقتى ياخشى بولماپتۇ، ئۇ، گوزىرەننىڭ بەزى ئىشلارنى قېلىپلاشتۇرۇۋالمايدىغانلىقىنى، ئىختىساسلىق كىشىلەرگە مۇھتاج ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنى تېپىپ:

— مەن توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا بىرىپ سىناپ كۆرۈپ باقاي، — دېدى.

— سېنىڭ نېمە بىڭسىڭ بار؟ — دېدى گوزىرەن.

مەن سودا يوللىرىنى ئاچالايمەن، — دېدى ئۇ. بىر نەچچە كۈن ئۆتمەي ئۇ تەمىنات سودىنى كۆتۈرگە ئالىدىغان ئىككى ئادەمنى باشلاپ كەلدى. ئۇ يەنە بىر قېتىم گوزىرەننىڭ ئۆيىگە بېرىپ «توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا بېرىپ قابىلىيىتىمنى كۆرسىتىپ باقاي» دېدى. گوزىرەن

جۇفۇگېننى تامامەن چۈشىنىپ كەتمەيتتى، ئۇ ئويلاپ كۆرۈپ:

— 15 مىڭ يۈەن زاكالەت قويۇڭلار، ئەپلەشتۈرەلىسەڭلار ئۇنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرىمىز، ئەپلەشتۈرەلمىسەڭلار مۇسادىرە قىلىمىز. قانداق، ئىشلەمسىلەر؟ — دېدى.

جۇفۇگېن ئۆزى زاۋۇت باشلىقى بولدى، زاۋۇت بىر يىلدا قەد كۆتۈردى.

بۇلتۇر مەھسۇلات قىممىتى 100 مىليون يۈەن بولغانىدى، بۇ يىل ئۇنى بىر قاتلاپ، 200 مىليون يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتىدىن 100 مىليون يۈەن پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرىمەن! — دېدى.

جۇفۇگېن ئۈچ يىلدا ئۈچ چوڭ قەدەم باستى، ئەمما بەزى زاۋۇتلار پۈتىنى بوغقان موماي يىلاردەك چوڭ قەدەم تاشلىيالمىدى. گوزىرەن بەش قائىدە بېكىتتى، زاۋۇت باشلىقى بىر يىلدا بىر قېتىم تەكلىپ قىلىنىدۇ، ھەر يىلى 12-ئاينىڭ 20-كۈنى زاۋۇت باشلىقى مۇپەتتىشلارنىڭ ئۆزىنى ئېلىپ تاشلاش ياكى قالدۇرۇشنى بەلگىلەيدىغان «قايغۇلۇق ۋە شادلىق» كۈنى بولدى. ئىلگىرى خاتالىق بولمىسىلا ئۇتۇق ھېسابلىناتتى. گوزىرەن «ئۇتۇقى بولماسلىق خاتالىق بولىدۇ، ‹ئەمەلدارلىق› تا ئولتۇرسا ئۆمۈر بويى ئۇنىڭ ئورنى ئۆزگەرمەيدىغان ‹ئەمەلدارلىق› نىڭ نېمە كارايىتى بولسۇن؟! ئۇتۇقى بولماسلىق خاتالىق بولىدىكەن، ئەمەلدىن چۈشۈشى كېرەك. ئۇنى ئەلۋەتتە تەڭ دەرىجىلىك ئورۇنغا يۆتكەشكە بولمايدۇ، زاۋۇت باشلىقى بولالمىسا مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى قىلىش، يەنە ئەپلەشتۈرەلمىسە بۆلۈم باشلىقى قىلىش... مۇشۇنداق كېتىۋېرىش بەزىلەرنىڭ ‹ئەمەلدارلىق› ئىدىيىسىنى كۈچەيتىپ ‹تۆمۈر ئورۇندۇق› باسقۇچىغا يەتكۈزۈپ قويغان، شۇڭا بۇ ئىسلاھاتنى ئېلىپ بېرىش مۇشۇنداق تەسكە توختاۋاتىدۇ!» دېدى.

گوزىرەن ۋايىغا يەتكۈزدى!

زاۋۇت باشلىقلىقىغا سالاھىيىتى توشمىغانلارنىڭ ئىشچى-خىزمەتچى بولۇشقىمۇ سالاھىيىتى توشمايدۇ.

ھەرقانداق يۇقرا ئەمەل تۇتۇش پۇرسىتىگە ئىگە.

ھەر بىر «ئەمەلدار» نىڭ ئارقىسىدا ئەمەلدىن چۈشۈپ كېتىش ۋەھىمىسى ئەگىپ يۈرىدۇ.

گوزىرەننىڭ ئادەم ئىشلىتىش يولى مانا مۇشۇ ئىككى-ئۈچ كەلىمە سۆزدىن ئىبارەت ئىدى.

## ئەڭ مۇھىمى پىكىر يۈرگۈزۈشنى ئۆگىنىۋېلىش

گوزىرەننىڭ مۇھىم نىشانى سىرتقا يۈزلەنگەن ئىگىلىك.

بۇ ئۇنىڭ لۇجىدا باسقان ئۈچىنچى قەدىمى، شۇنداقلا كۆز قاراش جەھەتتىكى بۆسۈش خاراكتېردىكى ئىلگىرىلىشىدۇر.

لۇجىدا قەدىمكى مەسىلىلەر تاشلىنىپ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلىنىپ، پۈتۈن بازاردا گوزىرەننىڭ پىكىر يۈرگۈزۈشى غۇلغۇلا قوزغاۋاتقاندا تۈزەش، تەرتىپكە سېلىش باشلاندى.

گوزىرەن ئۆزى ئۆلگە بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ پىكىر يۈرگۈزۈشى دەرھال ئىككى تەرەپتىن يېڭى يول ئاچتى: بىر تەرەپتىن، «يۇرتداش» لار ئىقتىسادى مۇئەييەن ئاساس ھازىرلىدى، شەرت-شارائىتى بارلار ئۆيلىرىدىن چىقىپ، دۆلەت دەرۋازىسىنى ئېچىپ، خەلقئارا بازارلاردا رىقابەتلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى زورايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسەتنى تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، دۆلەت ئۈچ تەرەپ مەبلەغ سالغان كارخانىغا نىسبەتەن

قولايلىق يارىتىپ بېرىدىغانلىقىنى بايقىدى، ئۇ دەل مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سىرتقا يۈزلىنىش جەھەتتە بۆسۈش ھاسىل قىلدى.

كىچىككىنە بىر لۇجى بۇ يىل 5-ئايغىچە شىېرنكلە شكەن كارخانىدىن 30 نى قۇردى. ئۇنىڭ ئون ئالتىسى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى ھەممىدە ھەممىسى پايدا ئالدى.

قەدىمكى بازار ئېچىلدى. قەدىمكى بازارنى بۇرۇنقىغا سېلىشتۇرغاندا، «يۇرتداشلار» نىڭ ئېپتىدائىي كەنتى «چەت ئەللىكلەر» مەبلەغ سالغان جەنتەتكە ئايلاندى!

• گوزىرەنىڭ مۇكەممەل بىر يۈرۈش پىلانى بار ئىدى.

300 كىلوۋاتلىق ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى يىل بېشىدا ئىش باشلىدى. پاسكىنا سۇلارنى ئۇنىۋېرسال بىر تەرەپ قىلىش پونكىتىغا 6 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى. سۇ زاۋۇتىدىن ئىككىنى (سانائەتكە كېرەكلىك سۇ زاۋۇتى ۋە كوندىلىك تۇرمۇشقا كېرەكلىك سۇ زاۋۇتى) نى قۇردى. مىڭلىغان ئۆيلەرگە ئۆزلىكىدىن كونترول قىلىنىدىغان تېلېفون ئورنىتىلدى، ئىلگىرى ماشىنا بىلەن بىر سائەتتە سۇجوغا بېرىپ تېلېفون بېرىش يېزىدا تۇرۇپ ئۆزۈن يوللۇق تېلېفون ئۇرۇشتىن تېز ئىدى، ھازىر يېزىدىلا بىۋاسىتە ئۇرغىلى بولىدىغان تېلېفون ئورنىتىلدى. بۇ نەقەدەر قولايلىق-ھە!

بۇ يىل 7-ئاينىڭ 2-كۈنى لۇجى يەر يۈزى سۈنئىي ھەمرا ئارقىلىق قوبۇل قىلىش پونكىتى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بازارنىڭ سالغان مەبلىغى 400 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئاسىيا 1-نومۇرلۇق قاتارلىق سۈنئىي ھەمرا تارقاتقان تۆت يۈرۈش تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى قوبۇل قىلالايتتى. بۇ، سۇجودىكى 166 بازارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنچىسى ھېسابلىناتتى.

بەزى چەت ئەللىك سودىگەرلەرنىڭ لۇجىغا كېلىپ، بۇ يەرنىڭ مەبلەغ سېلىش شارائىتى بەك ياخشى ئىكەن، ئادەملىرى چىقىشقاق-مېھرىبان ئىكەن، بۇ يەرگە كەلگەن ئادەمنىڭ كەتكۈسى كەلمەيۋ قالىدىكەن، دېگىنىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

«سۇجۇ شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى خارابىلىق» ھازىر «سۇجۇ شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى باياشات جاي» غا ئۆزگەردى.

# ئۈچىنچى بۆلۈم

## سەككىزىنچى شەخس: پىشقان پىلانى بار لى چۈەنلىن

لى چۈەنلىن كۆزەينەك تاقىغان، زىيالىيلارغا خاس ئوي-پىكىرلىك ئادەم.

لى چۈەنلىن «كۈنشەنىڭ بىر بەنزە ئادىمى ناھايىتى غەيرەتلىك، مەن نېمىشقا بۇ ئاساسىمنى تاشلاپ باشقا ئىش قىلغۇدەكمەن؟» دەيدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن لى چۈەنلىن مۇقىم، تەرتىپلىك ھالدا ئىشلەپ بوگۈنگە كەلدى، «كۈنشەن يولى» نى يەنە بىر بالداقا كۆتۈردى.

ئۆتكەن يىلى ئېچىش رايونىنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 11 مىليارد 67 مىليون يۈەنگە، پايدا باج 13 مىليون يۈەنگە يېتىپ، «دۆلەت تەستىقلىغان» 14 ئېچىش رايونى بىلەن قاتارغا تىزغاندا 5-ئورۇندا تۇردى.

## يېڭى پۇرسەت

جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ پارتكوم شۇجىسى چىن دارېن مۇنداق دەيدۇ: « ئېچىش رايونىنى ياخشى باشقۇرىمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم كۇنشەن يولىدا مېڭىشىمىز كېرەك.»

ئۆلكىلىك پارتكوم، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كۇنشەن ئېچىش رايونى بىلەن گوۋۇيۈەن تەستىقلىغان نەنتۇڭ، ليەنيۈنگاڭ ئېچىش رايونلىرىنىڭ ھەممىسنى ئۆلكىلىك ئۇقتىلىق ئېچىش رايونى قىلىپ بېكىتىپ، بۇلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشنى، بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۇنشەن ئېچىش رايونىنى 20 كۋادرات كىلومېترغا كېڭەيتىشنى قارار قىلدى.

كۇنشەن يولى ئۆزارماقتا، تەرەققىي قىلماقتا، ئۇ يېڭى سەھىپە ئاچماقتا.

دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇزاكىرىسىدىن كېيىن كۆپچىلىك ئەقىل-پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، كۇنشەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئۈچ يېڭى ئۇقتىسىنى چىك تۇتۇشقا بەل باغلىدى. بۇلارنىڭ بىرى كەك كۆلەمدە ئېچىش، ئىككىنچىسى، دۆلەت زېمىنىنى، ئۆي-جايلارنى ھەقلىق سېتىش، ئۈچىنچىسى، ساياھەت كەسپىنى يولغا قويۇش ئىدى.

بۇ ئۈچ ئۇقتا ئۈچ پۇرسەتتىن ئىبارەت.

لى چۈەنلىن ئىشنى ئېچىش رايونىدىن باشلىدى.

كۇنشەننىڭ ئۆز خىراجىتى بىلەن ئېچىش رايونىدا ئىش باشلىشى ئىنتايىن تەسكە توختىدى. 6.8 كۋادرات كىلومېترلىق ئېچىش رايونىغا 2 مىليارد يۈەن خەلق پۇلى خەجلىنىپ، توپتوغرا يەتتە يىل ۋاقىتتا ئاران پۈتتى.

ھازىر ۋەزىيەت ۋە شارائىت ئۆزگەردى. ئەلۋەتتە بۇ سۈرئەت بىلەن ئېچىۋېرىشكە بولمايتتى. ئۇنداق بولمىغاندا قالغان 14 كۋادرات كىلومېتر يەرگە يەنە ئاز دېگەندە يەتتە يىل ۋاقىت كېتەتتى.

## چوقۇم ھەممىسىنى ئېچىش كېرەك

ئېچكى-تاشقى ئاكتىپ ئامىلنى بىرلىكتە تۇتۇش زۆرۈر.

ئەمەلىيەتتە « يۇرتىدا شىلار» مۇ بۇ پۇرسەتنى تۇتماقتا، « چەت ئەللىكلەر» مۇ بۇ پۇرسەتنى تۇتماقتا، شۇنىڭ ئۈچۈن « ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىش» نىڭ پىكرى بىر يەردىن چىقسىلا چەت ئەللىك سودىگەرلەر ئارقا-ئارقىدىن كېلىدۇ، تۈرلەر ئازلىقتىن كۆپلۈككە، كۆلىمى كىچىكلىكتىن چوڭلۇققا، تۆۋەن قاتلامدىن يۇقىرى قاتلامغىچە چوڭقۇرلىشىپ بارىدۇ.

تەيۈەننىڭ نەنزى شىركىتى بۇ ئېچىۋېتىش رايونىدىن 360 مو يەر سېتىۋالدى. بىرىنچى قېتىمدىكى قۇرۇلۇش ئۈچۈن 29 مىليون ئامېرىكا دوللىرى، ئىككىنچى قېتىملىقى ئۈچۈن 50 مىليون ئامېرىكا دوللىرى سەرپ قىلدى.

تەيۈەن ليۇ خې ھەسسىدارلىق شىركىتى ئۆزى يالغۇزلا ئېچىش رايونىدا ماشىنا زاپچاسلىرى تىجارىتى ۋە تويوتا ماشىنىلىرىنى يۇرۇشتۇرۇش كەسپىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن ئۈچىنچى قېتىملىق قۇرۇلۇشقا 89 مىليون ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سالدى. بېنشى بازىرى ئۆز ئالدىغا 12 مىليون دوللار مەبلەغ سالغان بىر تۈر رەسمىي ئىشقا كىرىشتى، مۇشۇ بىر تۈرلا پۈتۈن بازارنىڭ ئىقتىسادىنى ھەرىكەتلەندۈرۈۋەتتى!

يۈشەن بازىرىنىڭ چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى بىر تۈرلا 20 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولدى.

چەت ئەللىك سودىگەرلەر كۆنشەننى چۆشەنگەندىن كېيىن كۆنشەنگە مەبلەغ سېلىشقا تاقتىتاق بولدى.

چەت ئەللىكلەر ئايىغى ئۈزۈلمەستىن كېلىشتى. دۆلىتىمىز سودىگەرلىرىمۇ بەس-بەستە كېلىشتى.

خەلقئارا ستراتېگىيە تەتقىقات مەركىزى «ستراتېگىيە» شۇناسلارغا مەنسۇپ ئىكەن، بۇ بىر پارچە لوق گۆشكە كەم ئالدىدا ئىگە بولسا شۇ پايدا ئالىدۇ، دەپ دەرھال كۆنشەنگە كېلىپ مەبلەغ سېلىشنى باشلىماقچى بولدى.

چەت ئەللىكلەر توختام تېخى پۈتمەستىنلا ئالدىنئالا 10 مىليون يۈەن تاپشۇردى.

دۆلەت ئېنېرگىيە مەنبەسى شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى كۆنشەندىن بىر كۋادرات كىلومېتر يەر ئېلىپ بىر تۇتاش ئېچىشقا كېلىشىم تۈزدى.

شياڭگاڭ خەيىۋ ھەسسىدارلىق شىركىتى دەرھال «ئىككى كۋادرات كىلومېتر يەرنى بىز ئالىمىز» دېدى!

خەيىۋ شىركىتىنىڭ خوجايىنى تەدبىرلىك بولۇپ، بۇ سودىسىنى شياڭگاڭ گېزىتىدە خەۋەر قىلغاندىن كېيىن شىركىتىنىڭ پايچېكى ناھايىتى تېز ئۆسكەن!

ئېچىش رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلماقتا ئىدى.

6-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئېچىش رايونى ئۈچ تەرەپ مەبلەغ سالغان كارخانىدىن 24 نى تەستىقلىغان، توختام بىلەن ئىشلىتىلىدىغان چەت ئەل مەبلىغى 89 مىليون 24 مىڭ دوللارغا يەتكەن. كۆنشەن يولى پۈتۈن شەھەردىكى يۈزمىڭ خەلقنىڭ ئورتاق ئاچقان يولى، كۆنشەن يولى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ مول نەتىجىسى.

بۇ يىل 8-ئاينىڭ ئاخىرى كۆنشەن خەلقى كۈتكەن كۈن ئاخىرى يېتىپ كەلدى. گوۋۇيۈەن رەسمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، كۆنشەننى ئىقتىسادىي-تېخنىكا ئېچىۋېتىش رايونى قىلىشقا قوشۇلدى ھەمدە ئېچىۋېتىش رايونىغا 10 كۋادرات كىلومېتر يەر ئاجرىتىپ بەردى. دېڭىز بويىدىكى ئوچۇق شەھەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي-تېخنىكا ئېچىش رايونلىرىغا قارىتىلغان مۇناسىۋەتلىك ئېتىبار بېرىش سىياستىدىن بەھرىمەن بولۇشقا قوشۇلدى.

كۆنشەن ئېچىش رايونى دۆلەتنىڭ ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ ئۆز يولى بىلەن ئېچىش رايونى بولۇپ، ئۇ دۆلەتنىڭ ئېچىش رايونلىرىنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتتى.

## يۈز چاقىرىملىق ئۇزۇن كوچا

بىر يېتەكچى ئىدىيە، بىر ستراتېگىيىلىك پىكىرنىڭ قانداق ئۇنۇملەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىسىڭىز كېرەك.

پۇدۇڭنى ئېچىش كۆنشەنگە نىسبەتەن ھەم تەھدىت، ھەم ياخشى شارائىت ئىدى. بۇ يىل باھاردا، لى چۈەنلىن ئېچىش رايونىدىكى بىر قىسىم ئادەملەرنى باشلاپ پۇدۇڭغا بېرىپ، كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ، ئەستايىدىل ساۋاق ئېلىپ، ئاكتىپ مۇناسىۋەت باغلىدى.

لى چۈەنلىننى زىيارەت قىلغان كۈنى، بىر خۇش خەۋەر كەلدى: بىر شياڭگاڭلىق سودىگەر بۇ يەردىن 1000 مو يەر ئېلىپ بىراقلا ئېچىشنى قارار قىلىپتۇ.

نەچچە كۈن ئۆتمەي لى چۈەنلىن قاتارلىق ئادەملەر ئامېرىكىغا زىيارەتكە چىقىش سەپىرىدە

شياڭگاڭدىن ئۆتكەندە، بۇ سودىگەر ئۇلارنى تېپىپ 3000 مو يەرنى سېتىۋېلىشقا توختام تۈزگەن.
خۇاچاۋ شاڭخەيگە شۇنداقلا كۇنشەنگە تۇتىشىدۇ، خۇاچاۋنىڭ ئېچىۋېتىلىشى شاڭخەي بىلەن جياڭسۇنى تۇتاشتۇرغان.
ئېھتىمال بىر كۈنى، كۇنشەن شەھىرى بىلەن شاڭخەي شەھىرى تۇتىشىپ يۈز چاقىرىملىق ئۇزۇن بىر كوچا ھاسىل قىلىشىمۇ مۇمكىن.

## تۇشمۇ-تۇشتىن ئېچىش

لى چۈەنلىن تەدبىرلىك ئادەم.
ئۆتكەن يىلى ئۇ ئۇۋا ياساپ «سۇمرۇغ» لارنى جەلپ قىلغان بولسا، بۇ يىل «سۇمرۇغ» لار جەم بولۇشتى. دۆلەتلىك ۋە ئۆلكىلىك مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى بۇ يەرگە مەبلەغ سېلىپ تەربىيىلەش مەركىزى قۇردى، شاڭخەي شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئورگان ئىشلىرى ئىدارىسى يەنە 12 مو ئالتە فۇڭ يەر سېتىۋېلىپ كادىرلار ساناتورىيىسى قۇرماقچى بولغاندا، بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئامېرىكا سودىگەرلىرى يېتىپ كېلىپ، قۇياش نۇرىدا جىلۋىلىنىپ تۇرغان زۇمرەتتەك كۆل سۈيىنى ئوچۇمغا ئالغىنىچە كۈلۈپ تۇرۇپ دەرھاللا ئۆزىنىڭ باچېك شەھىرى بىلەن بىرلىكتە ئارامگاھ كەنتى قۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ چاققان كېلىپ، ياخشى جايغا ئىگە بولغانلىقىدىن خۇشال بولغىنىدىن يەنە بىر چەت ئەللىكنىڭ كېلىپ بىراقلا 6 مىڭ مو يەرنى ئالىدىغانلىقىنى، بۇ ئىشقا بازارلىق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ چىشىنى «بىلەپ» تۇرغىنىنى نەدىن بىلسۇن؟!

## دىيەندۇڭنىڭ ئېچىلىشى تىللاردا داستان

ۋۇكېشۇن قاتارلىقلار چىقىپ يۈرۈپ، سۇجۇ شەھىرى بويىچە تۇنجى گولف توپ مەيدانىنى بەرپا قىلدى. تەيۋەنلىك چىك ئەپەندى بىر نەچچە قېتىم تەكشۈرگەندىن كېيىن، بۇ يەرنىڭ شاڭخەيگە يېقىن، جۇڭچياۋ ئايرودرومىغا 40 مىنۇتلۇقلا يول ئىكەنلىكىنى، يەنە كېلىپ «گۈزەل باغ» ئۇنىڭغا يىراقتىن ماسلىشىپ تۇرىدىغانلىقىنى، بىپايان، ياپپېشىل مەجنۇنتاللىق دىيەنشەن كۆلى چەكسىز سۈزۈك، كۆكۈل ئېچىپ ئۆمۈر ئۇزارتىدىغان ياخشى يەر ئىكەنلىكىنى بايقىدى. شۇنىڭ بىلەن 2100 مو يەر سېتىۋېلىپ، 25 مىليون ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سېلىپ، گولف توپ مەيدانى ياساش قارارىغا كەلدى.
شياڭگاڭلىق ۋاڭ ئەپەندى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا ئالدىراپ-تېنەپ يېتىپ كەلدى. ئۇ، بۇ يەرنى كۆرۈپ قىن-قىنىغا پاتماي: «مۇشۇنداق ئالتۇندەك ئېسىل يەرگە مەن مەبلەغ سالماي كىم سالسۇن؟» دېدى-دە، خاسىيەتلىك بىر كۈننى تاللاپ 6-ئاينىڭ 18-كۈنى، يەنى، مەن لى چۈەنلىننى زىيارەت قىلىشنىڭ ئالدىنقى كۈنى دىيەندۇڭ بىلەن توختام تۈزدى. بىرىنچى قارارلىق سېتىۋېلىنغان يەر 223 مىڭ 697 كۋادرات مېتىر بولۇپ، بەش يىلغىچە 160 مىليون ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سېلىپ، قەسىر-داچا ئاساس قىلىنغان يېزا كۈلۈبى سېلىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنى مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى ھەمدە سودا ئىش بېجىرىش ئەسلىھەلىرىنى ياساش بەلگىلەندى.
تەيۋەنلىك چىن ئەپەندى دىيەندۇڭنى قانداق بىلىپ قالغانىتتىكىن، ئۇمۇ ئالدىراشلىق ئىچىدە

يېتىپ كېلىپ بۇ يەرنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، بۇ ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى بىلدى. ئۇ ئەسلىدە، ياخشى زېمىننىڭ ھەممىسىنى باشقىلار ئالقاچان ئىگىلىۋالغان بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىغان. ئەمما يەنە دىققەت قىلىپ كۆرۈشتىن كۆلى ئوتتۇرىسىدىكى جىنجياجۋاڭدىن ئىبارەت گۆھەردەك بىر پارچە يەرنى تېخى ھېچكىم ئىگىلىۋالماپتۇ. بۇ جىجياجۋاڭ كەنتىنىڭ دائىرىسى بىر نەچچە كىلومېتىر بولۇپ، ئەتراپىنى سۇ ئوراپ تۇراتتى. ئىلگىرى بۇ يەردە قاتناش جەھەتتىكى قولايسىزلىقتىن نامى چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ساياھەتچىلىك نەزەرىدىن قارىغاندا تۆمۈر كەش تېپىشلىقچە ئىزلىسىمۇ تاپقىلى بولمايدىغان ئەڭ ياخشى مەيدان ئىدى! ئۇ بۇ يەرگە مەبلەغ سېلىپ دەم ئېلىش كۆڭۈللىرىنى ئۆتكۈزىدىغان ئورۇن قىلىپ قۇرۇشنى كەسكىن قارار قىلدى. بۇنداقتا جىنجياجۋاڭ كەنتىدىكى بىر نەچچە يۈز ئائىلىنى پۈتۈنلەي كۆچۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. بۇنىڭغا قانچىلىق پۇل كېتەر؟ ئۇ، بۇنىڭغا پىسەنت قىلمىدى، ئاشۇ مەبلەغ بىلەن بازار رايونىغا يېپىشقى، ئۆزگىچە زامانىۋى دېھقانلار داچىسى كەنتى سالدىغان بولدى!

## بەشىنچى باب سۇجۇمۇ يۈرۈشلەشتۈرۈلدى

### ئون ئۈچىنچى قىسقا كۆرۈنۈش: چاڭشۇ

بۇ يىل 5-ئايدا، چاڭشۇ شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جاڭ خاۋ مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: «ئاڭلىشىمىزچە، جاڭجياگاڭ سانائەتتە چاڭشۇدىن ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ، بىزمۇ ئۇخلاپ ياتقىنىمىز يوق، شەھەرنىڭ شىمالىدىكى يېڭى سانائەت رايونىنىڭ قۇرۇلمىسى شەكىللىنىپ بولدى، شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى «سودىگەر چاقىرىش مەيدانى» دەرھال «سودىگەر چاقىرىش شەھىرى» قىلىپ كېڭەيتىپ قۇرۇلدۇ. چاڭشۇ شەھىرىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس ئۈستۈنلۈكى بار، قۇرۇلۇش باشلاش تەستىقلانغان «ئۈچ خىل مەبلەغ» كارخانىلىرى جاڭجياگاڭ، ۋۇشيەن ناھىيىسىدەك كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما ھازىر ئىش باشلاپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەنلىرى 100 دىن ئاشىدۇ، بۇ جەھەتتە ئۆلكە بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرۇۋاتىمىز»، ئەمما ئىچكى جەھەتتە كەسكىن ھالدا: «ۋۇشىغا يېتىشىۋالىمىز، جاڭجياگاڭنى ئارقىدا قالدۇرىمىز!» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى.

### ئون تۆتىنچى قىسقا كۆرۈنۈش: ۋۇجياڭ

5-ئاينىڭ 4-كۈنى ۋۇجياڭ ناھىيىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ شەھەر قىلىپ قۇرۇلدى. ۋۇجياڭ تارىخىنىڭ يېڭى بىر سەھىپىسى ئېچىلدى: كىچىككىنە ئىككى ئىشتىن ۋۇجياڭنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى: بىرى يېزا-بازارلار ئارىيەت ئېلىپ ئىشلىتىۋاتقان 115 پىكاپنىڭ ھەممىسى ئىمپورت قىلىنغان خان تاجى، نىسسان، كىنەز، ئۇچار قاتارلىق پىكاپلاردىن ئىبارەت؛ يەنە بىرى ياپونىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ ئىككى شەھەر باشلىقى كېلىپ تەبرىكلىدى. فرانسىيىدىكى لان شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى:

— ۋۇجياڭ ناھىيىسى شۇنداقلا شەھىرى قۇرۇلغىنىغا 1000 يىل بولۇپتۇ، فرانسىيە بىلەن جۇڭگو خەلقىنىڭ دوستلۇقى 1000 يىل داۋاملاشسۇن، 1000 يىلغا يەنە 1000 يىلى قوشۇلسۇن!
— دېدى. ئۇنىڭ سۆزىگە قىزغىن ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى.

ۋۇجياڭ سىرتقا قارىتىلغان ئىگىلىك بىلەن داڭق چىقارغان. بۇلتۇر تاشقى سودىنىڭ سېتىۋېلىش سوممىسى 2 مىليارد 770 مىليون يۈەن بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ناھىيە (شەھەر) لەر ئىچىدە، تۇنجى قېتىم چېمپىيون بولدى، جياڭسۇدا ئۇدا 10 قېتىم چېمپىيونلۇقنى ئالدى. ۋۇجياڭ تارىخىدىكى ئاخىرقى بىر قارار ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ۋە شەھەرلىك پارتكومنىڭ بىرىنچى قارار شۇجىسى شېن رۇڭفا يېقىملىق، شۇنداقلا پىكرى ئوچۇق، ئىرادىلىك ئادەم بولۇپ، بىز «سىرتقا قارىتىلغان ئىگىلىكنى ‹جان تومۇر› ئىگىلىك سۈپىتىدە تۇتۇپ، ‹11-قېتىملىق چېمپىيونلۇق› نى ئېلىش ئۈچۈن تىرىشىمىز» دەيدۇ.

## ئون بەشىنچى قىسقا كۆرۈنۈش: ۋۇشيەن ناھىيىسى

بەزىلەرنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، ۋۇشيەن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ خۇاڭ جۇندۇ، گۇەن جېڭ، شېن چاڭچۈەن، يۈفۇئەندىن ئىبارەت تۆت شۇجىسىنىڭ ھەممىسى ئاجايىپ ئىقتىدارلىق ئەزىمەتلەر ئىكەن!

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۇلار «تۆت چوڭ قۇرۇلۇش» نى لايىھەلەپ چىقتى ۋە يولغا قويۇشقا باشلىدى:

ناھىيىلىك ھۆكۈمەت سۇجۇ شەھىرىگە ئورۇنلاشقانلىقتىن، پۇت-قولى باغلىنىپ قېلىپ زادىلا بوشىنالمىغانىدى. شۇڭا يېڭى ئورۇن تېپىپ ھەمدە ئېچىپ، بۇ يەردىن كۆچۈپ چىقىش بەلگىلەندى. ئەسلىدىكى پىلان بويىچە 14.2 كۋادرات كىلومېتىر ئېچىش بەلگىلەنگەن بولۇپ، ھازىر 20 كۋادرات كىلومېتىر قىلىپ بېكىتىلدى. «يامۇل» پۈتۈنلەي كۆچۈرۈلدى. سىدۇڭ رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك باشلىنىپ كەتتى.

تەيخۇ چوڭ كۆۋرۈكى. بىپايان تۇمان قاپلاپ تۇرغان كۆلگە 20 چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتا كۆۋرۈك ياساپ، شەرقىي تاغ، غەربىي تاغ ۋە چاڭشا، يېشەن تېغىنى تۇتاشتۇرۇپ، بېكىنمە ھالەتتىكى يالغۇز ئارالنى زامانىۋى مەدەنىيەتكە يۈزلەندۈرۈش، ئېچىۋېتىلگەن شەھەر ئاھالىسىنى ئېپتىدائىي تەبىئەت مەنزىرىسىدىن ھۇزۇرلاندۇرۇش ئۈچۈن 70 مىليون يۈەن پۇل كېتەتتى. پۈتۈن ناھىيىدىكى بارلىق كادىرلار 20 مىليون يۈەن مەبلەغ توپلىدى. زۇڭلى لى پېڭ بېغىشلىما يېزىپ بەردى. بۇ يىل 10-ئايدا كۆۋرۈكنىڭ تۇنجى قوزۇقى قېقىلغۇسى.

ئايرودرومنى ئېچىش. گۇاڭفۇدا دەل-دەرەخلەر كۆپ بولۇپ، «يېشىل»، «غەلىتە»، «قەدىمىي»، «ئاجايىپ» تۆت تۈپ دەرەخ بار، يەنە تېخى بىكار تۇرۇپ قالغان ھەربىي ئايرودروم بار. ۋۇشيەنلىكلەر توغرىدىن توغرا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش سىياسىي بۇسى باش شىتابىغا بېرىپ، بۇ ئايرودرومنى ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە ئېچىشنى قارار قىلدى.

تەيخۇ ئىقتىساد-تېخنىكا ئېچىش رايونى. بۇ، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە ساياھەتچىلىك بىر گەۋدە قىلىنغان، ئىستىقبالى پارلاق، بۈيۈك پىلان ئىدى. ئامېرىكا، ئىسپانىيە، شياڭگاڭ ۋە تەيۋەن تۆت دۆلەتتىكى شىركەتلەر تەيخۇغا كېلىپ كۆرگەندىن كېيىن، ھاياجانلانغانلىقىدىن نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇلار «كۆل ۋە تاغ مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەلكەن، بۇنداق جاينى تاپماق تەس، نەچچە مىليارد ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سېلىنسىمۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ...» دېيىشتى.

## توققۇزىنچى شەخس: «جۇڭگو ئارمىيىسى مارشالى» ۋاڭ مىنشېڭ

### «يۇرتداشلار» سىزلەرگە ئىشىنىمىز.

سۇجۇ — قەدىمكى بىلەن ھازىرقى زامان، «يۇرتداشلار» بىلەن «ياقا يۇرتلۇقلار»، شىمالنىڭ باتۇر-مەردانىلىقى بىلەن جەنۇبنىڭ ئەقىل-پاراسىتى قوشۇلغان جاي.

سۇجۇ شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەت بۇ ماقالىدىن ئۆزىنى قاچۇردى. ئەمما ئۇلار ماقالە يازسا بولىدۇكى، ئۇلارنى باشقىلار يازسا بولمايدۇ. ئۆزلىرىنى يېزىشقا يول قويمايدۇ. پەقەت زاۋۇت باشلىقى، دىرېكتورلار ۋە ناھىيە (شەھەر)، يېزا-بازار كەنتتىكى يولداشلارنىلا يېزىشقا رۇخسەت قىلىدۇ. سۇجۇنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى بىر قەدەر ياخشى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى شۇلار ئۆزلىرى قىلىپ نەتىجە چىقارغان. «ئۇلار» سۇجۇنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن جانىنى پىدا قىلىشقا رازىكى، ھەر قانچە جاپا-مۇشەققەت تارتسىمۇ زارلانمىغان. ھەر قانچە مۇشەققەت چەكسىمۇ «ئاغرىنمايدۇ»، «ئۇۋال بولدى» دېمەيدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟

ئۇلار سىلەرگە ئىشەنگەن، سىلەر ئۇلارنىڭ تۈۋرۈكى، ئۇلارنىڭ ئارقا تېرىكى، ئۇلارنىڭ سىرداش دوستى ئىدىڭلار.

باشقا يەردىن كەلگەن مەلۇم بىر تەشكىلات بۆلۈمى كادىرى مۇنداق دېگەن: «سۇجۇدىكى كارخانىچىلار، قولىدىن ئىش كېلىدىغانلاردىن ئەگەر بىزنىڭ ئۇ يەردە بولىدىغان بولسا، بىرسىمۇ باش كۆتۈرۈپ چىقالمىغان بولاتتى، بىرسىمۇ پۇت تىرەپ تۇرالمايتتى!»

سۇڭ لىيەنگىندىن تارتىپ شىن كويشېڭ، چىن جېڭخۇالارغىچە مۇشۇ ماقالىمىزدا يېزىلغان ھەممە كىشى ئۈستىدە «تالاش-تارتىش» بار بولۇپ، زور كۆپچىلىكى ئۈستىدىن «خەلقتىن كەلگەن خەت-چەكلەر»نى يېزىپ ئەرز قىلىنغان. ئەمما ئۇلار ئاغدۇرۇلۇپ چۈشمەيلا قالماستىن، بەزىلىرى تېخى نەچچە ھەسسىلەپ ئىشەنچكە ئېرىشىپ ئۈستۈرۈلدى. بۇلار، ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ ئىختىساسلىق كىشىلەرنى ئاسراپ دادىل ئىشلەتكەنلىكىڭلاردىن بولغان. شۇڭا، ھېچنېمە بولمىغاندا سىزنى — سۇجۇ شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسى ۋاڭ مىنشېڭنى يېزىش لازىم.

### مۇقىملىق ئىچىدە دادىل ئىلگىرىلەش

چارە-تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كادىرلارنى قانداق ئىشلىتىشنى بىلىش — رەھبەرلەرنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ۋاڭ مىنشېڭ زور بىر تۈركۈم ئىختىساسلىق خادىملارنى ئىشلىتىپ، تەدبىر كۆرۈش جەريانىدىمۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمىدى. بۇ ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى ئىككى ئاساسلىق ئامىل.

1989-يىلدىن 1991-يىلغىچە، ئېلىمىز ئىگىلىكىنى ئوڭشاش، تەرتىپكە سېلىش مەزگىلى بولسىمۇ سۇجۇنىڭ ئىگىلىكى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭدىكى «سىر» شۇ يەردىكى، شەھەرلىك پارتكوم «بىرنى مەركەز قىلىش» نى، ھەر بىر پۇرسەتنىمۇ چىڭ تۇتتى.

پۇرسەت ھامان كېلىدۇ. ئەمما پۇرسەت پەقەت كۈچلۈكلەر ۋە ئەقىللىقلارغىلا مەنسۇپ.

ۋاڭ مىنشېڭنى جۇڭگو يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ پىرى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ ۋۇشى ناھىيىسىدە يېزا-بازار كارخانىلىرىنى ئەڭ بالدۇر جانلىق تۇتقانلىقى ئۈچۈن، ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتىغا

يۆتكىلىپ زەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن جياڭسۇ ئۆلكىسىگە قايتىپ كېلىپ يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولدى. ئاندىن سۇجۇغا يۆتكەلدى.

1990 - يىلى سۇجۇنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى، سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى، مىللىي دارامەت ئالدىنقى يىلدىكىگە قارىغاندا ئايرىم-ئايرىم ھالدا % 14.58 ، % 10.71 ۋە % 10.9 ئاشتى. مانا بۇ ھەقىقىي «ئىگە بولۇش».

## پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ چوڭ قەدەم تاشلاش

1990 - يىلدىكى ئەمەلىيەت ۋاڭ مىنشېڭنى تېخىمۇ يۈرەكلىك قىلۋەتتى، ئۇ 1991 - يىلىنىڭ بېشىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «پەيتنى قولدىن بەرمەي ئاتلىنىش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىمكانىيەت بار تۇرۇپ ئىلگىرىلىمىگەندە، پۈرسەت قولدىن كېتىپ قالىدۇ، يۇقىرى ئۆرلەش پۈرستى تۇرسىمۇ ئۆرلىمىسە جىنايەتكار بولۇپ قالىدۇ.

ۋاڭ مىنشېڭ «مەركەز» دېن ئىبارەت بۇ نۇقتىنى تۇرلۇك شەكىلدە يۇقىرى-تۆۋەن، ئوڭ-سولدىن چىققان خىلمۇ خىل «مەركەز» دېيىلىدىغان يولىيورۇق، گەپ-سۆزلەرنىڭ ھەممىسىگە پىسەنت قىلمىدى.

«مەركەز» ئۆز قولىدا تۇرسا، نېمىدىن قورقۇش؟

يۈز يىلدىن بۇيان ئۇچراپ باقمىغان كەلكۈن ئاپىتى ئالدىدا، ئۇ يەنىلا تەمتىرىمەي بىمالال قوماندانلىق قىلدى.

تەبىئىي ئاپەت تۇپەيلى پۈتۈن شەھەرنىڭ بىۋاسىتە زىيىنى 3 مىليارد يۈەن بولدى. شۇنداقتىمۇ يېزا ئىگىلىكىدىن مول ھوسۇل ئېلىندى. سانائەت زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى!

1991 - يىلى پۈتۈن شەھەردىكى 166 يېزا - بازاردىن 158 نىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 100 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى، 100 مىليون يۈەندىن ئاشۇرغان يېزا، زاۋۇتلار 21 گە، 10 مىليون يۈەندىن ئاشۇرغان زاۋۇت، يېزىلار 958 گە، سودا سېتىۋېلىش سوممىسى 20 مىليون يۈەندىن ئاشقىنى 51 گە يەتتى. بازارلارنىڭ ھەممىسى مەھسۇلات ئېكسپورت قىلىدۇ، بەش يېزا - بازاردىن باشقا ھەممە يېزا - بازارلاردا «ئۈچ خىل مەبلەغ» كارخانىلىرى قۇرۇلدى، ئورۇننىڭ چەت ئەللەر قۇرغان كارخانىسى 12 گە يەتتى.

يېڭى پۈرسەت كەلدى، ئەمدى ئاتلانماي قاچانغىچە كۈتۈپ تۇرىمىز؟

سۇجۇدا ھۇجۇم سىگنالى يەنە چېلىندى، جەڭگە يۈرۈش قىلىش دۇمبىقى ياڭرىدى.

ۋاڭ مىنشېڭ پۈرسەتنى يەنە قولدىن بەرمىدى. ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا، ئۇ شەھەرلىك پارتكومغا ۋەكالىتەن پۈتۈن دۇنياغا مۇنداق دەپ جاكارلىدى:

«8 - بەش يىللىق پىلانىنى ئۈچ يىلدا ئورۇنداپ بولىمىز، 10 يىللىق ئومۇمىي پىلانىنى بەش يىلدا ئىشقا ئاشۇرىمىز، 20 يىلدا ئاسىيادىكى ‹ تۆت كىچىك ئەجدىھا › غا يېتىشىۋالىمىز».

روھ ئۇرغۇماقتا، زېمىن تەۋرىمەكتە، قەدىمكى جەڭ مەيدانىدا تۇغ-ئەلەملەر لەپىلدىمەكتە.

سۇجۇ شەھىرى قايتا باش كۆتۈرمەكتە.

پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئاخباراتچىلار يېغىپ كەتتى.

سۇجۇنى تەشۋىق قىلىش يولىدىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن جامائەت پىكرى دولقۇنىدا ۋاڭ مىنشېڭ بۇرۇنقىدەكلا مېھرىبان چىرايى بىلەن گەپنى سىلىق قىلىپ، تارىخىي خاراكتېرلىك بۆسۈش بولغان

بۇ مۇھىم پەيتتە ، گويا بۆسۇشكە نىسبەتەن مۇناسىۋەتسىز ئادەم، ئۆزى قول تىقىپ ئىشلىگۈچى ئەمەس، ئىشلىگۈچىلەرگە قاراپ تۇرغۇچىغا ئوخشاپ قالدى.

چۈنكى ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ خىزمەت يىغىنى «ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش ھەققىدىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا قارار» چىقىرىپ، سۇشىجاڭ رايونىغا كۆپرەك ئېتىبار قىلىش سىياسەتلىرىنى بەردى. جۈملىدىن سۇجۇ بەھرىمەن بولىدىغان ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى تېخىمۇ كۆپرەك بولدى...

كۆپ ئېتىبار بېرىش، تېخىمۇ زور بېسىمدىن دېرەك بېرەتتى.

تېخىمۇ چوڭ بېسىم ئۇنىڭدا تېخىمۇ زور جاسارەت، تېخىمۇ زور شىجائەت ۋە پاراسەت بولۇشنى، ئۇنىڭ تېخىمۇ چوڭ قەدەم تاشلىشىنى تەلەپ قىلاتتى.

ئەمدى ئاتلانماي، قانچانغىچە كۈتۈپ تۇرىدۇ؟

ۋاڭ مىنشېڭ كۆرەڭلەپ قويدى، بىر تال پولات قەلەم ئىختىيارسىز ھالدا بىر پارچە ئاق قەغەزگە بىرنېمىلەرنى سىزاتتى. سۇجۇدا شىر تېغى بار. شىر تېغىدىكى چوڭ كۆۋرۈك قەدىمكى شەھەر بىلەن يېڭى رايوننى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. سۇجۇ ھەيۋەتلىك بىر شىر. ئەگەر ئۇ ئەينى يىللاردا بىر كۆزىنىلا ئاچقان دېيىلسە ، ئەمدى ئۇ ئىككىلا كۆزىنى ئاچتى.

ئۇ، 10 يىلدا يەنە بىر سۇجۇ شەھىرى بەرپا قىلماقچى،20 يىلدا ئاسىيادىكى «تۆت ئەجدىھا» نى يېتىشىۋالماقچى. ئاخىرقى ھېسابتا بۇمۇ بىر «ئەجدىھا» بولىدۇ!

## خاتىمە

### بىرىنچى: يېزىلار ئارقىلىق شەھەرنى مۇھاسىرە قىلىش

جۇڭگودا 800 مىليون دېھقان بار. جۇڭگو — دېھقانلارنىڭ بىپايان دېڭىزى. كىمكى دېھقانلارنى چۈشەنسە ۋە قولغا كەلتۈرسە ،شۇ تەشەببۇسكارلىقنى تۇتۇپ تۇرالايدۇ ،كىمكى دېھقانلار مەسىلىسىنى ھەل قىلالىسا جۇڭگونىڭ مەسىلىلىرىنىمۇ ئاسان ھەل قىلغان بولىدۇ.

جۇڭگو كومپارتىيىسى دېھقانلارنى چۈشىنىپ، يېزىلار ئارقىلىق شەھەرلەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرگەن.

1979 - يىلى، جۇڭگو ئالدى بىلەن يېزىلاردا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىشنى يولغا قويدى. يېزا ئىقتىسادىي ئىسلاھاتى تېزلا ئەمەلىي ئۈنۈم بەردى ھەمدە شەھەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا شىددەتلىك تەسىر كۆرسەتتى. ئادەت بويىچە بۇنى ئىككىنچى قېتىم يېزىلار ئارقىلىق شەھەرلەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىش دەپ ئاتىدۇق.

يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ قەد كۆتۈرۈشى ئارقىسىدا، تۈركۈم - تۈركۈم «لى شياڭيائڭ» لار شەھەرگە كىردى، چەت ئەللەرگە چىقتى. ئىقتىسادتىن ئىدىيىگىچە قەدەممۇ - قەدەم قىستاپ كەلدى ھەمدە دۆلەت ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى غايەت زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى، شۇنداقلا ئۇلارغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى. بۇ، ئۈچىنچى قېتىملىق يېزىلار ئارقىلىق شەھەرلەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىشنىڭ باشلىنىشى بولدى.

مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە ، كېيىنكى ئىككى قېتىملىق ئەمەلىيەتتە بىر قېتىملىق بولۇپ، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش بىلەن يېزا - بازار كارخانىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئايرىلماس ئىچكى

باغلىنىش بار، ئۇ ماھىيەتتە ئوخشاش بىر تارىخي جەرياننىڭ ئىككى قەدەمباسقۇچى. شۇڭا، جۇڭگودا بىرىنچى قېتىملىق يېزىلار ئارقىلىق شەھەرلەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ماۋزېدۇڭ رەھبەرلىكىدە ئورۇندالدى؛ ئىككىنچى قېتىملىق يېزىلار ئارقىلىق شەھەرلەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش دېڭ شياۋپىڭ رەھبەرلىكىدە ئىشقا ئاشۇرۇلدى، دېيىشكە بولىدۇ.

يېزىلار ئارقىلىق شەھەرلەر «مۇھاسىرىگە ئېلىنغان» بولسا، شەھەرلەرمۇ يېزىلارنى «ئىشغال قىلدى».

«لى شياڭياڭ» نىڭ شەھەرگە كىرىپ شەھەردە «تەربىيە ئېلىپ بېرىش» بىلەن بىرگە شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ قايتا تەربىيىسىنى ئېلىشمۇ ئوخشاشلا زۆرۈر ئىدى. زور تۈركۈمدىكى قۇرۇلۇش تېخنىك خادىملىرى، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى-كادىرلار يېزىلارغا بېرىپ، تېخنىكا، ئىگىلىك باشقۇرۇش قاتارلىقلارنى دېھقانلارغا ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېھقانلارنىڭ جاپاغا چىداپ ئىگىلىك تىكلەش، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش روھىنىڭ تەسىرىنىمۇ مۇقەررەر ھالدا قوبۇل قىلدى. بۇ، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئىدىيە قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەرگە مۇستەسناسىز تەسىر كۆرسەتتى، سىڭىپ كىردى ۋە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى. ئىلغارلار قالاقلار ئۈستىدىن، ئىلمي بولغانلىرى نادان، مۇتەئەسسىپلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. شەھەرلەر يېزىلاشتۇرۇلدى. يېزىلار شەھەرلەشتۈرۈلدى، بۇ — تارىخ تەرەققىياتىنىڭ چوڭ يۈزلىنىشى، شۇنداقلا ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭمۇ كەلگۈسى تەلىپى!

## ئىككىنچى: يۇرتداش، سىزگە ئېھتىرام بىلدۈرىمىز

سۇجۇنىڭ يېزا-بازار كارخانىلىرى ئۆزىگە خاس ئۇسۇل ۋە ئەۋزەللىكى ئارقىلىق جۇڭگوچە سوتسيالىزمنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبە بىلەن تەمىنلىدى.

بىرىنچىدىن، سۇجۇنىڭ يېزا-بازار كارخانىلىرى ئاساسلىقى، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ راۋاجلاندۇرۇلغان. ئۇ ئىككى كۆزىنى يۇقىرىغا تىكىپ، دۆلەتكە تايىنىۋالمىدى. دۆلەتمىز تېخى ناھايىتى كەمبەغەل، كەڭ دائىرىدە يۆلەشكە نۇرغۇن پۇل ئاجرىتىپ بېرەلمەيدۇ.

ئىككىنچىدىن، سۇجۇنىڭ يېزا-بازار كارخانىلىرى دۆلەتنىڭ سىياسەتلىرىنى تولۇق ۋە جانلىق پايدىلىنىشقا ماھىر بولدى. ئۇ ئەزەلدىن سىياسەت يول قويغان دائىرىدىن ھالقىپ چىقىپ ئۆز بېشىمچىلىق قىلمىدى، ئەمما ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۆز رايونىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، سىياسەت بەرگەن ئەۋزەللىكلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇردى. يېزا-بازارلاردىكى بەزى كارخانىچىلار مۇنداق دەيدۇ: مەركىزىي كومىتېتنىڭ قىزىل خەتلىك ھۆججەتلىرى قۇرۇقتىن-قۇرۇق ئويلاپ چىقىرىلغان ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەتتىن كەلگەن. بىز يول ئېچىپ «چاكچياڭ دەرياسىدىن ئۆتكەن رازۋېتچىكلار» بولغان بولساقمۇ مەغلۇب بولدۇق، قۇربان بەردۇق، شۇنداقلا كەينىمىزدىن كېلىدىغان چوڭ قوشۇننىڭ يۈرۈش قىلىشى ئۈچۈن قان كېچىپ يول ئېچىپ بەردۇق. بۇنىڭ بولمايدىغان نېمىسى بار؟

بۇ يەردە «بازار ئىگىلىكى» بىلەن «پىلانلىق ئىگىلىك» مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى. «يۇرتداشلار» ئەزەلدىن «پىلان» نىڭ چەكلىشىگە ئۇچراپ باقمىدى. ئىگىلىك تىكلەشكە كىرىشكەندە «باشقىلار قىلىشنى خالىمىغان ئىشلارغا قول تىقىپ، ئۆزىنى تولۇقلىدى».

شۇڭا، كېرەك قىلىنمىغانلارنىڭ ھەممىسنى «ئۆزگە تەئەللۇق» قىلدى. بۇ، بولىدىغان ئىشقۇ؟ ئەمما، «يۇرتداشلار» قانات-قۇيرۇقى يېتىلگەن ھامان بازارغا كىردى ھەممە بۇنىڭ ئەكسىچە ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچى ئارقىلىق «پىلان» نى تەربىيىلىدى. «بازار» مۇتلەق، «پىلان» نىسپى بولدۇ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىمۇ پەسەنت قىلماي، مەردانىلىق بىلەن ئايىغا چىقىپ، ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلىشى كېرەك!

ئۈچىنچىدىن، سۇجۇلۇق «يۇرتداشلار» سوتسىيالىستىك ئورتاق بېيىش يولىدا چىڭ تۇردى، كوللېكتىپ ئىگىلىك بۇ يەردە يەنىلا مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. كەلگۈسىدە قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار ھەقىقەتەن كاپىتالىزم بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، ئەڭ ياخشى تەرەققىيات يولىنى تاپتى، ئۇلار ئەقەللىسى يەككىلەر روناق تاپىدىغان، يەنە تار ئۇششاق دېھقان ئىگىلىكى ئىدىيىسى جان-جەھلى بىلەن ئارقىغا سۆرەيدىغان ئەگرى يولدىن قۇتۇلۇپ قالدى. پۇل تاپقاندا توقال ئېلىپ، تىرىكلەر ئۈچۈن گۆر كولايدىغان ئىش سۇجۇدا تېخى كۆرۈلۈپ باقمىدى. پۇلدار بولغاندا مەبلەغ سېلىش، يەنە راۋاجلاندۇرۇش، يەنە ئۇستۇرۇش سۇجۇلۇق «يۇرتداشلار» نىڭ ئورتاق قارىشى بولۇپ قالدى.

تۆتىنچىدىن، سۇجۇ يېزا ئىگىلىكىنى قۇربان قىلىش ھېسابىغا يېزا-بازار كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرمىدى، بەلكى يەنە «يۇرتداشلار» نى راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئىقتىسادىي كۈچ ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلدى ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈردى. 1991-يىلى سۇجۇ يۈز يىل مابەينىدا مىسلىسىز زور كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىدى. تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان بىر پاكىت شۇكى، چوڭ ئاپەت يۈز بەرگەن يىلدىمۇ زور مول ھوسۇل ئېلىندى. ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 5مىليارد 500مىليون جىڭغا يېتىپ، ئالاھىدە زور مەھسۇلات ئېلىنغان 1990-يىلدىكىدىن ئاران % 3 ئازايدى.

بەشىنچىدىن، «يۇرتداش» پەقەتلا ئاممىباب بىر ئاتالغۇ، يۇقىرىدىكىلەردىنمۇ شۇنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، «يۇرتداشلار» روناق تېپىپ مۇئەييەن باسقۇچقا يەتكەندە، يۇرسەتنى ئاڭلىق، يەلكى ۋاقتىدا چىڭ تۇتۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھوجۇمغا ئۆتۈپ، ستراتېگىيىلىك بۇرۇلۇش ياساپ، ئۆزلىرىنى خەلقئارا چوڭ قايىنامغا ئېتىپ ئاقلانىلىق بىلەن ھەممە ھەقىقىي تۇردە «ئەجنەبىي» لەرگە ئايلاندى.

## بىزنىڭ «يۇرتداشلار» سىلەرگە ئېھتىرام بىلدۈرىمىز!

### ئۈچىنچى: بىرلا «مەركەز» بارلىقنى ئۇنتۇماسلىق

ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، كىمكى «مەركەز» نى ئىگىلىسە، ئۇ تارىخ ئېقىمىغا ماسلىشالايدۇ، تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى ئىگىلىيەلەيدۇ؛ كىمكى بۇ «مەركەز» دىن ئايرىلسا، ئۇنىڭ سېپى قالايمىقانلىشىدۇ؛ كىمكى بۇ «مەركەز» گە قارشى چىقسا، تارىخ ئۇنى ئىرغىتىپ تاشلايدۇ.

بۇ — جۇڭگودىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر پۇرسەت، شۇنداقلا 1 مىليارد 200مىليون كىشىگە كەلگەن ئەڭ ئاخىرقى بىر پۇرسەت.

ھەر قانچە كۈچلۈك بىر مىللەت، ھەر قانچە ئۇلۇغ مەدەنىيەت ئەگەر تارىخىي بۇرۇلۇش پەيتىدە «تېپىلىپ كەتسە» ھالاك بولۇشى، يوقىلىشى مۇمكىن.

سوجو كىشىلەرگە كۆزنى قاماشتۇرىدىغان بىر دۇنيانى بەخش ئەتتى، سوجۇدىكى كادىرلار بىلەن ئامما، شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسى، شەھەر باشلىقىدىن تارتىپ كەنت ئاھالە گۇرۇپپىلىرىنىڭ باشلىقلىرىغىچە ھەممىيلەن «مەكەز» ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ ئۆلىشتى، ھەممەيلەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن ئىغىر يۈكنى زىممىسىگە ئېلىپ ئىلگىرىلىدى، ئۇلار دەۋرگە، تارىخقا مۇناسىپ بولغان مول ۋە ئۇلۇغ تۆھپە ياراتتى ھەم ياراتماقتا.

سوجو دۇنياغا يۈزلەنمەكتە.

بۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرى سوجو بىلەن خاڭجۇنىڭ سانائەت مەھسۇلاتى قىممىتى ئانچە پەرقلەنمەيتتى، ئەمما بۇلتۇر سوجۇنىڭ مەھسۇلات قىممىتى خاڭجۇنىڭكىدىن 20مىليارد يۈەندىن كۆپرەك ئاشتى! ئوخشاشلا، بىر دەريا ئايرىپ تۇرىدىغان نەنتۇڭ ئانچە پەرقلەنمەيدىغان ئوخشاش بىر باشلىنىش نۇقتىسىدا ئىلگىرىلەپ كەلگەنىدى، ھازىر سوجۇنىڭ مەھسۇلات قىممىتى نەنتۇڭنىڭكىدىن 40مىليارد يۈەن كۆپ بولدى!

بۇ — نەزەرىيىچىلەر، ئىقتىسادشۇناسلار، ئەدىبلەر ۋە سىياسىيونلار كۆپلەپ، ئالاھىدە يېزىشقا ئەرزىيدىغان بىر چوڭ تېما.

## تۆتىنچى: «يۇرتداشلار» سىرتماقتىن قۇتۇلدى

سوتسىيالىزم، كاپىتالىزم دېگەن ئاتالغۇلار ھەم سىرلىق، ھەم كىشىنى قورقۇتىدۇ. «يۇرتداشلار» نىڭ بوينىغا قانچىلىغان سىرتماقلار سېلىنغاندۇ! «يۇرتداشلار» نىڭ ئەمەلىيىتى بۇ سىرتماقلارنى ھەم ئەپچىللىك، ھەم قەيسەرلىك بىلەن ئېلىپ تاشلىدى.

گۇاڭدۇڭدىن «كىرگۈزۈلگەن» ئاجايىپ قىزىقارلىق بىر يۇمۇر بار. مەلۇم بىر باشلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەردىن:

— قېنى، ئېيتىپ بېقىڭلار، سوتسىيالىزم ياخشىمۇ، كاپىتالىزم ياخشىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەلۋەتتە سوتسىيالىزم ياخشى. مېنىڭچە ھازىرقى سىياسەت (بىر «مەركەز»!) سوتسىيالىستىك سىياسەت؛ ئەمما ھازىرقى سىياسەتنى كاپىتالىستىك سىياسەت دەپ تۇرۇۋېلىنىدىغان بولسا، مەنمۇ ئەلۋەتتە ياخشىسى: كاپىتالىزم ياخشى، دەيمەن. — دەپتۇ بىرسى.

شۇ تاپتا روزۋېلت زۇڭتۇڭنىڭ بىر ئىشى توساتتىنلا ئېسىمگە كېلىپ قالدى.

بىر كۈنى ياش بىر مۇخبىر پۈتۈن ئوي-پىكرىنى ئىشقا سېلىپ، روزۋېلتنى خىجىل قىلماقچى بولۇپ: «زۇڭتۇڭ جانابلىرى، سىز كوممۇنىزمچىمۇ؟» دەپ سوراپتۇ.

— ئەمەس.

— سىز كاپىتالىستمۇ؟

— ئەمەس.

— ئۇنداقتا سىز سوتسىيالىزمچىمۇ؟

— ئۇنداقمۇ ئەمەس.

مۇشۇنىڭ ئۆزىلا كۇپايە.

«ئىزم» ئۈستىدە توختالمايلى، بولامدۇ؟

«ئىزم» توغرىسىدا، ياكى ئېيتايلى، «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» توغرىسىدا، سوجۇلۇق «يۇرتداشلار» نىڭ يەنە مۇنداق ئىككى يۇمۇرى بار.

مەن بىر قانچە كارخانچى بىلەن سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن مۇشۇ مەسىلىگە بىردەك:

— «تىنچ ئۆگەرتىۋېتىش» كە قارشى تۇرامدۇق-يوق؟ — دېيىشتى.

— قارشى تۇرىمىز.

— ئەمما، ھالقا مەركەزدە.

— مەركىزىي كومىتېت «ئۆزگەرتىۋەتسە»، تۆۋەندىكىلەر ئۆزگەرمەيمەن دېگەن بىلەنمۇ ئۆزگىرىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

— مەركىزىي كومىتېت «ئۆزگەرتىۋەتمىسە»، تۆۋەندىكىلەر ئۆزگەرتىمەن دېگەن بىلەنمۇ ئۆزگىرەلمەيدۇ!

يۇمۇرلارنىڭ يەنە بىرى مۇنداق:

جۇڭگودا 800مىليون دېھقان بار، دېھقانلار قورساق بېقىش (بىر گەپنى قوشۇپ قويای، بەلكى «ھاللىق» بولۇشقا قاراپ مېڭىش) ئۈچۈن، سەن ئۇلارنى ئۆزگەرتىۋېتىمەن دېسەڭمۇ، ئۇلار ئۆزگىرىشكە ئۇنىمايدۇ: دېھقانلار قورساق باقالمىسا، سەن ئۆزگەرتمەيمەن دېسەڭمۇ، ئۇلار ئۆزگىرىدۇ — بۇ پەقەت «تىنچ» ئۆزگىرىش بولۇپلا قالماي، بەلكى «زورلۇق كۈچ بىلەن» ئۆزگىرىشتىنمۇ ساقلانغىلى بولماي قالىدۇ.

يەنىلا ئىقتىساد بىلەن شۇغۇللىنىش كېرەك. چۈنكى، پەقەت بىرلا «مەركەز» بار-دە!

**بەشىنچى: يۇرتداش، سىز دادىل ئىلگىرىلەۋېرىڭ**

ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى ھەممىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىدا جىمىكى ئىشلاردا بەر-جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان ئۆزگىرىش بولىدۇ. ئىلگىرى بولۇپ باقمىغان، بەھرىمەن بولۇش مۇمكىن بولمىغان، ھەتتا خىيالغىمۇ كەلتۈرگىلى بولمايدىغان ئىشلار بولىدۇ. بۇنىڭ ئۆزى ياخشى ئىش. ھازىرقىلار ئۆتمۈشتىكى جاپالىق كۈنلەرنى يەنە «باشتىن كەچۈرۈپ بېقىشى» كېرەكمۇ؟ «مۇشەققەتنى ئەسلەش» كە بولىدۇ، ئەمما قايتىدىن جاپا-مۇشەققەت چېكىشنىڭ ھاجىتى يوق. «قىزىل قوناق گاڭپىنى، كاۋا شورپىسى، بىر كالا بىلەن ئۈچ ئېغىز ۋەيرانە كەپە» ياكى «ئۈچ ئېغىزنى بىرگە ئايلاندۇرۇش، ئۇنىڭغا بىر چىنە قورداق قوشۇش» ئەقەللىسى جەنۇبىي جياڭسۇدا ئاللىقاچان تارىخ بولۇپ قالدى. كوممۇنىستلار ئىلگىرى بۈگۈنكىلەرنىڭ بەخت-سائادەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئۈچۈن ئىسسىق قانلىرىنى ئاققۇزغان، قۇربان بولغان ئەمەسمىدى؟ نېمە ئۈچۈن ئۆتمۈشتىكى تۇرمۇش ئارقىلىق بۈگۈنكىلەرنىڭ دۇنياسىغا توساق پەيدا قىلىمىز؟

پىسخىك تەڭپۇڭلۇق ئىنتايىن مۇھىم. ئالىيجاناب پەزىلەت ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئازاد قىلىدىغان كەڭ قورساقلىقنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېھقانلارنىڭ «ئازاد بولۇشى» چوڭ ياخشى ئىش. ئۇنىڭ ئۈستىگە باللارنىڭ ئاتىلاردىن ئۆتۈپ كېتىشى، بۈگۈنكىلەرنىڭ ئۆتكەنكىلەردىن، كەلگۈسىنىڭ بۈگۈندىن ئېشىپ كېتىشى — ئەلۋەتتە شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك.

سۇجۇدىكى 85 پىرسەنتتىن ئارتۇق «يۇرتداش» لار بىنا ئۆيدە ئولتۇرىدۇ! ئەمما، «يۇرتداش» لارنى قىلچە نۇقسانسىز دېگىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، يەككە ئىگىلىك قاتارلىق باشقا ئىگىلىك تەركىبلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا قانداق ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇلارنى قانداق قىلىپ زور كۈچ بىلەن قوللاش، ئەمگەككە قاراپ ھەق بېرىشنى قانداق قىلىپ ھەقىقىي ئورۇنداش، كادىرلاردىكى «سىم تور قالپاق» نى قانداق قىلىپ ئۈزۈل-كېسىل چۈۋۈپ تاشلاش، ئۇنىڭ

ئۈستىگە تاۋار قارىشىنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىش ئىدىيىسىنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈشى ۋە ھۇجۇم قىلىپ كىرىشىدىن قانداق ساقلىنىش... بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن ئەمەلىي مەسىلە.

ئەمما بۇلار «يۇرتداشلار» نى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ، تېخىمۇ مۇھىمى، بەزىلەرنىڭ «يۇرتداشلار» غا ھۇجۇم قىلىشى ۋە ئۇلارنى ئىنكار قىلىشىنىڭ باھانىسى بولۇپ قالماسلىقى لازىم.

شۇنىڭ ئۈچۈن، شۇنىمۇ ئېيتىپ قويماقچىمىزكى، ئۇڭچىللىقتىن ھوشيار بولۇش، ئەمما ئاساسلىقى «سول» چىللىقتىن ساقلىنىش لازىم. «سول» چىللىق بىلەن «ئوڭ» چىللىق تۈگىتىلمىسە، دۆلەت خاتىرجەم بولالمايدۇ. ئەمما «سول» چىللىق كونكرېت، رېئال بولىدۇ. «يۇرتداشلار» ھېلىمۇ «سول» چىللىقنىڭ كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان ۋە يوشۇرۇن تەھدىتىگە دۇچ كەلمەكتە. ئەمما، قورقماسلىق كېرەك.

دېڭ شياۋپىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كۆچۈرگەندە مۇقامنى بەلگىلەپ بەردى.

تارىخ چاقنى ھېچكىممۇ كەينىگە ياندۇرالمايدۇ.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دولقۇنىنىڭ قاينام-تاشقىنلىق يارقىن، رەڭدار سەھىپىلىرى ئېچىلماقتا.

**ھەبىبۇللا رېقىپ، ئابدۇسالام ئابلىز، راھىلە داۋۇت** تەرجىمىسى

## ئەسسالام ھۆرمەتلىك كىتابخان:

سالام قەدىرلىك قېرىنداشلار، بۇ بىر يىلىمىز ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرىدۇ. كېلەر يىلى ژورنىلىمىز ئۆز سەھىپىلىرىنى كەڭ كىتابخانلارنىڭ ئىنتىلىك تەقەززاسىغا تېخىمۇ ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن «بازىرى ئىتتىك كىتابلاردىن جەۋھەرلەر»... قاتارلىق يېڭى سەھىپىلەرنى تەسىس قىلماقچى. پوچتىخانىلارنىڭ كېلەر يىللىق مۇشتىرى قىلىش ۋاقتى باشلاندى. ژورنىلىمىزغا مۇشتىرى بولۇش پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەسلىككىزلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

پوچتا ۋەكالەت نومۇرىمىز: 83-58

**تەڭرىتاغ ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى**

## شېئىرلار

# يېڭىسىدىن كونىسى ياخشى

(بىر ئىشاننىڭ ئېيتقانلىرى)

مۇھەممەت ئىمىن

«يېڭىسىدىن كونىسى ياخشى!»
جىم تۇرۇڭلار گېپىمنى ئاڭلاپ.
كۆپۈكلىشىپ كەتتى جاۋغىيىم،
كالۋالاشتى بۇ ئۆتكۈر تىلىم.
تولا ۋەز ئېيتىپ يېنىش-يېنىشلاپ.
كۈچ-ماغدۇرۇم تامام تۈگىدى،
يىلىكىمنىڭ تېگى قۇرىدى.
دىلىمنى قايغۇ-ھەسرەت ئورىدى،
بولۇپ قالدىمۇ ئالجىغان باخشى،
شال-تۈكۈرۈكۈم ھەر يانغا چاچراپ؟
بىراق ھېچكىم تىڭشاي دېمەيدۇ،
قۇلىقىغا ماز تىققانمۇ نىقتاپ؟
يېگىدەك بولدۇم غەزەپكە كېلىپ،
يۈرىكىمنى ھەسرەتتە تىلىپ،
ئۆز گۆشۈمنى تىتىپ-پارچىلاپ.
بولسا شۇنداق چوڭ كارامىتىم.
ئاڭا چۈشلۇق نام-سالاپىتىم،
ھەممە قۇلاققا چوڭ كاناي باغلاپ،
كونىلىقىنىڭ قەدرىگە يەت دەپ،
يېڭىلىقنى جەزمەن تەرك ئەت دەپ،
ۋارقىرايتتىم مۇرتلارنى باشلاپ.

ھارۋا شۇنداق ئېسىل نەرسىدى،
ھەيران قالسەن ماڭسا تاراقلاپ.
ئارغىماقلار كىشنەپ-چاپچىشىپ.
تۇياق-ئۆكۈزلەر سوك-سوك قاترىشىپ،
ئېشەكلەرمۇ بوش كەلمەي ھاڭرىشىپ،
سۆرەيدۇ قاتساق كۆتەك ھارۋاڭنى،
توشۇيدۇ ھارماي يۈك ۋە ئالۋاڭنى،
قاقشىما ئانچە سۈرئەت ئاستا دەپ،
مېڭىۋەرسەڭ قورساققا توق يەپ،
كەتمەيدۇ مەنزىل قېچىپ-يىراقلاپ.
ھارۋا شۇنداق تۇرسا بىخەتەر،
نەدىن چىقتى ئاپتوموبىل-پىكاپ؟
ھەر رەت ئالدىمدىن ئۆتسە غۇيۇلداپ،
يۈرىكىم ئەنسىز جىغىلداپ كېتەر.
كەلگەندەك باشقا چوڭ خېيىم-خەتەر.
ئامانلىق تىلەپ قىلسامۇ دۇئا،
بىر-بىرىگە سوقۇلۇپ، غۇلاپ،
ئۆڭتۈرۈلۈپ، كۆيۈپ-يالقۇنجاپ،
ئېلىپ كەلدى مۆمىن ئىنسانغا
بىھېساب ئاپەت، خەتەر ۋە ئازاب.

ئايروپىلانغۇ تېخىمۇ بەتتەر،
بىر پارچە تۆمۈر ئۇچار غارقىراپ،
بۇ پۈتۈنلەي شەيتاننىڭ ئىشى
ئۇچالامدۇ قاناتسىز كىشى؟
«ئۇچار تەخسە»، «ئالەم كېمىسى»
دېگەنلىرى زادى نېمىسى؟
ئىنسان ئەقلى يەتكەيمۇ ئويلاپ؟!
ئاھ! نېمە بولۇپ كەتتى بۇ جاھان
كەپقالدىمۇ يا ئاخىرقى زامان
تويدۇرماي ئاستا بىزگە يېقىنلاپ؟!
«يېڭىسىدىن كونىسى ياخشى!»

بىرلە يەمەن بۇنى ئىسپاتلاپ.
يېڭى نەرسىگۇ ئالەم ئۇچقۇسى،
دېدۇق ئالدىراپ: «زەپەر قۇچقۇسى!»
تۇرۇۋاتالماي ئەمدى مۇم چىشلەپ
نەتىجىسى قانداق بولدى دەپ
باقمايسەنغۇ ئاكاڭدىن سوراپ؟
ئۇ، تەڭرىنىڭ قەھرىگە ئۇچراپ
ئاسمان قەرىدە گۇم بولدى پارتلاپ ①
يېڭىلىقنى شۇنداق ئۆتتى قامچىلاپ.

تۇۋا دېگۈلۈك ياقىنى چىشلەپ،
ئۇيلانغۇلۇق ساقالنى سىپاپ،
يېڭىلىق دەپ نېمە ئاۋارە،
بەندە دېگەن ئاجىز - بىچارە،
شۈكۈر قىلماقتىن يوق ئۆزگە چارە.
پاراسەتلىك ئاتا - بوۋىمىز
تۈزگەن قائىدە، ياسىغان ئەسۋاب
مۇقەددەس تۇر چېقىلىپ بولماس،
ئۇنىڭسىز ئىتەك مېۋىگە تولماس،
تەنتەكلىك بىزنى قىلغۇسى خاراپ.
ئىشەك ئۈستىدىن چۈشمىسەك ئەبەد،
بەخت - سائادەت كېلىدۇ قوشلاپ.

جايىنامازدىن قوپمىساق پەقەت،
دۇئا - تىلاۋەت بولۇپ ئىجاۋەت.
چۆللەر گۈلىستان بولىدۇ ياشناپ،
مەسچىت قۇببىسى يەتسە پەلەككە،
يېتىمىز كۆتكەن ئارزۇ - تىلەككە،
بولسا بارچە مەكتەپلەر خاراب.
ياش بوغۇنلار يادلىسا سۈرە،
موللا ئالدىدا تۇرۇشۇپ ئۆرە،
شۇندا تاپقۇسى دىيانەت، ئىنساب.

«يېڭىسىدىن كونىسى ياخشى!»
دەيمەن مەڭگۈ يىنىش - يىنىشلاپ.
پەلتۇ، شىلەپە سىغمايدۇ كۆزگە،
ياخشىسى يوق چەكمەندىن ئۆزگە،
كۆرەك تۇماقنى كىيەيلى قىرلاپ.
تۆت چاسا شېئىر، رۇبائىي، غەزەل.
قىلىپقا چۈشكەن، ئاجايىپ گۈزەل،
يېڭىلىرى چىقمىسۇن بىخلاپ.
ئەي بەندىلەر، بولۇڭلار سەگەك،
قولغا توقماق ئېلىڭلار بىردەك،
يېڭىلىق تېخى يايماستا ئېتەك،
بۆشۈكىدىلا قويايلى مىخلاپ!...

# «جىك باشلىق»

## ئابابەكرى ئەمەت

ئىدارىدە ئۈچ باشلىق،
ئۈچىلىسى مۇئاۋىن.
پىكابى بىر — شوپۇر بىر،
بىراق، ئۈچكە تەڭ تأيىن.

چەكمەس، ئىچمەس بۇ شوپۇر
روھلۇق، تېتىك، مۇلايىم...
قايسى باشلىق «تارت!» دېسە،
دەيدۇ: «لەببەي» ھەر دائىم.

بىرسى ماڭسا كۈندۈزى،
«تەكشۈرۈش» كە تۆۋەنگە.
بىرسى ماڭار كېچىسى،
«نەتىجە» كۆرۈشكە.

يەكشەنبە، ھېيت - بايرامدا
تېخى ئۇنىڭ كۆپ ئىشى.
ئۈچىنىڭ تەڭ كېپ قالار
توي، نەزىر، دوست يوقلىشى.

① 1986 - يىلى پارتلاپ كەتكەن ئامېرىكىنىڭ «جەڭ ئېلان قىلغۇچى» ناملىق ئالەم ئايروپىلانىنى دېمەكچى.

ئېلىپ كەتسە بىر باشلىق،
دېمەي يېقىن-يىراقنى.
ساقلاپ قالغان بىر باشلىق،
تۆرەر دەرھال قاپاقنى.

تۇتالمىسا ئەگەردە
ئىزدەپ يۈرگەن ساپاقنى،
— نەگە ماڭدى پىكاپ؟ — دەپ
باشلايدىكەن سوراقنى.

دەم ئېلىش يوق شوپۇرغا،
چولا يوق ئۆي ئىشىغا.
باشلىقلارنىڭ قىلغىنى
تەگدى ئېزىق چىشىغا.

ئۆزى ھاردى چارچىدى،
(«چىدا شىنكمۇ چېكى بار.»)
ماشىنىمۇ ھالسىراپ
ئېيتىدىغان دەردى بار.

ئەنە ئاشۇ ئەھۋالدا،
ياتتى شوپۇر، پىكاپمۇ.
غىلدىرىمسا تۆت پاي چاق
باشلىق بولغان ھېسابمۇ؟

ئېھتىياجى ئاشتى بەك
ئۈچىنىڭ تەڭ شوپۇرغا.
ئىت-مۈشۈكتەك تالاشتى،
ئېتىبار يوق غۇرۇرغا.

ئۇلار ئەمەي ئەقىللىق
قىلىپ قويدى شوپۇرنى.
تۇتۇۋالدى ئۈچىنىڭ
ئاجىز يېرى — تومۇرنى.

بىرى:
— نەزىر تارت، — دېسە،
دېدى:
— بۇزۇق بۇ «غالتەك.»
— تەكشۈرۈشكە ماڭ! — دېسە،
دېدى:

— ماي يوق قۇيغىدەك.
بىرى:
كەچتە كەل، — دېسە،
— ئۈزۈلۈپتۇ توك يولى.
بىرى چۈشتە:
— ماڭ! — دېسە،
— ئىشلىمەيدۇ تورمۇزى.

بىرسى قىلسا كۆزنى چوڭ،
— سۇيى ئاقار تامچىلاپ.
توسىلىپتۇ ماي يولى،
ماڭامدىمەن قامچىلاپ...

باشلىقلارنىڭ بۇيرۇقى،
يۇمشاپ كەتتى لۆمۈلدەپ.
تۇرۇپ شوپۇر قاپاقنى
جاۋابلىشار دېۋەيلەپ.

ئاستا-ئاستا ئالماشتى،
بۇيرۇق بىلەن خۇشامەت.
بولدى ئەمدى ئاشكارا،
ئەسلىدىكى قىياپەت.

شوپۇر ماڭسا ماڭىدۇ،
توختاي دېسە توختايدۇ.
ھايال بولسا ئەگەردە،
باشلىقمۇ توۋلايدۇ.

مانا ئەمدى قاراڭلار،
شۇ شوپۇرنىڭ ئوڭ ئىكەن.
باشلىقلارمۇ بويسۇنۇپ،
ماڭغىنىغا خۇش ئىكەن.

دېسە ئەگەر «بۇزۇلدى!»
سەكرەپ چۈشەر ساي دېمەي.
شوپۇر بىلەن تەڭمۇ-تەڭ،
ھەپىلىشىدۇ ماي دېمەي.

«ئوت ئالمىدى» دېسە گەر،
مۇرە قويار لاي دېمەي.
مەنسىپىنى ئۇنتۇيدۇ،
ئادەم تولا جاي دېمەي.

ئىشمۇ چىقىپ تۇرىدۇ،
يول ماڭغىچە باشلىقتا.
ئېرتىپ كېتەر پىكاپنى،
«رىئايە قىپ تازلىقتا.»

ئەمدى بولدى قاراڭلار،
ئىدارىگە كىم باشلىق؟
شۇ «كەمتەر» ئۈچ مۇئاۋىن
«سايلىۋالدى» جىك باشلىق.

ئۇنىڭ ئېتى «جىپ» ئىكەن،
تۆت چاقى بار بىر پالاز.
لېكىن رولى شوپۇردا،
شۇنىڭ بىلەن گەپ خالاس.

## چۈش

**زۇنۇن رېھىم**

مەن بۇ كېچە كۆرۈپتىمەن چۈش،
سەن كېلىپسەن بولۇپ ئۇچقان قۇش.
قونۇۋېلىپ چىنار شېخىغا،
سايرارمىشسەن بولۇپ بەكمۇ خۇش.

بۇرۇنقىدەك خۇشخۇي مىجەزلىك،
ھۆسنۈڭ لالە، قەددىڭ جەزبىلىك.
ئاھۇ كۆزۈڭ جىلۋىسى خۇمار،
بېقىشلىرىڭنىڭ شۇنچە جىلۋىلىك.

قۇياش تۆككەن ئالتۇن نۇر كەبى،
كىرپىكلىرىڭ يالتىرار چوغلۇق.
ياشلىقىڭدا مېنى ئازدۇرغان،
كۆزلىرىڭدىن كەتمەپتۇ شوخلۇق.

ئارقان بولۇپ ئۆرۈمە چاچلىرىڭ،
بەللىرىڭگە باغلاندى يەنە.
مۇھەببەت تىنىڭ يالقۇن ئوتىدىن،
يۈرەك-باغرىم داغلاندى يەنە.

چەكسىز لەززەت بېغىشلاپ چۈشۈم،
ئۇزۇنغىچە كەتتىم خىيالغا.
ئۇچۇپ كەتتى خىيال قۇشلىرىم،
بىز ئۇچراشقان شېرىن چاغلارغا:

ئۇچراشقاندا لەۋلەر، لەۋ بىلەن،
ۋۇجۇدۇمغا تارقىدى لەززەت.
بېغىشلىدى ئوتلۇق تىنىقىڭ،
يۈرىكىمگە ئىسسىق ھارارەت.

قۇچاقلىدى سۆيگۈ دولقۇنى،
بىر جۈپ تەننى قوينىغا ئېلىپ.
گۈپۈلدەيتتى تىنىم تاپماستىن،
بىر رىتىمدا يۈرەكلەر سىلىپ.

مۇھەببەت تىنىڭ شارابىنى بىز،
ئىچتۇق شۇ كۈن يېنىش-يېنىشلاپ.
ئۆزىمىزنى سۆيگۈ يولىغا،
تا ئەبەدىي، مەڭگۈ بېغىشلاپ.

مەن كۆرگەندەك نىگارمۇ بەلكىم،
كۆرسە ئىدى مېنى چۈشىدە.
تاش بولمىسا ئۇنىڭ يۈرىكى،
ئېرىپ كېتەر يالقۇن تەپتىدە.

ئاشۇ يالقۇن بىزنى قايتىدىن،
بىرىكتۈرسە ئەجەبمۇ ئەمەس.
يۈرمەس ئىدىم ئۇ چاغدا مەنمۇ،
ھەسرەت چېكىپ، پۈتمەس تۈگىمەس.

(بېشى 64-بەتتە)

بىلەي؟ بۆلۈمدىكى قىزنى بىكاردىنلا قارىلاۋاتىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن تانسا ئوينىاپ قويسام نېمە بوپتۇ؟ كاماندىروپكىغا بىللە بېرىشىمۇ ئىدارىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، بۆلۈمدە تارقاتقان بېلەت بولغاچقا كىنوخانىدا ئورنىمىز بىر يەردە ئىكەن، بىللە يېنىپ چىقتۇق. بۇنىڭ نېمە يامىنى بار؟ مۇشۇ ئىشلارنى ئۇنىڭغا نەچچە قېتىم چۈشەندۈرمەكچى بولغىنىمدا ئۇ ماڭا پەقەت پۇرسەت بەرمىدى...

سوتتىكىلەر بىزنى ئاجراشتۇرماسلىق ئۈچۈن خېلى ئۇرۇندى، لېكىن ھەممە ئىشنى باشتىن باشلاش مۇمكىنمۇ؟ ياق! مېنىڭ يۈرىكىمگە دەز كەتكەنىدى، ئۇنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتىمۇ ئاللىقاچان ئۆچكەنىدى. بىزگە ئاجرىشىپ كەتمەكتىن باشقا يول يوق ئىدى. قىز بولغاندىكىن بالىنى ماڭا بۇيرۇپ بېرىگىلار دەپ چىڭ تۇرغان بولسامۇ، ئېرىم بۇنىڭ نېرۋىسى ساق ئەمەس، بالىنى دائىم ئۇرىدۇ، دېگەندەك سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ قىزىمنى ماڭا بەرمىدى، ئاھ، بىر ئانا ئۈچۈن بالىسىدىن ئايرىلىشتىنمۇ ئارتۇق ئازاب بارمۇ؟! ئۇ بالىنى ئېلىۋالدى، يۈرىكىمنى سۇغۇرۇۋالدى. مانا بىز ئاجراشقىلى بىر ئاي بولدى. ئەمدى نېمىشقىدۇر بۇ شەھەردە ئۇزاق تۇرغۇم كەلمەيۋاتاتتى. ھە دېگەندىلا يېزامنى سېغىناتتىم، كۆزۈمدىن بىر كۈنمۇ ياش قۇرۇمايتتى. قىزىمنىڭ رەسىمىگە قاراپ، سائەت-سائەتلەپ ئولتۇرىمەن، كارىدوردىن ئاڭلانغان ھەر بىر ئاۋاز قولىقىمغا «ئاپا» دېگەندەكلا بىلىنىدۇ. ئاپئاق قىزىم، چىرايلىق قوزام، ئەقىلسىز، نادان ئاپاڭنى كەچۈرگىن!

ئەسلىدىكى يۇرتۇمغا يۆتكىلىش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بولغان كۈنى ئۆزۈم ئوقۇغان ئۇنىۋېرسىتېتقا باردىم. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭغان يوللارنى ئايلاندىم، ياندىشىپ ئولتۇرغان ئورۇندۇقلارنى ئىزدىدىم، دەرەخكە يۆلىنىپ تۇرغىنىمدا ئالدىمغا ئالتۇندەك بىر يوپۇرماق ئۇچۇپ چۈشتى. يوپۇرماقنى ئاۋايلاپ قولۇمغا ئېلىپ، بېشىمنى كۆتۈرۈپ دەرەخلەرگە قارىدىم. تو ۋا، ئۇنىڭدىن باشقا يوپۇرماقلارنىڭ ھەممىسى يايپېشىل تۇرۇپتۇ، ئىسسىق ياشلىرىم قولۇمدىكى قۇرۇپ كەتكەن، ساپسېرىق يوپۇرماققا تۆكۈلدى.

# دۇشەنبىدىن باشلاپ

(ھېكايە)

يارمۇھەممەت تۇرسۇن

ئەكبەرنىڭ رەڭگىرويى خۇددى كەچكۈز ياپراقلىرىدەك سارغىيىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن ئانىسىنىڭ ئىچى سىيرىلغان ھالدا ئوغلىنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ بىچارىلەرچە يىغلاپ:

— مېنى ئۇزۇنراق ياشىسۇن دېسەڭ ھاراقنى ئىچمىگىن ئوغلۇم. چىرايىڭغا قارىغىنا، ئادەم ئىسكەتىدىن چىقىپ كېتىپسەن، ئايالىڭمۇ يامانلاپ كەتكىلى ئون كۈندىن ئاشتى. بۈگۈن ئەكەلگىلى بارسام «خاپا بولمىسىلا، بارالمايمەن، ياش جېنىمنى ئۇنىڭغا سېلىپ بەرمەيمەن، ئەتە ئادەم بولۇپ قالار، ئۈگۈن ئادەم بولۇپ قالار، دەپ مۇشۇ كۈنگە كەلدىم. ئادەم بولمايدىغان ئوخشايدۇ. ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئۆمرۈمگە يۈرىكىم ئېچىشىدۇ» دەپ كەلگىلى ئۇنىمىدى. ھاراقنى تاشلىمىساڭ ئىشلىرىڭ زادى ئىلگىرى كەلمەيدۇ ئوغلۇم، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئەكبەرنىڭ ئىچى ئاغرىدىمۇ ياكى مۇنداق تەگەشلەرنى ھەر كۈنى ئاڭلاۋېرىپ زېرىكىپ كەتتىمۇ، بۇرۇنقىدەك «ھە»، «ماقۇل» دەپ چاپىنىنىڭ پېشىنى قېقىپ چىقىپ كەتمەستىن، بەلكى ئانىسىغا قاراپ سەمىمىي قىياپەتتە:

— بولدى ئاپا، سەن خۇش بولىدىغان ئىش بولسىلا ئىچمىسەم ئىچمىدىم. دادامدىنمۇ ئايرىلىپ چىددىمىغۇ. ھاراق ئىچمىگەنگە ئۆلۈپ قالماسمەن. ئەتە سەن پاتەمگە بېرىپ دېگىن، ئالدىمىزدىكى يەكشەنبىدە بىر يېقىن ئاغىنەمنىڭ توي ئىشى بار. ئۇ تويغا بارمىسام بولمايدۇ. تويىنى تۈگىتىپلا دۇشەنبىدىن باشلاپ ھاراق دېگەننى ئاغزىمغا ئالمايمەن، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئانىسىنىڭ بېشى كۆككە يەتكەندەك بولۇپ:

— ئىنسابىڭغا رەھمەت بالام. مانا تاشلايمەن، ئەنە تاشلايمەن دەپ يۈرۈپمۇ نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. بالىلىرىڭمۇ چوڭ بولۇپ قالدى. بىرنەچچە كۈننىڭ كارى چاغلىق، بوپتۇ، دۇشەنبىدىن باشلاپ تاشلىغىن. ئىنسابىڭغا دۇئا قىلاي ئوغلۇم، — دېدى ئوغلىنىڭ ئاغزىدىن ھاراق تاشلايمەن، دېگەن گەپنى ئاڭلىغان ئانىسىنىڭ دىلى يورۇپ. ئۇ شۇ خۇشلۇقدا ئۆلۈپ كەتسەم ئوغلۇم تېنەپ قالمىسۇن دەپ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان يېمەي-ئىچمەي، كىيمەي يۈرۈپ يىغقان بىرنەچچە يۈز يۈەن پۇلدىن ئىككى يۈز يۈەن پۇلغا سوۋغا-سالام ئېلىپ كېلىنى پاتىگۈلنىڭ يېنىغا باردى. ئۇ خۇدانى شىپى كەلتۈرۈپ يېلىنىپ-يالۋۇرۇپ يۈرۈپ كېلىنىنى ئۆيگە ياندۇرۇپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئانىنىڭ كۆڭلى تىندى. دۇشەنبىدىن باشلاپ ئوغلۇم ھاراق تاشلايدىغان بولدى، دەپ ئۆزىچە خۇشاللىق ئىچىدە ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ ئوغلىغا ئاتاپ دۇئا قىلىپ ئاللا تائالادىن ئوغلىنىڭ ئىنسابىنى تىلەپ يۈردى.

ئەكبەر دېگەندەكلا دۇشەنبىدىن باشلاپ ھاراقنى ئاغزىغا ئالمىدى. ئائىلىسىدىمۇ ھەر كۈنى بولىدىغان ۋاراڭ-چۇرۇڭ، ئۇرۇش-جېدەل بېسىقىپ خاتىرجەم، قوۋناق تۇرمۇش باشلاندى. كۆزىدىن ياش قۇرۇمايدىغان ئانىسىدىن تارتىپ،

بالا-چاقىلىرىغىچە ھەممىسىنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپ پۈتۈن ئائىلىگە ئىللىق مېھرى-مۇھەببەت سىڭىپ كىرمەكتە ئىدى.

بىراق كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەكبەر خۇددى قىممەتلىك نەرسىسىنى يىتتۈرۈپ قويغاندەك خامۇش ۋە جىمغۇر بولۇپ قالدى. چۈنكى ئۇ ئىككى ھەپتىنىڭ ئالدىدىلا ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ئۈلپەتلىرى بىلەن ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇچرىشىپ تۇرالايتتى. ئۇلار بىلەن بىرگە بولغان چاغلاردا ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قالاتتى. مانا ئەمدى ئىشتىن قايتقاندا ئۈلپەتلىرىگە تۇتۇلۇپ قالماسلىق ئۈچۈن چوڭ كوچا بىلەن ماڭماي، ئارقا كوچا بىلەن ئۆيگە كېلىۋالىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ باللىرى بىلەن بىردەم ھەپىلىشىپ تېلېۋىزور كۆرەتتى، ئاندىن يېتىپ ئۇخلايتتى. ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ ئىشقا ماڭاتتى. بۇ خىل ھايات ئۇنى زېرىكتۈرۈپ قويۇشقا باشلىغانىدى. ئەكبەر تۇرۇپلا يەنە شۇ بۇرۇنقى شاۋقۇن-سۈرەنلىك، كۈلكە-چاقچاقلارغا تولغان سورۇنلارنى، قىزىق-قىزىق پاراڭلىرى بىلەن ئادەمنى تېلىقتۇرۇپ كۈلدۈرىدىغان ئۈلپەتلىرىنى سېغىناتتى. ئۇ مەھەللىسىدىكى كىچىكلىك ماگىزىنلاردىكى جاۋەنلەرگە قاتار تىزىلغان ھەر خىل ھاراقلارنى كۆرسە شۇ زامان ئۇنىڭ ئىككىلىنىپ تۇرغان كۆڭلىگە بىر پارچە ئوت چۈشكەندەك تولغىنىپ، ئاپىسىغا ئالدىراپ ۋەدە بېرىپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلاتتى. بىراق، خىزمەت ۋە ئائىلە ئىشلىرىدا خېلى يۈكسىلىپ قالغانلىقىنى ئويلاپ، ھاراقنى ئاغزىغا ئىككىنچى ئالماسلىققا ئىرادە باغلاپ يۈردى. ئەمما ئەكبەرنىڭ بۇ ۋەدىسى ئۇزۇنغا قالمايلا ئۆز كۈچىنى يوقىتىپ قويدى. بىر كۈنى ئاپىسى بىلەن ئايالى يېزىدىكى تۇغقىنىنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن بالىنىڭ چوڭىنى ئۆزلىرى بىلەن ئېلىپ، كىچىكىنى ئەكبەرگە تاشلاپ قويۇپ كەتتى. ئەمدى ئۆيدە بىر خىل جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. بۇ جىمجىتلىقنى پەقەت ئىككى ياشلىق بالىنىڭ پۇشۇلداپ تىنىشلىرىلا بۇزۇپ تۇراتتى. ئەكبەر ھېلىلا قويۇپ قويغان كىتابىنى قولىغا ئېلىپ باشقىدىن ئوقۇشقا باشلىدى. ئەمما ئۇنىڭ كاللىسىغا ھېچنەرسە چۈشمەيتتى. ئۆيدىكى جىمجىتلىق ئۇنى بارا-بارا زېرىكتۈرۈشكە باشلىدى. ئەكبەر ئۈچۈن بۇ جىمجىتلىقتا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھەر بىر مىنۇت بىر كۈندەك بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئىچ پۇشقىنى چىقىرىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئۇخلاش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى-دە، يېنىك نەپەس ئېلىپ ئۇخلاۋاتقان ئوغلىنىڭ يېنىغا كېلىپ ياناپاشلىدى. بىراق ئۇنىڭ كۆزىدىن ئۇيقۇ قاچقان بولۇپ، ئۆزىنى ھەرقانچە زورلىسىمۇ زىنھار ئۇيقۇسى كەلمىدى. كاڭ ئۈستىدە بىردەم ئۇياققا-بۇياققا ئۆرۈلۈپ يېتىپ ئاخىرى ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، بىر نەچچە ئايدىن بۇيان ئاغزىغا ئېلىپ باقمىغان ھاراق خۇمار قىلىپ كەتكەچكە كوچىغا چىقىپ بىر-ئىككى رومكا ئىچىپ كىرمەكچى بولدى. ئەمما ئۇنى ئۇخلاۋاتقان بالا توسۇپ تۇراتتى. بالا ئويغىنىپ كېتىپ كاڭدىن يىقىلىپ چۈشۈش ئېھتىمالى بار ئىدى. ئەكبەر بىر دانە يۇمشاق يىپ بىلەن بالىنىڭ بىر پۇتىدىن كاڭ ئۈستىدىكى كارىۋاتنىڭ پۇتىغا باغلاپ قويدى-دە، ئۆزىنىڭ بۇ دانا تەدبىرىدىن سۆيۈنگەن ھالدا مېيىقىدا كۈلۈپ تالاغا قاراپ ماڭدى.

ئۇنىڭ ماگىزىنغا كىرىشىگىلا مەھەللىسىدىكى بىر نەچچە ئۈلپەتداشلىرى پوكەي ئالدىدا ھاراق ئىچىشىۋاتاتتى. ئۇلار ئەكبەرنى كۆرۈپلا چۇرقىرىشىپ كەتتى. تونۇش ئىچىدىكىلەرنىڭ بىرسى ئالدىدىكى چوڭ چىنىگە يۈز گرامدىن ئوشۇق ھاراقنى قۇيۇپ ئەكبەرگە تەڭلىدى. ئەكبەرمۇ ھاراق ئىچىمەن دەپ كىرگەچكە، ياق دېمەيلا چىنىنى قولىغا ئېلىپ چاڭقاپ كەتكەن يولۇچىدەك بىر تىنىقتىلا ئىچىۋېتىپ چىنىنى ساقىيغا تەڭلىدى. شۇنىڭ بىلەن يېنىۋاتقان ئوتقا ياغ چاچقاندەك سورۇن باشقىدىن جانلىنىپ، ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئارىدىكى

قىزىقچىلار تۈرلۈك تېمىلاردا لەتىپىلەرنى ئېيتىشقا، چاقچاقچىلار چاقچاق قىلىشقا باشلىدى. بىراق ۋاقىت ئۆزارغانسىرى ئەكبەرنىڭ كۆڭلى ئەنسىز-چىلىككە چۈشۈپ قالغاندى. بالىسى ئويغىنىپ كەتسە... ئەمما ئەكبەر بۇ سورۇندىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايتتى. ئۇ مانا ماڭىمەن، ئەنە ماڭىمەن دەپ ئۆزىنى ئالداپ يۈرۈپ سورۇن تارقىغاندا ئەل قاتارى ئۆيگە قايتتى. ئۇ ئۆيگە كىرگەندە ئايالى بىلەن ئاپىسى چۇقان سېلىپ يىغلاپ يۈرۈپ بالىنىڭ يۈز-كۆزىنى يۇيۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاپىسى ئوغلىنى كۆرۈپلا:

— ھوي سەنمۇ ئادەممۇ؟ بالا تەرەت قىلىپ نىجاسەتنى يۈز-كۆزلىرىگە سۈركەپ شۇنچىۋالا بولۇپ كەتكىچە نەگە باردىڭ؟ خۇددى ئاسلاننى باغلاپ قويغاندەك، بىچارىنىڭ پۇتىدىن كارىۋاتقا باغلاپ قويۇپسەن. بىچارە بالام تەرەتنىمۇ يەۋالغان ئوخشايدۇ، — دېدى.

بىراق خېلىلا تەمتىلىپ قالغان ئەكبەر ئاپىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خىرقىراپ كۈلۈپ:

— كىچىك بالا دېگەن نەچچە قېتىم شۇنداق تەرەتنى يەپ يۈرۈپ چوڭ بولىدۇ ئاپا، — دەپ خۇددى ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك قاپتىلىغىمۇ ئالماي ياندىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئايالى ئۆزىنى تۇتالمىغان ھالدا قار-يامغۇر يىغلايتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ بىر كۈن بۇ ئائىلە ئۈچۈن تولىمۇ كۆڭۈلسىز ئۆتتى. بۇ ئىش ئائىلىدىكى ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىگە بۇرۇنقى كۆڭۈلسىز كۈنلەرنىڭ يەنە باشلانغانلىقىدىن بېشارەت بېرەتتى.

شۇ قېتىمقى كۆڭۈلسىزلىكتىن كېيىن ئەكبەر يەنە بۇرۇنقى سەنەمگە دەسسەپ قالدى. ھەر كۈنى دېگۈدەك مەست ھالەتتە ئەل ياتقۇ مەھەللىدە ئۆيگە قايتىپ كېلەتتى. ئۆيدىكىلەرمۇ ئۇنىڭغا ئوچۇق چىراي ئاچمايتتى. ناۋادا كەلمەي قالسا ئەنسىرەپ خاپا بولۇپمۇ كەتمەيتتى. شۇ تەقلىتتە بىر نەچچە يىلمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئەكبەر تەشكىلنىڭ ۋە ئەل-جا-مائەتنىڭ نۇرغۇن نەسىھەتلىرىگىمۇ قۇلاق سالماي ئىشقا خالىسا بېرىپ، خالىمىسا كوچىدا ئىچىپ يۈرۈپ ئاقىۋەت مىڭبىر مۇشەققەت بىلەن ئورۇنلاشقان ئىش ئورنىدىنمۇ ئايرىلىپ تەشكىلسىز ساياق ياشلار قاتارىغا كىرىپ قالدى. ئائىلىنىڭ پۈتۈن ئېغىر-يېنىك ئىشلىرى ئايالىغىلا قالغان بولۇپ، بىر كىشىلىك مائاش بىلەن ئالتە جاننى باقماق ئېغىر كېلىۋاتاتتى. ئۇ پەقەت ئۈچ بالا بىلەن ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ياخشى-يامان كۈنلەردە بىرگە بولۇپ كېلىۋاتقان ئاق كۆڭۈل قېيىن ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى دەپلا بۇ ئۆينىڭ پۈتۈن ئېغىرچىلىقىنى زوۋان سۈرمەي كۆتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى.

ئانا ئائىلىدىكى بۇ خىل چىچىلاڭغۇ، كۆڭۈلسىز تۇرمۇشنىڭ يەنە داۋاملىشىۋېرىشىگە پەقەت چىداپ تۇرالمىدى، ئۇ ئەتىگەنلىك چېيىنى ئىچىپ گەپ-سۆز-سىز كوچىغا ماڭغان ئەكبەرنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ:

— جېنىم ئوغلۇم، ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن! ئايالىڭنى، بالىلىرىڭنى ئويلىغىن، مېنىڭمۇ تۆت كۈنلۈكۈم قالدى. مەندىن كېيىن قالساڭ قانداقمۇ قىلارسەن. مەن سېنى توققۇز ئاي قورساق كۆتۈرۈپ، كېچىلىرى سوغۇق بۆشۈكىڭنى قۇچاقلاپ، سۈيۈكۈڭدە ئېقىپ، ئوتۇڭدا كۆيۈپ چوڭ قىلغانىدىم. بىراق سەن ۋاپا قىلمىدىڭ، بوپتۇ، بۇلارنىمۇ كەچۈرەي، ئەمدى ماڭا ۋەدە بەرگىن. يەنە داۋاملىق ھاراق ئىچىپ، مۇشۇنداق يۈرۈۋېرىدىغان بولساڭ، ساڭا بەرگەن ئاق سۈتۈمگە ئۇ دۇنيا-بۇ دۇنيا رازى ئەمەس، — دېدى. ئاسانلىقچە كۆزىدىن ياش چىقمايدىغان ئەكبەر پۇتىنى قۇچاقلاپ تىزلىنىپ ئولتۇرغان ئانىغا قاراپ ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتى. يىغىدىن ئۆزىنى ئاران توختاتقان ئەكبەر ئاپىسىنى يۆلەپ تۇرغۇزماقچى بولغانىدى، بىراق ئانا ئورنىدىن تۇرغىلى ئۇنىمىدى:

— بولىدى، بۈگۈن سېنىڭ ئېغىزىڭدىن بىر گەپ ئالمىغۇچە ئورنۇمدىن تۇرمايمەن، يا ئادەم بول، يا مەندىن كەچ، — دەپ تۇرۇۋالدى. ئانىسىنىڭ ئاپئاق چاچلىرى چۇۋۇلغان بولۇپ، قىزارغان، خۇنۇك كۆزلىرى ئاپئاق چاچلار ئارىسىدا چەكسىز ئۈمىد بىلەن مۆلدۈرلەپ

تۇراتتى. ئەكبەر بۇ ھالەتتە نىمىمۇ دېيەلىسۇن؟

— بولدىمۇ ئاپا، مەن ئادەم بولاي، ساڭا ئىككىنچى قېتىم قەسەم قىلمەيمەنكى، بۇ يولدىن ئۈزۈل-كېسىل قول ئۈزۈش ئۈچۈن دۇشەنبىدىن باشلاپ ئەتىگەن تۇرۇپ بىر ۋاخ بولسىمۇ ناماز ئوقۇپ، جۈمە كۈنى نامازغا بېرىپ جامائەتنىڭ دۇئاسىنى ئالىمەن، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئانىسىنىڭ دىلى خۇددى كۈندۈزدە يۇلتۇز كۆرگەندەك يورۇپ كەتتى. ئۇ شۇ خۇشلۇقىدا كېلىنىنىڭ قولىغا بىر جۈپ ئالتۇن زىرىنى تۇتقۇزۇپ:

— بۇ مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۈلكىم، ئەكبەر ئىش ئورنىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئەمدى بۇ نەرسىلەرنى سېتىپ بىرەر ئىش-ئوقەتنىڭ پېشىنى تۇتتۇۋالسۇن، — دېدى.

ئانىسىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، بىر ئاز مەڭدەپ تۇرۇپ قالغان ئەكبەر بېشىنى سىلاپ قويۇپ:

— بولىدۇ، دۇشەنبىگىچە بازارغا چىقىپ ئۇنى-بۇنى كۆرۈپ كۆزۈمنى پىشۇرۇۋالاي، خۇدايىم بۇيرۇسا دۇشەنبە كۈنى ئەتىگەندىن باشلاپ ئوقەتكە كىرىشىپ كېتەي، — دېدى، بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئانىمۇ، ئايالىمۇ ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ كېتىپ:

— دۇشەنبىدىن باشقا كۈن ساڭا راۋا ئەمەسمۇ ئوغلۇم، ھەممە كۈن ئوخشاشلا خۇدايىمنىڭ كۈنىغۇ، — دېدى. بىراق ئەكبەر ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالغاچقا:

— بوپتۇ، دۇشەنبە سېنىڭ پېشانەڭگە پۈتۈلۈپ كەتكەن كۈن ئوخشايدۇ. باشقا كۈنلەر-گە ئاغزىڭ كەلمەيدىكەن، دۇشەنبىدىن باشلاپ قىل، — دېيىشتى.

شۇنىڭ بىلەن ئەكبەر دۇشەنبىدىن باشلاپ تېرە بازىرىدا تېرىچىلىك قىلىشقا باشلىدى. بىچارە ئانا ئوغلىنىڭ قىلىۋاتقان ئوقەتتىدىن دىلى سۆيۈنۈپ، ھەر كۈنى ئەتىگەنلىك بامداتنى ئوقۇپ بولۇپلا بىرىنچى قىلىدىغان ئىشى ئوغلىنىڭ باش-ئايىغىغا ئىسرىق سېلىپ بىسمىللا دەپ بازارغا چىقىرىدىغان بولدى. ئەكبەرمۇ ئەتىگەن تۇرۇپ جامائەت بىلەن نامازنى ئوقۇپ، تېرە بازىرىغا بېرىپ كەچكىچە ئوقەتنى قىلىپ، كەچتە بىر-ئىككى كىلو گۆش ئېلىپ ئۆيىگە قايتاتتى-دە، بالىلىرى بىلەن گۇمۇر-مۇڭۇر پاراڭلىشىپ كۆڭۈللۈك دەم ئالاتتى.

ئەكبەرنىڭ ئىش-ئوقەتنى يۈرۈشۈپ تۇرمۇشى كۈندىن-كۈنگە روناق تېپىۋاتقان كۈنلەردە قۇربان ھېيت كېلىپ قالدى. ئەكبەر بۇ ھېيتنى تازا كۆڭۈلدىكىدەك ئۆتكۈزۈپ نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئانىسىنىڭ تارتقان جەۋرى-جاپالىرىغا جاۋاب قايتۇرماقچى بولۇپ، بىرنەچچە كۈندىن بۇيان تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۇ تۇرۇپ تېرە بازىرىغا يۈگۈرۈپ ئوقەتنى قىلسا، تۇرۇپ ھېيتنىڭ كەم نەرسىلىرىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ماگىزىنلارغا يۈگۈرەيتتى. ئەكبەر قويدىن تارتىپ ھېيت ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان بارلىق نەرسىلەر-نى سېتىۋېلىپ ئايالى بىلەن ئانىسىنىڭ ئالدىغا تەق قىلىپ بېرىپ، ھېيتتا قىينىلىپ قالمايلى دېگەن نىيەتتە ئۆز ئوقەتنى ھارپا كۈنگىچە توختىتىپ قويماي داۋاملاشتۇردى. ئەكبەر ھازىر شۇنچىلا قائىدە-يوسۇنلۇق، ئەدەب-ئەخلاقلىق بولۇپ كەتكەنىدى. ئايالى ھېيتلىق كىيىم-كېچەك تىكتۈرۈپ بەرگەن بولسىمۇ، ئۆز كۆڭلىدە كەچتە ئۆيگە بارسام ئاپام قولۇمغا قاراپ قالمىسۇن دەپ قىلىۋاتقان ئىشنى يىغىشتۇرۇپ، ماگىزىن ئارىلىغاچ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ بىرنەچچە ماگىزىننى ئارىلاپ يۈرۈپ ئاپىسىغا بىر چاپان ئېلىپ چوڭ يولدا كېتىۋاتاتتى، تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئالدىغا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا كىچىكىدىن بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان دوستى بەختى يەنە بىرەيلەن بىلەن پەيدا بولۇپ قالدى.

— سېنى قەيەردىن تاپارمىز دەپ ئىزدەپ چىققاندۇق، سېنىمۇ ئاسانلا تاپتۇق، — دېدى بەختى ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن ئامانلىشىپ بولغاندىن كېيىن، — ئەمدى بىز ماڭايلى، كەچتە بىزنىڭ

ئۆيگە بارغىن، تۇرسۇن ئالدىرابدىكەن، بىردەم-يېرىمدەم، پاراڭلىشىپ ئولتۇرايلى!

بۇنداق ھالەتتە ئەكبەر ياق دېيەلىسۇنمۇ، ماقۇل دېمەكتىن باشقا چارە يوق-تە.

سورۇندىكىلەر پەقەت ئەكبەرگىلا قاراپ ئولتۇرۇشاتتى. ئەكبەر كېلىشى بىلەن چاي، ئاندىن تاماق ۋە سەيلەر ئۆز تەرتىپى بويىچە تارتىلىپ ئولتۇرۇش رەسمىي باشلىنىپ كەتتى.

ئەكبەر بىر-ئىككى رومكا ئايلانغىچە ھاراقنى پەقەت ئاغزىغا ئالماي «خاپا بولماڭلار، مەن ئىچەلمەيمەن» دەپ ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئارقمۇ-ئارقىدىن كېلىۋاتقان رومكىلار، لەرزان تاغ شامىلىدەك مۇڭلۇق ناخشىلار، ئولتۇرۇشقا بۆلەكچىلا جان كىرگۈزۈۋەتكەن بولسا سازدىن كېيىن ئۆلىنىپ بولۇۋاتقان چاقچاق-پاراڭلار كىشىگە ئالاھىدە ھۇزۇر بېغىشلاپ روھىي كەيپ-ياتىنى كۆتۈرۈۋېتەتتى. ئەكبەرنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان تۇرسۇن. ئۆز نۆۋىتى كەلگەندە ساھىبخانىغا يەنە بىر رومكا بېرىشنى ئېيتىپ، ئىككى رومكا ھاراقنى ئالدىغا قويۇپ ئەكبەرنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ ھاياجانلانغان ھالدا:

— سەن بىلەن بىللە مۇشۇنداق بىر جوزىدا ئولتۇرۇپ تۇز-تائام يېيىشەرمىز دەپ ئويلىمىغانىدىم. مانا بۈگۈن رىسقىمىز قېتىلىپ بىر جوزىدا بىر-بىرىمىزگە قاراپ ئولتۇرۇپ يۈرەك سۆزلىرىمىزنى دېيىشىۋاتىمىز، مەن سېنىڭ ئەھۋالىڭنى بەختىدىن ئۇقتۇم. ھاراقنى تاشلىۋېتىپ ياخشى قىپسەن. بىراق مېنىڭ بۇ مىسكىن كۆڭلۈمنى قايتۇرمساڭ، ناۋادا سەن بىلەن بىر رومكا سوقۇشتۇرۇۋالالمسام بۇ بەردىن ئارماندا كېتىمەن دوستۇم، — دەپ ئالدىدىكى رومكىدىن بىرنى ئەكبەرگە تەڭلىدى. بۇ ئۇزۇن يىللار ئايرىلىپ كېتىپ قايتا دىدارلاشقان ئاغىنىسىنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرۇش ئەكبەرگە تولىمۇ ئېغىر كېلىۋاتاتتى. ئۇ تەڭقىسلىقتا نېمە قىلارنى بىلمەي ئىككىلىنىپ تۇرغاندا ئۇنىڭ ئەتراپىدا بۇ ئىككى قەدىردانلارنىڭ سۆزىدىن تەسىرلىنىپ، ھاراقنىڭ كەيپىدىن ئارانلا ئولتۇرغانلار تەرەپ-تەرەپتىن چۇرقۇرىشىپ:

— ئالە ئەكبەر، زەھەر بولسىمۇ ئىچۋەت، — دېيىشتى.

ئەكبەر تولىمۇ ئەپسىز ھالەتتە رومكىنى قولىغا ئېلىپ:

ھۆرمىتىڭ راستىنلا چوڭ كېلىپ قالدى ئاداش. ئامال يوق مۇشۇ بىر رومكىنى ھۆرمىتىڭ ئۈچۈن كۆتۈرۈۋېتەي، شۇنىڭ بىلەن توختاپ قالاي، — دەپ تۇرسۇن بىلەن ئۇرۇشتۇرۇپ ئىچۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن رومكا يەنە بۇرۇنقى تەرتىپى بويىچە داۋاملىق ئايلىنىشقا باشلىدى. بىر-ئىككى ئايلانغاندىن كېيىن ئەكبەرگە «ھامىنى ئىچتىڭ، بىز ئىچىپ سەن قاراپ ئولتۇرساڭ تازا ئەپلەشمەيدىكەن، ھەر ئىككى رومكىدا بىرنى ئىچىپ قويغىن» دېيىشىپ تۈرلۈك ياغلىما سۆز، چاقچاق، ھەزىللەرنى ئېيتىپ يۈرۈپ يەنە بىر رومكىنى ئىچىرۋەتتى. شۇنداق قىلىپ ئولتۇرۇش يېرىملاشقىچە، ئەكبەرنىڭ كاللىسىدىن ئۇنداق قىلىپ-بۇنداق قىلىپ يۈرۈپ بەش رومكا ھاراق ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا ئۆتۈپ كەتتى. ھاراق ئېغىزغا تېگىپ قالدىمۇ، بولدى ئۆزىنى تۇتالماي تاكى يىقىلىپ قالغىچىلىك ئىچمىسە تۇرالمايدىغان ئادىتى بار ئىدى. ئەكبەر كەلگەن رومكىلارنى پوش دېمەي خۇددى چاڭقاپ كەتكەن يولۇچى ئۇسسۇلۇق ئىچكەندەك ئىچۋەردى. ئەمدى ئۇنىڭغا زورلاشمۇ، تەسىرلىك سۆزلەر بىلەن كۆڭلىنى ئېرىتىشمۇ كەتمەيتتى. ھەتتا ئۇ ئىچمەيمەن دېگەنلەرنى ئىچىشقا زورلاپ، سورۇننىڭ ساقىيلىق ۋەزىپىسىنىمۇ باشقىلاردىن تارتىۋېلىپ ھاراقنى ئۆزى قۇيۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئېغىزى ئېچىلىپ كەتكەن بولۇپ، قاچاندۇر بىر چاغلاردا ھاراق ئىچىپ قىلغان ئاجايىپ ئىشلىرىنى سۆزلەيتتى...

ئۇلار ئەنە شۇنداق ئولتۇرۇپ تۈنجى توخۇ چىللىغاندا ئۆيلىرىگە قايتىشتى. ئەكبەرمۇ مېھمان ۋە ساھىبخانىلار بىلەن خوشلىشىپ ئالا-تاغىل

توۋلاپ ئۆيىگە قايتتى.

ئەكبەر ئەنە شۇ كۈندىن ئېتىبارەن چۈشكۈنلىشىپ ئېتىقادىنى يوقىتىپ تۇيۇق يولغا كىرىپ قالدى. ئەكبەرنىڭ ئۆيىدىكىلەردىن تارتىپ تالا-تۈزدىكى ھەقەمسايىلىرىگىچە ئۇنىڭغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى بىردىنلا ئۆزگەرتكەنىدى. ئەكبەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشى، مېڭىۋاتقان يولى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى. ھەتتا خېلى ئارىلىشىپ ئۆتتۈۋاتقانلارمۇ ئۇنى كۆرۈپ قالسا، خۇددى كۆرمىگەندەك يانداپ ئۆتۈپ كېتىشەتتى. ئۆيگە كىرسە ئاپسىدىن تارتىپ تاكى ئۇن بەشكە كىرىپ قالغان ئوغلىغىچە ئۇشۇق-تۆشۈك گەپ قىلمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئەكبەر بۇرۇنقىدەكلا كۈچلۈك ئىرادە بىلەن ھاراقنى ئاغزىغا ئالماي ئۆز ئۇقتىنى قىلىۋەردى. ئەمما ئۇقتىدە بەرىكەت بولماي كۈندىن-كۈنگە ئارقىغا دەسسەپ، ئىشلىتىۋاتقان دەسمايىسىنى يەپ بولايلا دەپ قالدى. چۈنكى ھازىر ئەكبەر تېرە بازىرىدا ئەتىگەندىن-كەچ كىرگىچە يۈرۈپ بىرەر پارچە تېرە ئالالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. بۇرۇن ئۇنىڭ بىلەن سودىلىشىپ چۆپقەت بولۇپ قالغانلار ئەمدى ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىپ خۇددى ئۇنىڭ بىلەن سودىلاشسا موخو كېسىلى يۇقۇپ قالىدىغاندەك «دومىلە باسىدۇ» دەپ ئەكبەرگە يېقىن كەلمەيتتى. ئەكبەرنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان بۇ ئاجايىپ قىسمەتلەر باشتا ئۇنى ئادەملەردىن سەسكەندۈرۈپ، ھېچكىم بىلەن ئارىلاشقۇسىز قىلىۋەتكەن بولسا، ئەمدى ئۇنىڭ كۈندىن-كۈنگە قۇرۇپ كېتىۋاتقان مىسكىن يۈرىكى يالغۇزلۇق ھىس قىلىپ، ئادەملەرنى سېغىناتتى. بىراق ئۇ كىمنى سېغىنىدۇ؟ يىغلىپ قالغان يۈرەك سۆزلىرىنى كىمگە ئېيتىدۇ؟ ئۇنىڭغا بۇ ئىشلار قاراڭغۇ ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى مەست ھالەتتە ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ئانىسى ۋە بالىلىرىنى قۇچاقلاپ ئۆزىنى تۇتالمىغان ھالدا ئۇن سېلىپ بىر ھازا يىغلىغاندىن كېيىن ئولتۇرغان جايىدا ئۇخلاپ قالاتتى. ئۇنىڭ كۈندىن-كۈنگە خارابلىشىپ كېتىۋاتقان ھالىتىگە ئېچىنغان ئانا كېچە-يۇ كۈندۈز يىغلاپ كۆزىدىن ياش قۇرۇمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئانا ئوغلىغا بولغان پۈتۈن ئىشەنچىسىنى يوقاتقان بولۇپ «ئەمدى ئادەم بولمايدىغان بولدى، ئەقلىنى ھاراق يەپ بولدى» دەپ ئويلايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۆز باغرىنى يېرىپ چۈشكەن بالا ئەمەسمۇ، خۇددى «ئانىنىڭ يۈرىكى بالىنىڭ تېنىدە» دېگەندەك ئوغلىغا چىدىمايتتى. بىر كۈنى مەست ھالەتتە كىرىپ ھەر كۈندىكى ئادىتى بويىچە ئانىسىنى قۇچاقلاي دېگەن نىيەتتە قوللىرىنى كېرىپ كەلگەن ئەكبەرنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋېتىپ:

— بولغۇلۇق مۇشۇ ئوخشايدۇ ئوغلۇم، مېنى خاتىرجەم ياشىغىلى قويمىدىڭ، ئەمدى خاتىرجەم ئۆلگىلى قويغىن، — دەپ ئۆزىنى تۇتالماي ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى. بىراق ئەكبەر دەلدۈش ساراڭلاردەك ئانىغا ئازراقمۇ ئىچ ئاغرىتىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە قاقاقلاپ كۈلگىنىچە:

— ئەجەبمۇ ئالدىراپ كېتىپسەن، ھازىر ئۆلمەيسەن ئاپا، ئەزرائىلىنىڭ ۋاقتى ئالدىراشكەن، سەن بىلەن ماڭا خېلى يىللار بار، — دەپ ھېچنەرسە بولمىغاندەك ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋىدى، ئانا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يۆگۈرۈپ بېرىپ ئەكبەرنىڭ كاچىتىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى ئۇردى، ئەكبەر مۇدۇرۇلۇپ كەتتى.

— مەن ئۆزۈمنىڭ ئۆلۈمىدىن ئەنسىرىمىدىم، ھەي ئەقىلسىز، سېنىڭ ئۆلۈمىڭدىن ئەنسىرەۋاتىمەن، — دېدى-دە، ئوغلىدىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئانا كەچتە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئىچىگە سېلىپ كەتكەچكىمۇ ئەتىسىدىن باشلاپ يەر دەسسەپ تۇرالماي ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. بىچارە ئانا شۇ ياتقان پېتى بىر ئايغا يېقىن يېتىپ كېسەلدىن يېشىلەلمەي ئاخىرى تىنىچ، خاتىرجەم بولغان ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى.

ئانىنىڭ ھايات چېغىدا ئەكبەرگە قەدرى-قىممىتى بىلىنمىگەن بىلەن ئانا ئۆلۈپ يىلىغا

بارمايلا، ئەكبەر روھىي ئازاب ئىچىدە پۇچۇلۇنۇپ بىر تېرە-بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدى. ئۇ كۆڭۈل ئازابىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، قىلمىۋاتقان ئازدۇر-كۆپتۇر ئوقۇتمىنى تاشلاپ ئىچىملىككە بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك ئىچىۋەرگەچكىمۇ تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى كۈندىن-كۈنگە ئاجىزلاپ ئۆز ئۆيىنى تاپالماي باشقىلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ گەپ-سۆزسىزلا يېتىۋالىدىغان، ھەتتا بەزى چاغلاردا بولمىغۇر ئىشلارنى قىلىپ مەھەللىدە سۆز-چۆچەككە قېلىپ، باشقىلار ئۈچۈن كۈلكە ئېلىپ كەلسە، ئائىلىسى، بالىلىرى ئۈچۈن ئار-نومۇس ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلار داۋاملىقلا كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان بولدى. ئۆزىنىڭمۇ بەقۇۋۋەت گەۋدىسى پۈكلىشىپ ساراسىم ئىچىدە قالغان بوۋايلارغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئايالى پاتىگۈلمۇ ئەكبەرگە تېگىپ بالىلىق بولۇپ قالغىنىغا يۈز مىڭ پۇشايمان قىلاتتى. ئائىلىنىڭ، بالىلارنىڭ، ئىدارىنىڭ ئىشلىرى ئۇنىڭ يەلكىسىنى ئېغىر تۈگمەن تېشىدەك باسقان بولۇپ، قاپقارا بۇدۇر چاچلىرىغا ۋاقىتسىزلا قىرو چۈشكەنىدى، ھازىر ھېچكىم ئۇنى قىرىقنىڭ قارىسىنى ئالمىغان 35 ياشلىق چوكان دېمەيتتى.

پاتىگۈل ھەر كۈنى ئىشتىن قايتىپ كېلىپلا ئەكبەرنىڭ ئۆيگە قايتىپ كەلگەن-كەلمىگەنلىكىگە قارايتتى، كەلمىگەن بولسا چوڭ ئوغلىنى يېلىنىپ-يالۋۇرۇپ يۈرۈپ قول ھارۋىسى بىلەن بازارغا چىقاتتى. چۈنكى ھازىر ئەكبەرنى يۆلەپ، قولتۇقلاپ ئەكىلىدىغانلارمۇ زېرىككەن بولۇپ، ھېچكىمنىڭ كارى يوق ئىدى. بىچارە بالا ھارۋىنى ئاشخانىمۇ ئاشخانا، ماگىزىنمۇ-ماگىزىن سۆرەپ يۈرۈپ، دادىسىنىڭ يېتىپ قالغان يېرىدىن باشقىلارغا يېلىنىپ يۈرۈپ ئاران ھارۋىغا سېلىۋالاتتى-دە، خۇددى پارالىچ دادىسىنى دوختۇرغا ئاپىرىپ كەلگەندەك ئاۋايلاپ مېڭىپ ئۆيگە ئەكېلىۋالاتتى، ئەكبەرنىڭ كۈندىن-كۈنگە بەتەرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىغا چىدىمىغان ئۇنىڭ ئايالى ھېچقانداق ئامال تاپالماي ئۇنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىسىشقا باشلىدى. چۈنكى ئەر كىشى بولغاندىكىن تۆت-بەش تەڭگە يېنىدا تۇرمىسا بولمايدۇ، دەپ يانچۇقىغا پۇل سېلىپ قويسا، ئۇنىڭ ھەممىسىگە ھاراق ئىچىپ ئايالىغا بىرمۇنچە جەۋرى-زۇلۇملارنى سالاتتى. ئايالىنىڭ بۇ خىل ئۇسۇلى ئەكبەرنى توسۇپ قالالماستىن، بەلكى بىچارە ئايالىغا ئېيتقۇسىز ئازاب، ئار-نومۇسلارنى ئېلىپ كەلدى، چۈنكى ئەكبەر ھاراق ئىچمىسە پەقەتلا تۇرالمايتتى. ئەمدى ھاراق ئىچكۈسى كەلسە، ئايالىدىن پۇلمۇ ئالماي ئۇدۇل ئاشخانىلارغا كىرىپ بىر رومكىنى كۆتۈرگەن ھالدا جوزىلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ تىلەپ ھاراق ئىچىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بەزى چاغلاردا پەقەت ئامال تاپالمىسا دوختۇرخانىغا كىرىپلا قېنىنى ساتاتتى-دە، چىقىپلا ئۆزىگە ئوخشاش ھېلىلا ئەخلەت ئىچىدىن تۇرغاندەك سۆرۈن چىراي ئۇلپەتلىرى بىلەن سورۇن تۈزۈپ قانغىچە ئىچىشەتتى. كۆپ ھاللاردا بۇلارنىڭ قان سېتىشى نۆۋەت بىلەن داۋام قىلاتتى. بىر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كېلىۋاتقان پاتىگۈلنىڭ كۆزى تىلەپ ئولتۇرغان بىرنەچچە ئاقساق-چولاقلارنىڭ قاتارىدا غەرق مەست ھالەتتە ئالقانلىرىنى كەڭ ئېچىپ ئالا-تاغىل ۋارقىراپ ئولتۇرغان ئەكبەرگە كۆزى چۈشۈپ قالدى-دە، خۇددى تۇيۇقسىز مىخ دەسسىۋالغاندەك كۆزى قاراڭغۇلىشىپ يول ياقىسىدىكى بىر تۈپ كۆچەتنى تۇتۇپ بىرھازا تۇرۇپ قالدى...

ئەكبەرنىڭ ھازىرقى ھالىتى بىر ئائىلە ئۈچۈن يۈك بولۇپ قالماستىن، بەلكى زېمىنىڭمۇ بىر يۈك ئىدى. ئۇ راستىنلا يەر يۈزىگە ئوشۇق تۇغۇلۇپ قالغان بىر بەندە ئىدى. بىچارە ئايال بىرھازا يىغلاپ ئىچىنى بوشىتىۋالغاندىن كېيىن چوڭ ئوغلىغا:

— ئوغلۇم، ئەمدى سېنىڭ بۇ ئۆيدە تۇرىدىغان يېرىڭ قالمىدى. مەن سىڭلىڭ بىلەن ئۇكاڭنى ئېلىپ چوڭ داداڭنىڭ ئۆيىگە كېتەي، سەن چوڭ بولۇپ قالدىڭ، داداڭدىن خەۋەر ئېلىپ ئۆيدە تۇرۇپ تۇرغىن، بىزنىڭ تەقدىرىمىز مۇشۇنداق ئوخشايدۇ. مەكتىپىڭنى تاشلىماي، ياخشى ئوقۇغىن، كۈنىمە مەن بىلەن ئۇچرىشىپ

تۇرساق يەيدىغان نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىمەن،— دەپ ئىككى بالىنى ئېلىپ، ئۆيىدىكى ئانچە-مۇنچە نەرسىلەرنى بىرەر قۇر يىغىشتۇرۇپ، بىرنەچچە يىلدىن بۇيان «ئاجرىشىپ كەت» دەپ يېلىنىپ يۈرگەن دادىسىنىڭ ئۆيىگە كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەكبەر بوينى باغلاقسىز موزايدەك «ئۆزى بەگ، ئۆزى خان» بولۇپ قالدى. ئەمدى ئىچمە دەپ ئۇنىڭ كۆزىگە كېچىمۇ-كۈندۈز كىرىۋالىدىغان ئايالمۇ، «تامىقىڭ سوۋۇپ قالدى يەۋالغىن ئوغلۇم» دەپ ئارقىسىدىن پايىپېتەك بولۇپ يۈرىدىغان ئانىسىمۇ قالمىغانىدى. ئەكبەر ئۆيگە كىرسە بولۇڭدا مۈگدەپ ئولتۇرغان ئوغلىدىن باشقا ئۇنىڭغا خەيرىخاھلىق قىلىدىغان ھېچكىم يوق ئىدى.

دادىسى بىلەن بىرنەچچە كۈن تۇرغان چوڭ ئوغۇل دادىسىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا ئانىسى ئون نەچچە يىل چىدىغان بىلەن، ئۇ بىر ھەپتە تۇرمايلا قار-يامغۇر يىغلاپ چوڭ دادىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىۋالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئەكبەر پۈتۈنلەي ئىگە-چاقىسىز بولۇپ سەرسانلىق كوچىسىغا كىرىپ قالدى. كۆپ ھاللاردا ئۆيگە كەلمەيدىغان، قورساق تويغان، ئۇيقۇ كەلگەن يەردە يېتىپ قالىدىغان بولۇپ قالغانىدى. كىيىم-كېچەكلىرىمۇ تۆكۈلۈپ كەتكەن بولۇپ، چاپانلىرىنىڭ پاختىلىرى ساڭگىلاپ قالغانىدى. ئەكبەر ھەر كۈنى دېگۈدەك ئەتىگەندىلا كوچا ئاغزىغا كېلىپ بىرەر جاينى تېپىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئالدىدىكى يول ئۈچ يەنە توشسىلا ئورنىدىن تۇرۇپ قاۋاقخانىغا يۈگۈرەيتتى. شۇنىڭ بىلەن قانغىچە ئىچىپ ئاغزىدا كەلگەننى سۆزلەپ چوڭ كوچىدا بىرھازا ئۇياق-بۇياققا مېڭىپ يۈرگەندىن كېيىن كىرىش نۆۋىتى كېلىپ قالغان (ئۇنىڭدىن ئاشخانىدىكى ئاشپەزلەرمۇ زېرىككەن بولۇپ، ھەر كۈنى بىر ئاشخانىغا كىرىۋالسا ئۇنى تىللاپ-قوغلاپ چىقىرىشاتتى) ئاشخانىنىڭ بىرىگە كىرىپ شۇ يەردە بىر كۈننى ئۆتكۈزەتتى. ئەكبەر مۇشۇنداق سەرسانلىقتا يۈرگىلى بىر يىلدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇ بۇ بىر يىل ئىچىدە ئۆيىدە بار نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك سېتىپ ھاراق ئىچىپ تۈگەتتى.

ئەكبەر ئاخىرى يىقىلدى. خۇددى قاپاق تېرەك كۆكلەپ تۇرغان بىلەن ئىچى-كاۋاك بولغاندەك، ئەكبەرنىڭمۇ ئۆپكىسى تۈگەپ كانىيى قالغانىدى. ئۇ كېسەل ئازابىدا ئىڭراپ، سىرتقا چىقالماي ئاچ قورساق تۆت تامغا قاراپ بىر كۈن ياتتى. ئىككىنچى كۈنى ئۇنى سىرتتىن كۆزىتىپ كېلىۋاتقان ئايالى چوڭ ئوغلىنى ئەۋەتىپ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئۆيگە كېلىپ، ئۇنى دوختۇرغا ئاپارماقچى بولۇپ تۇتۇندى. بىراق ئەكبەر پەقەتلا ئۇنىماي «بۈگۈن شەنبە بولۇپ قالدى، دۈشەنبىگىچە قاراپ باقاي، دۈشەنبىگىچە ساقىيالمىسام ئاندىن باراي» دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ رەھىمدىل ئايالى ئەكبەرنىڭ رازىلىقى بويىچە دوختۇرغا بېرىشنى دۈشەنبىگە قالدۇرۇپ بازاردىن تاماق ۋە باشقا يەيدىغان نەرسىلەرنى ئەكىرىپ بېرىپ دادىسىنىڭ ئۆيىگە كەتتى. ئۆيدە ئەكبەر بىلەن ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى قالغانىدى. ئەكبەر ئايالى ئەكىرگەن نەرسىلەرنى يەپ بىرئاز تىرىلىپ قالغان بولسىمۇ ماڭغۇدەك ماجالى يوق ئىدى. ئۇ ئايالى دادىسىنىڭ ئۆيىدىن ئەكىلىپ راسلاپ بەرگەن ئورۇندا يېتىپ خىيال سۈرەتتى. ئۇنىڭ قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغان يالغۇز تېرەكتەك مۈگدەپ كۆڭلى ئۇن-تىنسىز يىغلايتتى. ئۆز ئاغزى بىلەن قەسەم قىلغان «دۈشەنبىدىن باشلاپ» دېگەن سۆزىنىڭ بىرەر قېتىملىقىغا بولسىمۇ ئەمەل قىلالمىغانلىقىنى ئويلاپ قاتتىق ئۆكۈنەتتى، بىراق ئۇ كېچىككەنىدى.

دۈشەنبە كۈنى دوختۇرغا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئالدىراپ كېلىۋاتقان ئۇنىڭ ئايالى چوڭ كوچىدا ئوغلى بىلەن قۇچاقلىشىپ يىغلاپ كەتتى. چۈنكى ئەكبەرنىڭ ئوغلى دادىسىنىڭ دۈشەنبە كۈنى سەھەردە بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈ خوشلاشقانلىقىنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن ئاپىسىنىڭ يېنىغا كېتىۋاتاتتى.




## پەخىردىن مۇسا

بۇ قەدىمكى دەريا تارىختا قانچە قېتىم كۆۋەجەپ نەچچە قېتىم تاشقىنلىغان؟... بۇنى ھايات ياشاۋاتقان ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن سورىساق ئۇلار بىرئاز مۇكەممەل جاۋاب بېرەلىشى مۇمكىن... ياق، ئۇنى پەقەت ئاشۇ دەريانىڭ ئۆزىلا تولۇق بىلسە كېرەك... ئۇ 1933-يىلى يەنە بىر قېتىم ئەنە شۇنداق كۆۋەجىگەن، تاشقىنلىغانىدى. خۇددى باشقا قىنتەلەردىكى شىر كەبى ھۆركىرەۋاتقان دولقۇنلۇق دېڭىزدەك نەرە تارتىپ تاشقىنلىغان، قېنىغا پاتماي ھۆركىرىگەن. شۇ چاغلاردا ئۇ ئاشۇ ھۆركىرىشى، تاشقىنلىشى بىلەن دېڭىزغا تەڭلىشەلەيتتى، دېڭىز بىلەن بەسلىشەلەيتتى. ئۇنىڭ دېڭىز بولغۇسى بار ئىدى... شۇنداق، ئۇ ئاشۇ ۋاقىتتا خۇددى بىز ئېيتقاندەك تاشقىنلاپ كەتتى.

بۇ دەريا گۈزەل كورلا دىيارىنىڭ باشبەگىم ۋادىسىدىن باشلىنىدىغان كۆنچى دەرياسى ئىدى. دەريانىڭ كۆۋەجىشى، تاشقىنلىشى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن كۈنلەردە ئاشۇ دەريا ۋادىسىدا بىر ئوغۇل بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولغانىدى. يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان زەبەردەس دادا ئىككى يانغا تەۋرىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇ خۇددى كۆنچى دەرياسىدەك ئۆركەشلەپ، تاشقىنلاپ كېتىۋاتقان يوگەنسىز ھېسسىياتىنى ئاران تەسلىكتە بېسىۋالغانىدى. ئۇ مۇشۇ يۇرتتا بىر ئۆمۈر كۆنچىلىك ھۈنىرى بىلەن جاھاندارچىلىق قىلىپ، ئەمەت كۆنچى دېگەن نامى يۇرتقا پۇر كەتكەن ئۇستا ھۈنەرۋەن ئىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆتكۈر تېرە ھىدى پۇراپ تۇرغان كېلەڭسىز گەۋدىسىنى ئالدىغا ئېڭىشتۈرۈپ، كۆمەچتەك قېتىپ كەتكەن، ئەمما ھاياجاندىن تىنىمسىز تىترەۋاتقان قوللىرى بىلەن بالىسىنى كۆتۈرۈۋالدى-دە، ھالسىز ياتقان ئايىنىڭ: «دادىسى، ئاۋۋال ئۈچ كۈن توشسۇن!» دېگەن زەئىپ ئاۋازىدىكى ئۆتۈنۈشلىرىگىمۇ قۇلاق سالماي ئۇنلۇك ئاۋازدا تەكبىر ئېيتىپ، ئوغلىغا ئۆمەر دەپ ئىسىم قويىدى.

### ئۇلۇغ ئارزۇ، تۇرمە...

...تونۇگۈنلا دادىسى ئەمەت كۆنچىنىڭ ئارقىسىدا تاپتاڭلاپ يۈرگەن ئۆمەر ئەمدىلىكتە نەلەرگىدۇر ئالدىراپ ئېقىۋاتقان كۆنچى دەرياسىنىڭ ئەلۋەك سۈيىگە ھەمنەپەس بولغاندەك،

تېزلا ئۆسۈپ چوپچوڭ يىگىت بولۇپ قالدى... دادا شۇ چاغدىكى شارائىت، مۇھىت تۈپەيلى، ئوغلىنى مەدرىسىدە ئوقۇتۇشقا مەجبۇر بولغانىدى. ئۆمەر تېزلا قۇرئان بىلىملىرىدە ساۋاتلىق بولۇپ يېتىلدى. ئوغلىنىڭ زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلىكىدىن خۇرسەن بولغان دادا ئۇنىڭغا ئۆيدىمۇ يەنە بىر خىل ئوقۇش شارائىتى ھازىرلاپ پەننى جەھەتتىنمۇ ئىلىم تەھسىل قىلدۇردى. ئۇ ئوغلىنىڭ «قارا تۈرك» بولۇپ قېلىشىنى زىنھار خالىمايتتى. شۇنداق قىلىپ ئۆمەر قامەتلىك يىگىت بولۇپ يېتىلىش بىلەن بىرگە، ئىلىمدىمۇ، دىندىمۇ بەلگىلىك ساۋاتقا ئىگە بولدى، ئەقلى چوڭايدى. شۇ تەرىقىدە بەش-ئالتە يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئەمما شۇ ۋاقىتتىكى تۇرمۇشى ناھايىتى قىيىن ئىدى. ئۇ جاپالىق تۇرمۇش شارائىتىنى، جەمئىيەتنى كۆردى، چۈشەندى. ھاياتنىڭ ئاچچىق-چۈچۈكلىرىنى تېتىدى. شۇ سەۋەبلىك ئۇ دادىسىغا ياردەملەشكەچ ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىش نىيىتىگە كەلدى ۋە شۇنداق قىلدى.

ئۇ ھۈنەرنى تېزلا قولىغا ئېلىپ، مۇستەقىل ئىش قىلالايدىغان بولدى، ھۈنەر ئۆگىنىش ئۇنىڭغا ئانچە تەسكە توختىمىغان بولسىمۇ قىشمۇ-ياز بەدبۇي پۇراققا تولغان قوي، كالا تېرىلىرى ئارىسىدا تىنىمسىز مۈكچىيىپ ئىشلەش، ئاچچىق شور-تۇز بىلەن ھەپىلىشىش، يۇڭ قىرقىش، مۇزدەك سوغۇق سۇدا تېرە يۇيۇش، تېرە ئاشلاش... ئانچمۇ ئاسانغا چۈشمەيتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ بەدىنىدىنمۇ دادىسىنىڭكىگە ئوخشاشلا سېسىق يۇڭ-تېرە پۇرىقى تارقىلاتتى. قانچىلىغان قوشنىلارنىڭ قىزلىرى كېلىشكەن بۇ يىگىتكە ئاشىق بولغان بولسىمۇ لېكىن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭدىكى ھېلىقى پۇراقتىن سەسكىنەتتى، ئۇنىڭدىن بىزەتتى. ئەپسۇسكى ئۇنىڭ قولىدىكى ئوخشاشلا تېرە پۇرىقى كېلىۋاتقان، تاراقلاپ تۇرغان پۇللار يەنە ئاشۇ نازۇك مىجەز قىزلارنى گويا ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتاتتى. ئۆمەرمۇ ئۆز بەدىنىدىكى بۇ خىل پۇراقتىن بەزىدە بىزار بولاتتى. كېيىنچە ئۇ بۇنىڭغىمۇ كۆنۈپ قالدى، ھەتتا بۇ ھۈنىرىدىن پەخىرلىنىدىغان بولدى. چۈنكى، ھۈنەر ئۇنىڭغا ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى.

1958-يىلى كوپېراتسىيىلىشىش دولقۇنى تازا يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى، دەل شۇ چاغدا ئۆمەرنىڭ ھۈنىرىمۇ تازا ۋايىغا يېتىپ راۋاج تېپىۋاتاتتى. ھۈنەر ئۇنىڭ قولىغا ئوبدانلا پۇل كىرگۈزگەچكە ئۇ ئۆز زامانداشلىرى ئىچىدە «ئۆمەر باي» غا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇ جاپالىق مېھنىتى ئارقىلىق ھەقىقەتەنمۇ بېيىدى، دىلى شادلىققا چۆمدى، ئەل-يۇرت ئىچىدە ئابرويى كۆتۈرۈلدى. ئىلگىرى ئۇنى «تېرە پۇرۇش» دەپ چاقىرىدىغانلارمۇ ئەمدى ئۇنىڭغا ئىنتىلىدىغان، ھەۋەسلىنىدىغان، يۇرت بېگىنى ھۆرمەتلىگەندەك ھۆرمەتلەيدىغان بولدى. ئۇ بۇنداقلارنىڭ ياغلىما سۆز-ھەرىكەتلىرىگە ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىدى. ئۇنىڭ نەزەرى بىراقلا ھالقىپ ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتكە يۈزلەنگەنىدى. ئۇ كۆردى، ئەتراپىدىكى نۇرغۇنلىغان نامرات قېرىنداشلىرىنى، ھەتتا غېرىب-غۇرۋا يۇرۇۋاتقان جاپاكەش يۇرتداشلىرىنى كۆردى، ئۇلارنىڭ ھالىنى تونۇپ يەتتى، ئۇ بۇرۇن بۇلارنى كۆرمىگەن، تونۇمىغان بولغىمىدى؟ كۆرگەن، لېكىن ھازىرقىدەك كۆرەلمىگەنىدى. ئۇنى قانداقتۇر بىر كۈچ، غايىب بىر قول ئاشۇ نامرات يۇرتداشلىرى تەرەپكە تارتىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئاجايىپ بىر تال قىسماق ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئېلىپ تۇنجى قېتىم قىسماقتا، قاتتىق ئاغرىتىپ قىسماقتا، ئادەتتىكىچە ئاغرىش ئەمەس، ئالاھىدە غەلىتە بىر سېزىم ئىچىدە ئاغرىۋاتقان ئۇنىڭ يۈرىكى بىردىنلا ئۇنى قاتتىق سىلكىندۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ روھى ئويغانىدى! ئۇ خېلى كۆپ نامرات، يېتىم، ئاجىزلەرگە تۇنجى قېتىم مىڭ يۈەن پۇل (ئەلۋەتتە شۇ چاغدىكى مىڭ يۈەن ھازىرقى نەچچە مىڭ يۈەنگە تەڭ)، قۇر-قۇرلاپ كىيىم، مىڭ جىڭ ئۇن ياردەم قىلدى. بۇنىڭ

بىلەن ئۇ ئۆزىنى ئىنتايىن ئازادە ھېس قىلدى ۋە قەلبىدە بىخ سۈرگەن ئارزۇسى تۇنجى قېتىم چېچەكلەپ مېۋە بەرگەندەك بولدى. باشقىلار ئۈچۈن ھەقىقىي ياردەم بېرەلىگەن ئادەم ئۆزىنى ئەڭ بەختلىك ھېس قىلسا بولىدۇ. ھاياتنىڭ قىممىتىمۇ ئەنە شۇ يەردە. «خۇدا ئۇنىڭغا شاپائەت قىلغاچ، ئۇ بىزگە شەپقەت يەتكۈزىۋاتىدۇ، ئاتىسىنىڭ بالىسى ئەمەسمۇ!... كۆڭلى دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئىچكەن دەڭلا... يەنىمۇ كۆكلەپ كەت ئوغلۇم!...» بۇ ئۇنىڭ ياردىمىدىن بەھرىمەن بولغان ۋە ئۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ياخشى نىيەتلىك ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلغان ھىننەتدارلىق تەشەككۈرى ئىدى.

كۆپ ئۆتمەي ئۇ بۇنداق ئازغىنە ياردەم بىلەن شۇنچىلىغان قېرىنداشلىرىنى نامراتلىقتىن ئۈزاققىچە قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى. شۇ چاغدا ئۇ، ئاشۇ ھېس-تۇيغۇ ئىچىدە يىراقتىن پارلاۋاتقان بىر يورۇقلۇقنى كۆرۈپ قالدى! ئەپسۇسكى ئۇ يورۇقلۇق يىراقتا، تولىمۇ يىراقتا تۇرغاندەك ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ تىرىشىش ئارقىلىقلا ھامان بىر كۈنى ئۇنىڭغا يەتكىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ ئاشۇ يورۇقلۇقنى نىشانلاپ قەدەم باستى. كېچە-كۈندۈزلەپ ھۈنەر قىلدى، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلىدى. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇ بۇ مەقسىتىگە يېتەلەيتتى.

... ئۇ بەك چارچاپ كەتكەنىدى، لېكىن ئاشۇ چارچاش بەدىلىگە نۇرغۇن پۇلمۇ تېپىۋالغانىدى. ئەمدى ئۇ ئۆز ئارزۇسى بويىچە بۇ پۇللىرىغا بىر مەكتەپ سالدۇرۇپ، ئوقۇشسىز قېلىپ ياكى ئوقۇتالماي زۇلمەت ئىچىدە ياشاشقا، ئاتا-بوۋىلىرىدەك ساۋاتسىزلىق ئىچىدە يەنىلا نامرات، قاششاق تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولۇۋاتقان ياش نوتىلارنى ئاشۇ مەكتەپتە ئوقۇتۇپ، يېقىن كەلگۈسىدە ئۇلارنىڭمۇ ئۆز بىلىملىرىگە تايىنىپ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇپ ياخشىراق ياشاش، توغرىسى ئادەمدەك ياشاش شارائىتىغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن بىر ئاساس تىكلىمەكچى بولدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئېڭىدا «نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ ئادەملىرىمىز كەتمەن ئاستىدىن باش كۆتۈرەلمەيدۇ؟» دېگەن پىكىر ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى. ئۇ ئاشۇ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالىسا ھاياتىدا ئەڭ توغرا ۋە ئۇلۇغ بىر ئىش قىلغان بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى.



ئۇ بۇ ئارزۇسىغا، ئۆزى كۆزلىگەن

ئاشۇ يورۇقلۇقتا يېتەيلا دەپ قالغانىدى، ئەمما يېتەلمىدى. دەل مۇشۇ چاغدا، ئۇنى ھەممىدىن بەك تونۇيدىغان، بۇرۇنلا ئۇنىڭ ھەققىي ئۆز بالىسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان كۆنچى دەرياسىنىڭ نېمشقىدۇر مۇڭلۇق سازىنى باشلاپ قالدى. سەۋەب: شۇ چاغدىكى سىياسىي مۇھىت تۇپەيلى ئۇنىڭ ھالال ھۇنىرى بىلەن بېيىغانلىقى ئادەملىرىمىز تەرىپىدىن «ھايانكەشلىك» دەپ قارىلىنىپ ئىشتىن توختىتىپ قويۇلدى، مەكتەپ سىپلىشقا تېخىمۇ يول قويۇلمىدى. ئۇ يوقىرىقى «گۇناھى» سەۋەبلىك بىراقلا قولغا ئېلىنىدى-دە، غۇلجىدىكى قارا بارا تۈرمىسىگە ئېلىپ بېرىلىپ زەي كامېرغا سولاندى. كۈندۈزدىكى مەجبۇرىي ئېغىر ئەمگەك كېچىدىكى بەدبۇي سوغۇق كامېر ھاياتى ۋە كېچىلەپ قىلىنىدىغان سوئال-سوراق... بۇ زەبەردەست يىگىتنى زەئىپ، نىمجان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويدى. ئۇمۇ ئاز كەلگەندەك، تۈرمىدە تارقالغان ئىشىق كېسىلى ئۇنىڭغىمۇ يۇقتى. ئۇ جىسمانىي جەھەتتىن سۇنغان بولسىمۇ لېكىن روھىيىتىدىكى ئىرادە، ئۇمىدى سۇنمىغانىدى. «ئۇمىد ئادەمنى ھاياتلىققا باشلايدۇ، ھاياتلا بولىدىكەنمەن بۇ دوزاختىن چىقىپ، ئارزۇيۇمنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرىمەن» دەپ ئويلايتتى ئۇ. ئاشۇنداق شارائىتتا كۆرگەنلا ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىن بۇنداق روھنى تېپىش تەس بولسا كېرەك. شۇنداق قىلىپ، ئۇ بۇ يەرگە ناھەق سولانغان بولسىمۇ، ئۆز ئىرادىسىدىن يانماي، ئەڭ بۈيۈك ئارزۇ-ئۇمىدىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، تۈرمىدىكى «ئېپادىسى»نى كۈنسايىن ياخشىلاپ، لېۋىنى لېۋىگە چىشلەپ ئىشلىدى. ھەتتا ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ بولسىمۇ ھۇنىرىنى ئىشقا سېلىپ تۈرمە دائىرىلىرىدىكى خام تېرىلەرنى ئاشلاپ جۇۋىلىق پىششىق ماتېرىيال تەييارلاپ بەردى. يىللار شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ، ئۇ مۆھلەتتىن بۇرۇن يەنى تۆت يېرىم يىللىق تۈرمە ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئەركىنلىككە، ئىنسان ھاياتىدىكى ئاشۇ چەكسىز بەختكە ئېرىشتى...

## يېزىدىكى قىيامەت

قەيەردىكى قۇش قەيەردىن ئايرىلسا قانچىلىك خۇشال بولىدىغاندۇ-ھە! ئۇمۇ قەيەردىن يېگىلا بوشانغان قۇشتەك شادلاندى، بىزنىڭ بىلىدىغىنىمىزدىنمۇ، ھېس قىلغىنىمىزدىنمۇ بەكرەك خۇشال بولدى. كەڭ تەبىئەتكە قاراپ ئۆزى بىلەن ئۆزى قاقاقلاپ كۈلدى؛ ئۇ تۈرمىدە ئەمگەككە سېلىنىۋاتقاندىلا، ئىنسان ئۈچۈن يۈرەك بىلەن قاندەك كەم بولسا بولمايدىغان ئەركىنلىكنىڭ قەدرىگە يەتكەنىدى.

1962-يىلى 12-ئاينىڭ 20-كۈنى كۆنچى دەريا ۋادىسىغا جۇلجۇل كىيىملىك، زەپىرەك چىراي، قەلەندەر سۈپەت بىر ئادەم ئاستا ۋە ئاجىز قەدەمدە كىرىپ كەلدى. ئۇنى توك كۆتۈرۈۋالغان ئانا تۇپراق يۈزىدىكى توپا توزۇندىلىرى، يېگىلا يىغىۋاتقان قار ئۇچقۇنى قىشتىكى جىمجىت دالا، يوپۇرماقسىز ئۈرۈمانىزارلىقلار، دان بىلەن جان قايغۇسىدا قېلىپ ۋىچىرلاۋاتقان ئاق قۇشقاچلار، يۇرت ئاسمىنىدىكى ئۇنىڭغا تونۇش بولغان توك قاغىلار ۋە ئىككى لېۋى شىلمىدان مۇز توتۇپ شالاپشىپ ئاۋاز چىقىرىپ ئېغىر سۈكۈتتە ئېقىۋاتقان ئانا دەريا... كۈتۈۋالدى. شۇ دەقىقىدە بۇ دەريا ئۇنىڭ تۇيغۇسىدا ئېغىر ھاسىراۋاتقاندەك، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەسرەتلىنىۋاتقاندەك، نېمشقىدۇر يېنىك ئۈركەشلىرى ئارىسىدىكى تۇمەنلىگەن كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا ئۈكۈنۈش ئارىلاش مۆلدۈرلەپ قاراۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. شۇئان ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى سوغۇق بىر ئېقىم تىترىتىپ ئۆتتى. ئۇ بۇنىڭ تۇڭلىغانلىقتىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىن ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى، بەلكى بىلىشنىمۇ خالىمىدى.

ئادەملەر — ئۇنىڭ يۇرتداشلىرى گويا ئۇنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغاندەك ئۇنىڭغا يوچۇن نەزەردە قاراشتى، ئۇنىڭ تۆت يېرىم يىلدىن بۇيانقى تۇنجى سالىمىنى ئىلىك ئېلىشمىدى. خۇددى ۋابادىن قاچقاندەك ئۇنىڭدىن نېرى قېچىشتى، كۇسۇرلاپ بىرنېمىلەرنى دېيىشتى. كىچىك باللار ئۇنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن چاچ-ساقىلىغا ۋە تولىمۇ ۋەيرانە تۇرقىغا قاراپ ئۇنى «ساراڭ» دەپ ئويلاشتى بولغاي، چالما-كېسەك ئېتىپ ۋارقىرىغىنىچە ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىشتى.

ئۇ ماغدۇرسىز قەدەملىرى بىلەن ئۆزىنىڭ قەدىناس ھويلىسىغا، ھويلىدىن غۇربەتچىلىك يېغىپ تۇرغان ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. ئۆيمۇ ئۇنى سىرتقى مۇھىتتىن ئانچە پەرقسىز ھالەتتە كۈتۈۋالدى... ئۇ گاراڭلىق ئىچىدە نىدا قىلدى: «بۇ نېمە ئىشتۇ؟ مەن خۇددى بۇ يۇرتنىڭ، بۇ ئائىلىنىڭ يات ئادىمىدەك!... خۇدا، مەن ئالدىڭدا نېمە گۇناھ قىلغان بولغىدىم؟...» ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ ئىلگىرى مەكتەپ سالدۇرماقچى بولغان پۇللىرىنىڭ پۈتۈنلەي مۇسادىرە قىلىنغانلىقىنى بىلگىنىدە، ھوشىدىن كەتكىلى تاس-تاماس قالدى. ئۇ ئاشۇ پۇللارنى گويا چۈمۈلە تىرىشچانلىقىدا ئىشلەپ تاپقان، يېمەي-ئىچمەي دېگۈدەك يىغقان ئەمەسمىدى!؟ ئۇ كۆزلىگەن ھېلىقى يورۇقلۇق... ئاھ، ئۇ تامام ئۆچۈپ كېتەرمۇ ئەمدى!... بۇلارغا تەڭرىدىن ياكى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بەندىلەردىن ھېچ سادا كەلمىدى.

ئۇ ئارزۇ قىلغاندەك ئاشۇ پۇللىرىنى قايتۇرۇپ بېرىش تۈگۈل، تەشكىل ئەتسىلا ئۇنى شەھەردە تۇرغۇزماستىن، تۆۋەنگە — (سابىق كورلا ناھىيىسىنىڭ يېڭىشەھەر يېزىسىغا «ئۆزگىرىش»گە) چۈشۈرۈۋەتتى. ئۇ يېزىغا بېرىپلا «ئۇنسۇر» دەپ قالپاق كىيدى. شۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى پۈتۈن مال-مۈلۈكمۇ مۇسادىرە قىلىۋېتىلدى. يېزىدىكى تۇرمۇشى ئۇنىڭ قارا بارا تۇرمىسىدە كۆرگەن كۈچۈرمىشىدىن قېلىشمايتتى. ئۇ ئۆز تىرىكچىلىكى ئۈچۈن كىچىككىنە ھەرىكەت قىلسىلا «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان، كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرمەكچى بولغان» بولۇپ، قاتمۇ-قات كۈرەش، ئۇرۇش، قىيناش ئاستىغا ئېلىناتتى.

ئىككى پىل ۋاقىت ئەنە شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى. ئۈچىنچى يىلى ئۇ باشقا ئون نەپەر ئادەم بىلەن باغراش كۆلى بويىدىكى ئاقتاغقا چاشقان تۇتۇش ئالۋىڭىغا ئەۋەتىلدى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى چاشقان تۇتۇپ بىر مىڭ بەش يۈز يۈەن پۇل تېپىپ كېلىش ئىدى. گۈزەل باغراش ۋادىسىنىڭ رەڭگارەڭ تەبىئىي مەنزىرىسى ئۇنىڭ جىق ئازار يېگەن كۆڭلىنى بىر ئاز يەڭگىللەتكەندەك قىلسىمۇ، لېكىن بۇ يەردىكى ئاچلىق، پاشىغا تالىنىش، كېچە-كۈندۈز سۇ ئىچىدە ئىشلەشكە ئوخشاش زىيانلىق شارائىت، ئېغىر ۋەزىپە يەنىلا ئۇنىڭ يەلكىسىدىن بېسىپ جىسمىنى خوراتتى. ئۇ قورسىقى ئاچقاندا بەزىدە قومۇش يىلتىزىنى يەپ بولسىمۇ تىنىمسىز ئىشلىدى. ئۆلتۈرۈشكە كۆڭلى قىيمىسىمۇ نەچچە يۈزلىگەن سۇ چاشقانلىرىنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. «سىلەر ئۆلمىسەڭلار ماڭا كۈن يوق، جاھان شۇنداق، جانىۋارلار...» دەيتتى ئۇ ھەر بىر چاشقاننى ئۆلتۈرگەندە. شۇنداق قىلىپ ئۇ بۇ يەردىكى مۆھلىتى توشقاندا ۋەزىپىسىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ، بۇ سۇ چاشقىنى دۇنياسىدىن ئايرىلدى.

ئۇ يېزىغا قايتىپ كەلگەندە، پەقەت بىر كالتا ئىشتان بىلەنلا قالغانىدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاقتاغدا «يېگەن-ئىچكەنلىرى» ھېساب-كىتاب قىلىنىپ يەنە بىرمۇنچە «قەرز»گە بوغۇلغانلىقى پۈتۈن يېزىغا جاكارلىنىپ ئۇ قايتىدىن يېپەن-كۈرەش قاينىمىغا سۆرەپ كىرىلدى... ئۇ قورسىقىنىمۇ تويغۇزالماي پاقالمايۋاتقاندا، بۇنچىۋالا قەرزنى قانداقمۇ تۆلىيەلىسۇن؟ ئەمدى ئۇ ياشاشتىن ئۈمىدىنى ئۈزدى. بىر كېچىدىلا ئۆلۈۋالماقچى بولدى، دەل شۇ خىيال كاللىسىنى

چىرمىشۋالغان كېچىسى ئۇ بىر خاسىيەتلىك چۈش كۆردى. چۈشىدە، ئاپئاق ساقاللىق، خىزىر سۈپەتلىك بىر بوۋاي ئۇنىڭغا شۇنداق دېگۈدەك: «...ئوغلۇم، سەن ھاياتىڭدا شۇنچە كۆپ كۈلپەت چەكسەڭمۇ، بىرەر ئىنسانغا ھازىرغىچە يامان نىيەتتە بولمىدىڭ، قولۇڭدىن كېلىشىچە باشقىلارغا ياردەم قىلدىڭ، ئۇلارغا ياخشىلىق ئويلىدىڭ، ياخشى نىيەت يەردە قالمايدۇ، ئۈمىدۋار بول! سەن ھامان بىر كۈنى قىممەتلىك زەيتۇن دەرىخىدەك كۆكلەپ ياشنايسەن...» ئۇزۇندىن بۇيان كۈلۈشنىمۇ ئۇنتۇپ كېتەي دەپ قالغان بۇ ئىنسان قاقاقلاپ كۈلگىنىچە ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ئويغىنىپ بولۇپمۇ ئۆزىنى توختىتالماي يەنە شۇنداق كۈلەتتى، كۆزلىرىدە نېمىشقىدۇر ياشقا ئوخشايدىغان بىر خىل سۈيۈقلۇق لىغىرلاپ قالغانىدى... شۇ چۈش تۈپەيلى ئۇنىڭدىكى ئۈمىد، ھاياتقا بولغان مۇھەببەت ئەسلىگە قايتتى، زورايدى. قانداقتۇر جاھىلانە ياشاش ئىستىكى ئۇنى ھېلىقى ھالاكەتلىك خىيالدىن توسۇپ قالدى. ئۇ باشقىچە بىر خىيالنى كۆڭلىگە پۈكتى...

## قاچقۇن

... بۇ يېزا ئۈچۈن ئاسمان گۈمۈرۈلۈپ چۈشتى! يېزىلىقلار ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ئاجايىپ ھەيرانلىق ئىلكىدە قېلىشتى. پۈتۈن يېزا جىددىي تىنتىش ھالىتىگە كىردى، ھەممىلا جاينى خۇددى ئۇرۇش ۋاقتىدىكىدەك قورقۇنچلۇق كەيپىيات ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋالدى. «ئۆمەر يوقاپ كېتىپتۇ! ئۆمەر ئۇنسۇر قېچىپ كېتىپتۇ!» بىر كېچىدىلا تارقالغان بۇ خەۋەر يېزىنى ئەنە شۇنداق ئەنسىز ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغانىدى. لېكىن ساددا دېھقانلار ئۇنىڭ قېچىپ كېتەلىشىگە زادىلا ئىشەنمەيتتى. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئۇ ھەرقانداق ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىنغان «بۇزۇق ئۇنسۇر» ئىدى. شۇنداق، ئۇ ھەرگىزمۇ «قېچىپ كېتەلمەيدۇ...»

مىنبەگلار ئۇنى ئىزدەپ تەرەپ - تەرەپكە چاپتى، ئۆيلەرنى ئاختۇردى، خالىغان ئادەملەردىن گۇمانسىرىدى، ئۇلارنى سوراق قىلدى، ئەمما ئۇنى ھېچيەردىن تاپالمىدى. بۇ 1967 - يىلىدىكى تازا مالىمانچىلىق مەزگىل بولۇپ، ھەممىلا جايدا كۈرەش، ئىنقىلاب، ئۇرۇش-چېقىش، بۇلاپ-تالاش ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەنىدى. ئۆمەر ئەنە شۇنداق مالىمانچىلىق ئىچىدىن يول تېپىپ، ئاۋۋال ئۈرۈمچىگە، كېيىن ئۈرۈمچىدىن ئۆزىگە ئوخشاش بىر نەچچە «قاچقۇن» بىلەن بىراقلا غۇلجىغا قېچىپ كەتتى. ئۇنىڭ قاچقۇنلۇق ھاياتىمۇ يېزىدىكى ھاياتىدىن ئانچە پەرقلەنمىدى، سەرسان-سەرگەردانلىق تۇرمۇش ئۇنى ئېغىر دەرىجىدە ھالسىراتتى، كىشىلەر ئىشىكىگە تەلمۈرگۈزدى، غۇلجىدىمۇ ئوخشاشلا كۈنچى دەريا ۋادىسىدىكى قاباھەتلىك رەھىمسىز تۇرمۇش ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆمەرنى ئىزدەۋاتقانلار غۇلجىغىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا كېچە-كۈندۈز ئوغرىدەك سۈرۈنۈپ يۈرۈشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. ئۇ مۇشۇ ناتىۋان جاننى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە قېچىپ كەلگەن ئەمەسمىدى؟ جاھان، ۋەتەن قوينى ئۇنىڭ ئۈچۈن نېمانچە تارىيىپ كەتكەن-ھە! ئۇنىڭ دەماللىققا جاۋاب تاپقىلى بولمايدىغان بۇ خىياللىرى، ئۇ غۇلجىغا كەلگەندىن كېيىن تونۇشۇپ قالغان بۇرادەرلىرىگىمۇ ئايان ئىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ بۇرادەرلىرى ئۇنى ئۆزلىرى بىللە بىللەن چەت ئەلگە چىقىپ كېتىش ھەققىدە ئۇنىڭغا نەچچە قېتىم مەسلىھەت بەردى، ئۇنى بۇ ۋەتەندىن چىقىپ كېتىشكە بەس-بەستە ئۈندىدى. ئۇ ئىككىلىنىش، گاڭگىراش ئىچىدە ھېلىقىلار بىلەن توپتوغرا دۆلەت چېگرا ئېغىزىغا كېلىپ قالغىنىنىمۇ تۇيماي قالدى... «ۋەتەن... يات ئەل... قانداق قىلاي؟... قانداق قىلسام بولار؟...» ئۇنى

ئەنە شۇنداق باش-ئاخىرى يوق قىيىن سوئاللار قىينايتتى. ئۇ توساتتىن قاتتىق تورمۇزلانغان ماشىنىدەك توختاپ قالدى. ئەمدى ئۇ ئۆزىنى، ئۆزىنىڭ نەدە تۇرىۋاتقانلىقىنى سەزگەندى. شۇئان ئۇنىڭدىكى قانداقتۇر توسۇۋالغىلى بولمايدىغان بىر خىل ھېسسىيات كەلكۈنى خۇددى تاشقىنلىغان كۆنچى دەرياسىدەك يامراپ، شىردەك ھۆركىرىدى، ئەلەملىك چۇقان سالدى. يۈرىكى كۆكرەك قەپىزىگە پاتماي تىپىرلىدى. قانلىرى ئانا كۆنچى دەرياسىدەك شىددەت بىلەن كۆۋەجىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا تىنىق يېتىشمەي قالدى، ئۇ ھاسىرىغان، ھالسىزلانغان ھالدا ۋەتىنىگە نەزەر تاشلىدى. ئۆز ئاسمىنىدا جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار بىلەن تولغان كېچە قوينىدىكى ئۇنىڭ ۋەتىنى خىرە تۇمان ئىچىدە ئۇنىڭغا تەلمۈرەتتى. ئېغىر گەۋدىسىنى قىمىرلاتقىنىچە ئۇنىڭغا بويۇن قىسىپ قاراپ تۇرغاندەك ئىدى. يىراقتا ئېقىۋاتقان ئىلى دەرياسى ئۇنىڭغا كۆنچى دەرياسىنىڭ ئىلتىجاسىنى يەتكۈزۈۋاتقاندەك شاۋقۇنلايتتى... ئۇ چېگرىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى دۆلەتكە نەزەر تاشلىدى. ئۇ تەرەپ قاراڭغۇلۇقتا، تىمتاسلىقتا چۆككەن بولۇپ، ئاشۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن بىردىنلا گۈزەل بىر پەرى، كۆزلىرىدىن ياپيېشىل نۇر چاقناپ تۇرغان تولىمۇ چىرايلىق بىر جانان چىقىپ كەلدى-دە، ئۇنىڭغا قاراپ تەبەسسۇم قىلدى، جىلمايدى، قولى بىلەن ئۇنى ئۆزى تەرەپكە شەرەتلەپ چاقىردى. ئۇنى بۇ يەرگە باشلاپ كەلگەن بۇرادەرلىرىمۇ ئۇنى چاقىرغاچ ئاشۇ جانان تەرەپكە چېپىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بىر پۇتى ئالدىغا، ھېلىقىلار كەتكەن تەرەپكە تاشلىنىشقا تەمشەلگەنىدە، ئۇ ۋەتىنىنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈۋالماقچىدەك ئارقىغا شاققىدە بۇرۇلۇپ قارىدى. ئۇنىڭغا شۇنچە كۆپ دەرد-ئەلەملەرنى بەخشەندە قىلغان خەلقى شۇ تاپتا نېمىشقىدۇر بىردىنلا ئۇنىڭغا يېقىملىق، سۆيۈملۈك، گويا ئاتا-ئانىسىدەك قەدىرلىك بىلىنىپ كەتتى. ئۇلار ئۇنىڭغا قاراپ يىغا-زارە قىلىشىۋاتاتتى، قوللىرىنى يۇلاڭلىتىپ ئۇنى چارقىرىۋاتاتتى. ئاۋۇ تەرەپتە ئۇنىڭ ھېلىقى قاچقۇن بۇرادەرلىرىمۇ ئۇنى ئۆزلىرى تەرەپكە چاقىرىۋاتاتتى، تېزرەك بولۇشقا ئالدىرىتىۋاتاتتى، لېكىن ئۇ ئالدىرىمايتتى، بارغانسېرى ئالدىرىمايتتى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ۋەتىنى تەرەپتىن تاڭ خورىزىنىڭ چىللىغان تونۇش ھەم يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇمۇ توساتتىنلا ۋارقىرىۋەتتى: «يا...ق!» بۇ ئاۋاز ئىككى دۆلەت ئارىلىقىدىكى چېگرا ئاسمىنىدا قايتا-قايتا ئەكس سادا پەيدا قىلىپ، ئىككىلا تەرەپنىڭ جىمجىت داللىسىنى ئويغىتىۋەتتى... ئەمدى ئۇ تەرەپتە ھېلىقىلارمۇ ۋە ھېلىقى گۈزەل جانانمۇ كۆرۈنمەيتتى. بۇ تەرەپتە — ئۇنىڭ ۋەتىنىدە تۇمەنلىگەن كۆزنەكلەردىن چىراغلار پارقىراپ يېنىپ كەتكەن، شەرق ئۇپۇقىدىمۇ چولپان يۇلتۇزى چاراقلاپ نۇر چېچىپ كەتكەنىدى.

## يەنە تۈرمە

ئانىسى بىلەن خاپىلىشىپ قېلىپ، ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن بىر بالا بىر مەزگىل سەرسانلىقتا يۈردى، توڭلىدى، قورسىقى ئاچتى، ئۆيگە باراي دېسە ئانىسىدىن قورقتى، ئۇ ئاخىرى باشقا جايلارغا چىقىپ كەتمەكچى بولدى. دەل مۇشۇ چاغدا ئۇ ئانىسىنى سېغىنىپ قالدى، بۇ تەگداشسىز سېغىنىش ئىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە ئارقىغا قايتتى، ئۆز قىلمىشلىرىغا كۈلۈپ كەتتى. بۇ، باللار چۈچىكىگە نېمىدېگەن ئوخشىغان-ھە!

ئۆمەر ئاشۇ خىياللىرى بىلەن ئۆزىنى خېلى يەڭگىللەپ قالغاندەك، ئېغىر بىر گۇناھىدىن پاكلانغاندەك ھېس قىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئەمما ئۇ بىراۋلارنىڭ ئۆزىنى يەنە تۇتۇۋېلىشىنى ئويلاپمۇ

قويمايتتى؛

شۇنداق بولدى، قاچقانلار قېچىپ كەتتى. ئۇ بولسا تېز-تېز قەدەملەر بىلەن ئارقىغا قايتتى. ئەگەر ئۇ شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئالدىغا بىرلا قەدەم ئالسا باشقا بىر ئەلگە، يات بىر ۋەتەنگە چىقىپ كېتەلەيتتى. بەلكى شۇ ۋاقىتتىكى بۇ ۋەتەن تۇرمۇشىدىن ياخشىراق تۇرمۇشقا، بۇ ۋەتەندىكى كىشىلىك ھاياتنىڭ قەدرىدىن قەدىرلىكرەك ھاياتقا، كىشىلىك ھاياتقا ئېرىشەلەيتتى، ئۇ ئۇلارغا ئېرىشىشنى خالىمىدى، بەلكى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىدىن، ئۆز ۋىجدانىدىن پەخىرلەندى. ئۇ بايىقىدەك پەخىرلىنىش ئىلكىدە شاد-خۇرام كېتىۋاتقىنىدا، بىر توپ ئادەملەرگە ئۇچراپ قالدى، ئۇلار ئۇنى كۆرۈپلا تۇتۇۋېلىشتى. شۇ چاغدىلا ئۇ ئۆزىگە كەلدى، باياتىنقى ئۆزىنىڭ خىيالىي چۆچكىنى قايتا ئەسلەپ قالدى. ئۆزىدىن زىيادە مەغرۇرلىنىش، پەخىرلىنىشنىڭ كىشىنى غەمسىز، بىخۇت قىلىپ قويىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ بىلەن كىشى ئۆزى بىلىپ-بىلمەيلا پۇشايمان پاتقىقىغا پېتىپ قالىدىغانلىقىنى تونجى قېتىم چۈشىنىپ يەتتى. لېكىن ئۇ يەنىلا ئۆز ۋەتىنىدە تۇرۇۋاتقاچقا ئۆز ئانىسىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېتىلىۋاتقاچقا ئانچىمۇ ئازابلىنىپ كەتمىدى.

تۇتقۇن قىلغۇچىلار قېچىشنى خالىمىغان بۇ قاچقۇننى كۆنچى دەريا ۋادىسىغا ئەكىلىپ تاشلىدى. ئۇ ئۆز ئانىسىنى قايتا كۆرگەندە بۇ دۇنياغا باشقىدىن تۇغۇلغاندەك شادلىنىپ كەتتى. كۆنچى دەرياسىمۇ يېنىك چايقالغىنىچە ئۇنىڭغا، ئۆز ئوغلىغا تەبەسسۇم قىلدى... ئۇنىڭ خۇشاللىقى ئۇزۇنغا بارمىدى. شۇ چاغدىكى قانۇننى ئۆز مەيلىچە ئىدارە قىلىپ كۆنۈپ قالغان بىر قىسىم قانۇنچى ئەربابلار ئۇنىڭغا: «چەت ئەلگە باغلانغان ئەكسىلئىنقىلابىي ئۇنسۇر، ئۆز ۋەتىنىدىن يۈز ئۆرۈگەن قاچقۇن...» دېگەندەك سىياسىي بۆھتانلارنى چاپلاپ، ئۇنى يەنە قايتىدىن كۈرلا تۈرمىسىگە سولاشتى. ئۇ بۇ تۈرمىگە سولانغان تۇنجى كۈنىدىن باشلاپ، ئالدىنقى قېتىمدىكىدىنمۇ بەتتەر مەھبۇسلۇق ھاياتىنى باشتىن كەچۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ پەقەت: «مەن گۇناھسىز» دېگەن جاۋابتىن باشقا سۆزنى قىلىشنى بىلمەيدىغاندەكلا ئىدى. شۇ سەۋەبلىك كېيىن ئۇ شاياردىكى تارىم تۈرمىسىگە پالاندى. ئۇ يەردىمۇ بۇنىڭدىن بەتتەر قىيىن-قىستاق، ئېغىر ئەمگەك ئۇنىڭغا دوست بولۇپ قالدى. لېكىن ئۇ ھازىرغىچە بىرلا نەرسىدىن چەكسىز پەخىرلىنىشكە ھەقلىقمەن، دەيتتى. ئۇ بولسىمۇ ئۇنىڭ ئۆز ۋەتىنىدىن يۈز ئۆرۈمەي، چېگرا ئېغىزىدىن قايتىپ كەلگەنلىكى.

ئون بەش يىللىق كېسىم بىلەن تۈرمىگە سولانغان بۇ ئەزىمەت بەدەنلىرىگە گۆلدەك تاياق ئىزلىرىنى، يۈز-كۆزىگە سانسىز قورۇقلارنى قوندۇرۇپ، سوراقتا چۇل-چۇل سۇندۇرۇۋېتىلگەن بىر قولى مەڭگۈلۈك ئاغرىققا گىرىپتار بولغان ھالەتتە ساق ئون تۆت يېرىم يىلدىن كېيىن يەنى 1981-يىلى ئاقلىنىپ تۈرمىدىن ئازاد بولدى. ئون تۆت يېرىم يىل ئوتتۇرىچە بىر ئادەمنىڭ ئۆمرىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى. ئالدىنقى قېتىمقى تۆت يېرىم يىللىق تۈرمە ھاياتىنى بۇنىڭغا قوشقاندا، ساق ئون توققۇز يىل، يەنى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن بىر ئادەمنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرىنىڭ يەنە تۆتتىن بىر قىسمى. بۇ سان قارىماققا ئاددىي، ئەمما ئون توققۇز يىل ھەر قانداق بىر ۋىجدان ئىگىسىنىڭ يۈرىكىنى تىترەتمەي قالمايدۇ. ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئەڭ گۈزەل چاغلىرى تۈرمىدە قۇربان قىلىۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئىرادىسىدىن تايمىغان ئەزىمەت، ھەقىقىي باتۇر، ئوت ئىچىدىكى سەمەندەر. چۈنكى ئۇ ئون توققۇز يىل ئوت ئىچىدە تۇرۇپ ساق چىقتى. ئەپسۇسكى، ئاشۇنداق بىر ئەزىمەتنىڭ ئون توققۇز يىللىق ياشلىق باھارى ناھەق يابۇت قىلىۋېتىلسە، قان بىلەن گۆشتىن تۈزۈلگەن يۈرەكلەر ئېچىشماسمۇ!

## سەمەندەرنىڭ كارامىتى

«سەمەندەر» ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك ئازاد بولۇپ ھەقىقىي كىشىلىك ھوقۇقىغا ئىگە بولغىنىدىن چەكسىز خۇشال. ئۇ ئاشۇ خۇشاللىق ھېسسىياتىنى، ھاياتىدىكى ئۇنتۇلغۇسىز بۇ مىنۇتلارنى ئۆزىنىڭ قىسقىغىنە چۈشىمكىن دەپ ئويلاپ قالغانىدى. لېكىن ئۇ بۇ خىيالىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بولغىچە ئۆزىنى ئانا يۇرتى كۈنچى دەريا ۋادىسىدا، ئۆز ئائىلىسىدە كۆردى. ئۇنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، ئەل-بۇرادەرلىرى ۋە ئۇ ئەينى چاغدا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلغان ھېلىقى يېتىم-يېسىرلار، نامراتلار ئۇنى يوقلاپ كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن يىغلاپ كۆرۈشتى... ئەمدى ئۇ بۇنىڭ چۈش ئەمەسلىكىگە ئىشەندى.

ئۇ 1982 - يىلى ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ياردەم ئاساسىدا بەرگەن ئازغىنە تۇرمۇش خىراجەت پۇلى بىلەن تىجارەت يولىغا قەدەم قويدى. ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ ئاتا مىراس كۆنچىلىك ھۈنىرىنى داۋام ئەتكۈزدى. قوشۇمچە تېرە سودىسى بىلەنمۇ شۇغۇللاندى. يىلىغا يىل ئۆلىنىپ، ئۇنىڭ سودىسى يۈرۈشۈپ، تاپقان پۇلىمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۇ بۇ چاغدا «بەخت» ماركىلىق موتسىكلىتتىن بىرنى سېتىۋالدى-دە، يېزىمۇ-يېزا چېپىپ يۈرۈپ تېرە يىغدى. يىغقان تېرىلىرى دۆۋىلىنىپ تاغ بولدى. ئۇ ئاشۇ «تاغ» لارنى ھەر قېتىم بازىرى چىققاندا قوشنا ئۆلكە، شەھەرلەردىن كەلگەن سودىگەر، زاۋۇت-كارخانىچىلارغا توپ-توپى بىلەن ئۆتكۈزدى. تۈتام-تۈتام، باغلام-باغلام پۇللار ئۇنىڭ قولىغا ئارقا-ئارقىدىن كىرىشكە باشلىدى. بەزىلەر ئۇنىڭغا ھەيران بولسا، بەزىلەر «ئۇنىڭغا خۇدايىم بەردى» دېيىشتى.

ئاشۇنداق تەكرار-تەكرار تىجارەت ئارقىلىق، ئۇ ئالتە-يەتتە يىل ئىچىدە سودا-سېتىقتا ئالدىن بېيىغان، مىليون يۈەنلىك باي ئائىلىگە ئايلاندى. ئۇنىڭ مەھەللىداشلىرى ئىچىدە ئۇنىڭغا يېتىدىغان باي چىقمىدى، ئۇنىڭ رىقابەتچىلىرىمۇ ئۇنىڭغا يېتىشەلمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئون توققۇز يىللىق تۈرمە ھاياتىدا ۋە يېزىدىكى چاغلىرىدا تارتقان جاپا-مۇشەققەتلىك ئەسلىملىرىنى ئۇنتۇش ئۈچۈن يۇرت كۆرگەچ، ھەجگە بارماقچى بولدى. 1989 - يىلى ئۇ ھەج قىلىش پەرزىنى تاماملاپ بولۇپ، يەنە يەتتە ئاي سەرپ قىلىپ تاشقى موڭغۇلىيە، موسكۋا، رۇمىنىيە، بۇلغارىيە، تۈركىيە، ئىراق، ئىران، سەئۇدىي ئەرەبىستانى، پاكىستان قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارنى ئايلىنىپ چىقتى. ئۇ ھەممىنى كۆردى، كۆپ ئىشلارغا ھەيران قالدى. چەت ئەللەردە ئىلىم-پەن تەرەققىي تېپىپ، ئاجايىپ مۆجىزىلەرنىڭ يارالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز ئېلىدىكى بەزى ئىشلارغا ئېچىندى، ئاچچىق كۈلدى، چەت ئەللەردىكى مائارىپ، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتلىرىدىن ئىلھاملاندى، تەمسىرلەندى...

ئۇ ھەج سەپىرىدىن قايتىپ كېلىپلا ئالدى بىلەن ئۆزى بىلىدىغانلىكى نامرات ئائىلە، يۆلەنچۈكسىز قېرى-چۆرى، مېيىپلارغا ۋە ھۆكۈمەت پۇل چىقىرىپ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر قانچە تۈرلۈك خەلق ئىشلىرىغا جەمئىي بىر يۈز ئاتلە مىڭ يۈەن پۇل ئىئانە قىلدى. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن نامراتلار بېيىش يولىغا قەدەم تاشلىدى. خەلق ئىشلار ئىدارىلىرى ۋە تارماقلىرىمۇ ئۆزلىرىگە بولغان بىر قىسىم ئىقتىسادىي بېسىمدىن ئازاد بولۇپ، تۆنۈگۈنكى مەھبۇس، بۈگۈنكى مىليونېر ئۆمەر ھاجىمغا خەلق نامىدىن چوڭقۇر تەشەككۈر بىلدۈردى.

1992 - يىلىغا كەلگەندە، ئۆمەر ھاجىم كورلا شەھىرى يېڭىشەھەر يېزىسىنىڭ چىلانباغ كەنتىگە ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ئالتە يۈز كۋادرات مېترلىق كۆلەمدىكى بىر باغچا مەكتىپىنى خىش بىلەن سالدۇرۇپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن شەھەرنىڭ بوسۇغىسىغىلا جايلاشقان بۇ كەنتتە ئۇزۇندىن بېرى ھەل بولماي كېلىۋاتقان باغچا مەكتىپى يوق بولۇشتەك قىيىن شارائىتقا خاتىمە

بىرىلدى.

گەرچە، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن بۇرۇنقى نۇرغۇنلىغان خالىس ياخشى ئىشلىرى بىرەر تاش ئابىدىگە ئويۇلمىغان ياكى خاتىرىگە يېزىلمىغان بولسىمۇ، چىلانباغ باغچا مەكتىپىگە سىمونتتىن قاتۇرۇپ ھەل بېرىپ ئىشلەنگەن نەقىشلىك نامى ئويۇلدى. تۇرمىدىمۇ كۆزىدىن تېمىم ياش ئاققۇزمىغان بۇ ئەزىمەت ئۆزىنىڭ ئەنە شۇ نەقىشلىك نامىنى ۋە باغچىغا كىرىپ كېتىۋاتقان يۈزلىگەن سەبىي بوغۇنلارنى كۆرگىنىدە، ئىختى-يارسىز ياش تۆكتى. تۇنجى قېتىم ئۆزىنى ئىنتايىن يەڭگىل ھېس قىلدى.

ھازىر كۆنچى دەريا ۋادىسىدا ئۇنىڭ نامىنى بىلمەيدىغانلار بولمىسا كېرەك. ئۇنىڭغا خەلق تەرىپىدىن كاتتا ناملار ھەدىيە قىلىندى.



## خاتىمە

مۇئەللىپ:

— سىلى بۇنىڭدىن كېيىن يەنە قانداق ئىشلارنى قىلىشنى ئويلاۋاتىلا؟

باش قەھرىمان:

— بۇ تېخى ئىشلىرىمىنىڭ باشلىنىشى. بىز ھەممىمىز كۆزىمىزنى ئوبدانراق ئېچىپ ئەتراپىمىزغا قارايدىغان بولساق، مىللىتىمىزنىڭ ساپاسى تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭكىدىن كۆپ ئارقىدا قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. بۇ، ئادەمنى بەكلا ئېچىندۇرىدۇ! لېكىن مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بىزنى پەقەت ئىلىم-پەنلا بۇ دۇنيادىكى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇپ قالالايدىكەن. مىللىتىم ئۈچۈن ئارزۇ قىلغىنىمدەك بىرەر چوڭ ئىش قىلىپ بېرىش يولىدا تىرىشىۋاتىمەن. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن يۇرتىمىزدا مەخسۇس چەت ئەل تىلى مەكتىپىدىن بىرنى قۇرماقچىمەن. بۇ ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بەك مۇھىمدەك قىلىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن، ئۆمرۈم يار بەرسە، ھەقسىز ساناتورىيىدىن بىرنى ۋە خەلق باشقۇرۇشىدىكى مىللىي تېبابەتخانا سالدۇرۇش ئويۇممۇ بار، بۇنىڭغا مېنىڭ قۇدرىتىم يېتىدۇ...

مەن مۇشۇ جۈملىلەرنى يېزىۋېتىپ، بۇ زاتقا شەخسەن بىر نام ئاتا قىلماقنى ئويلاۋاتقىنىمدا، كۆنچى دەرياسىنىڭ كۈچلۈك دولقۇنلىغان، كۆۋەجىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم. دەريا راستىنلا يەنە بىر قېتىم دولقۇنلاۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ زاتقا مۇنداق دەپ نام بەردىم:

— كۆنچى ئوغلى!...

# ھېرمان ھېسسى شېئىرلىرىدىن

ئابدۇقادىر جالالىدىن تەرجىمىسى

تەرجىماندىن: ھېرمان ھېسسى (1877 ــ 1962) نېمىس تىلىدا ئەسەر يازىدىغان شۋېتسارىيىلىك يازغۇچى ھەم شائىر. ئۇ گېرمانىيىنىڭ شۋابىن رايونىدىكى بىر دىن تارقاتقۇچى ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، شەرق ۋە غەربتىكى ھەر خىل دىنىي مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان. 1912-يىلى شۋېتسىيىگە كۆچۈپ بارغان، 1923-يىلى شۋېتسارىيە گىراژدانلىقىغا ئۆتكەن.

ئۇنىڭ «دېمىئا»، «سىد ھارتا»، «سازلىق بۆرىسى»، «ئەينەك ساقلار ئويۇنى» قاتارلىق رومانلىرى، «شېئىرلار»، «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى بار.

ھېرمان ھېسسى شېئىرلىرى ساپ ھېسسىيات، ئاددىي-ساددا ئۇسلۇب، چوڭقۇر پەلسەپىۋىلىككە ئىگە بولۇپ، كىشىنى قەلب ۋە ئالەم سىرلىرىنىڭ بىرتۇتاش قوينىغا تۇيۇدۇرمايلا باشلاپ كىرىدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇ ئاددىي يول بىلەن چوڭقۇرلۇققا ئېرىشەلىگەن تىپىك شائىرلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ «ئىلھامغا باي ئەسەرلىرى پۇختا ۋە كۆزىتىش كۈچىگە ئىگە بولغانلىقى، يۈكسەك ئىنسانپەرۋەرلىك ھەم ئالىيجاناب ئىستىلىنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتقان» لىقى ئۈچۈن 1946-يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى بىلەن تارتۇقلانغان.

## باھار

قاراڭغۇ قاپلىغان ئويلەر قەبرىسى،
چۈشلەرىنىڭ ئىلكىدە تۇردۇم مەن ئۇزاق.
چۈشۈمدە دەرىخىڭ، زەڭگەر ئاسمىنىڭ،
قۇشلىرىڭ نەغمىدە، تېنىڭ خۇشپۇراق.

ھە، مانا پۈتۈنلەي بوكىدۇڭ سەن ئايان
ياسىنىپ ئالدىمدا ئەيلىدىڭ جىلۋە.
كۆزلىرىم رەڭلەردىن قامشار بۇ دەم،
تۇغۇلدى گوياكى ئېسىل مۆجىزە.

سەن مېنى تونۇدۇڭ، بايقىدىڭ بۈگۈن،
ئىللىق باغرىڭ مەپتۇن قىلدى، ئېرىقتىم يەنە.
مەڭگۈلۈك بەختىڭنىڭ ئالدىدا نۇر تاپ،
بىر يەڭگىل تىترەكنى سەزدىم تېنىمدە.

بەزىدە قۇش ئۇرغاندا خەندان،
سىپىغاندا شاخلارنى شامال.
يىراق ئۆيدە قاۋىغاندا ئىت،
ئۇزاق-ئۇزاق تىڭشايمەن جىم-لال.

كەتتى روھىم ئۆتمۈشكە ئۇچۇپ،
ئەستىن چىققان مىڭ يىل ئالدىغا.
نەزەرىمدە قۇشلار ھەم شامال،
ئايلىنىدۇ قېرىنداشىمغا.

روھىم مېنىڭ ياكى بىر دەرەخ،
ياكى ھايۋان ياكى بىر بۇلۇت،
ئۆزگىرىمەن تونتماي ھەردەم،
سوئالىڭغا قالامتىم ئۇرۇپ؟

# ساسلىق بۆرىسى

كۆمۈش كەبى ئاپئاقتىنە بىر دۇنيا،
تۈندە كەزگەن بۆرىسمەن سازلىقنىڭ،
قېپىنزاردىن ھۆركىمەكتە قاغىلار،
قارىسى يوق ياۋا توشقان، جەرەننىڭ.
يولۇقتۇرسام ئەگەر كىچىك جەرەننى،
يېتەر ئىدىم ئۇنىڭ شۇنچە قەدرىگە.
قادىر بولسام يالماپ ئۇنى يېيىشكە،
چوقۇم لەززەت بېرەر ئىدى قەلبىمگە.
مەن سۆيىمەن بۇ مېھرلىك جانانى،
دەيمەن يۇمران ۋۇجۇدىنى يالىسام.
تەشنالىقتا ئىچىپ قىزىل قېنىنى
باشلىرىمغا تۈننى كىيىپ ھۇۋلىسام.
توشقانىغمۇ قىلار ئىدىم قانائەت،
ئىسسىق گۆشى لەززەت بېرەر تۈن ئارا—
ھاياتىنكى بۇ ئازغىنە خۇشاللىق،
مەندىن ئۇزاپ كەتكەنمىدۇ شۇنچىلا؟
قاراپ باقسام، قاپتۇ خېلى ئاقىرىپ،
قۇيرۇقتىكى گۈزەل-كوركەم موي‌لىرىم،
نۇرسىزلىنىپ كەتتى ھەتتا كۆزۈممۇ،
بولدى ئۇزاق كەتكىنىگە دىلبىرىم.
بارماقتىمەن تۈن قوينىدا يىگانە،
خىيال قىلىپ جەرەننى ھەم توشقاننى،
ھۇشقىتىسمۇ ئەتراپىمدا شۇۋرلىغان.
نەمدىۋالدىم قار سۆيىدە كانايىنى:
بارماقتىمەن ئالۋاستىنىڭ ئالدىغا.
يۈدۈپ مىسكىن ھەم بىچارە روھىمنى.

# مەڭگۈلۈك ياشغۇچى

يەر بوغۇزىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن
ئۆرلەپ تۇرار ھاياتنىڭ ئىشقى؛
قاتتىق ئازاپ، سېھرلىك كەيپ،
دارلاردىكى دەھشەت ۋەھىمە،
پۈتمەس شادلىق ھەمدە ئاچكوزلۇك،
مانا، قولى تىلاۋەتچىنىڭ
جازانىخور، قاتىلنىڭ قولى؛
ۋەھىمە، شادلىقتىن قامچا يېگەنلەر،
چاچار بەدبۇي ھەم ئىسسىق پۇراق.
بەخت، ھاياجاندىن ئىبلىپ نەپەسلەر
يالماپ يەنە ياندۇرىدۇ ئۆزىنى.
سەنئەت پېتىلدۇرۇپ، پىلانلاپ ئۆرۈش
زىنىنە تلەيدۇ بەكمۇ ئەسەبىي
سەلتەنەتلىك پاھىشخانىنى
ئۇلار شاللاق ھەم شۇنچە سۆيۈك
دۇنيادىكى شەھۋەت بەندىسى
مەينەت دولقۇنلاردىن تۆرىلىپ، يەنە—
نېجىس بولۇپ كەتكەن ھەممىسى.
بىز يۇرىمىز ئىزدەپ پاناگاھ
قاشتېشىدەك سۈزۈك ئاسماندىن،
يوق ئۇ يەردە كېچە ھەم كۈندۈز
يوق دەرىجە، جىنسنىڭ پەرقى.
ۋەھىمەڭلار، گۇناھلىرىڭلار
ھىيلە-نەيرەڭ، شەھۋەتىڭلار
بىزچە گويا بىر مەيدان ئويۇن،
تېنىم تاپماس قۇياش مىسالى.
ھەر كۈنىمىز ئۆتەر بەك ئاستا
باش لىڭشىتىپ پانىي دۇنياغا
تىكىلىمىز سەييارىلەرگە
ئالەم زىمىستانىدىن ئىبلىپ بىز نەپەس
تەڭرىنىڭ بەھەيۋەت ئەجدىھاسى بىلەن
بىز ئۆتىمىز بولۇپ ئۆم-ئىناق؛
مەڭگۈلۈك مەۋجۇتىمىز چىرىمەس، سالقىن،
مەڭگۈلۈك كۈلىمىز، سالقىن ھەم يارقىن.

## نەي

دەرەخ، چاتقال ئارا پەنجىرە،
خىرە شولا تارىتار كەچتە،
بىرسى مۇڭلۇق چالار نىيىنى
شۇ گىرىمسەن ئۆيىنىڭ ئىچىدە.

گۇگۇم ئىچرە تونۇش بىر ناخشا،
ئۇزۇپ يۈرەر مۇڭلۇق ھەم لىۋەن،
قايتىپ شۇ دەم يۇرتۇڭغا گويا
تامامىلدىك سەپىرىڭنى سەن.

نەپەسلىرى ئاشۇ نەيچىنىڭ،
چىقارماقتا دۇنيا سىرىنى،
ھازىر ئۆزى مەڭگۈلۈك دۇنيا،
بېغىشلايدۇ ھەركىم ئۆزىنى.

## قۇمغا يېزىش

بارچە گۈزەل، سېھرىلىك نەرسە—
پەقەت تۇمان ياكى ئۇچقان قار
چۈنكى ئەزىز، سۆيۈملۈك نەرسە
مەڭگۈلۈككە تاپالماس قارار:
مەيلى بۇلۇت، گۈللەر ھەم ماغزاپ،
مەيلى ساليوت، بالا كۈلكىسى
ئەينەكتىكى ماھى تابانلار
باشقا گۈزەل نەرسە ھەممىسى.
ئۇلار سالقىن ياكى خۇش پۇراق.
بۇنى بىلىش شۇ قەدەر ھەسرەت
غايىب بولۇر، بولسىلا ئايان
مەۋجۇت بولار دەقىقە پەقەت.
ئۇزاق ياشاپ تۇرغان ھەممىسى
كۆڭلىمىزدە ئەمەس سۆيۈملۈك:
سوغۇق شولا تاراتقان ياقۇت
ۋەزنى ئېغىر پارقىراق ئالتۇن
بولار گويا ھېسابسىز يۇلتۇز
يىراق كۆكتە چاقنىغان يوچۇن.
ئۆتكۈنچى بىز، ئۇلار ئىنتىلىپ
قەلبىمىزگە كىرەلمەس سىڭىپ.

ياق، سۆيۈملۈك بولغىنى بىزگە
يوقىلىشقا قاراپ يول ئالغان
توزۇۋاتقان شۇنداق نەرسىلەر.
بىز سۆيىمىز ھەممىدىن شۇنى
ياۋاھايۋان، شامال، سۇ كەبى
پەيدا بولۇپ يوقالغان، ئۆچكەن
مۇزىكىنىڭ ئويناقلىقىنى،
بار ئۇنىڭدا غۇۋا بىر ھەسرەت
داۋام قىلار توختىماي ھامان
سادالارغا ئۇلىنىپ سادا
ئېقىپ تۇرار سۇ كەبى راۋان.

مانا شۇنداق بىزنىڭ قەلبىمىز
ياقماس زىنھار ئۆلۈك نەرسىلەر
ھايات، پەرۋاز ھەمدە ئېقىنى
ساداقەت ھەم مەردلىكتە سۆيەر
يۇلتۇزلۇق كۆك، گۆھەر، قىيا تاش
شۇنچە ئىنتىك قىلىدۇ بىزار.
شامال، ماغزاپ شوخلۇق بىزنى
ئۇندىمەكتە مەڭگۈ كۆچۈشكە
زامانغا يار بولۇپ ئەبەدكە.
ئاشۇ گۈلدە چاقنىغان شەبنەم
شۇ يىگانە قۇشنىڭ شادلىقى
غايىب بولغان ئاشۇ بۇلۇتلار
پارقىراق قار ۋە ھەسەن-ھۈسەن
قانات قېقىپ ئۇچقان كېپىنەك
شوخ ھەم ياڭراق كۈلكە ساداسى
بۇ يوقىلىپ كەتكەن نەرسىلەر
بېرەلەيدۇ شادلىق يا ئەلەم.
بىز سۆيىمىز ئۆزىمىز بىلەن
ئوخشاپ كەتكەن ھەممە نەرسىنى
بىز تونۇيمىز شاماللار قۇمغا
يېزىپ قويغان ئىنشا-ھەرپىنى.

# مەكتۇپ

ئەستى مەغرىپ شامىلى كەچتە،
ئىڭرىماقتا لىپامۇ دەردتە،
ئاي شاخلارنىڭ ئاراچىلىرىدىن
تىكىلمەكتە خانەمگە چەتتە.

نامە يازدىم دىل سۆيگەن گۈزەل
تاشلاپ كەتكەن ئاشۇ دىلبەرگە،
ئۇزۇن قۇرلار بولغۇچە تامام
ئاي نۇرىنى تۆكتى قەغەزگە.

چۈشۈپ ئاينىڭ جىمجىت شولىسى،
قۇرلار ئارا قىلغاندا جىلۋە،
يۈرەك يىغلاپ ئۇنتۇلدى ئۇيقۇ
ئۇنتۇلدى ئاي، ئىبادەت ھەممە.

---

(بېشى 60-بەتتە)

كېتىدىغاندەك سېزەتتى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىر چاغدا ئۇنىڭغا بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى. ياق، ئۇ راستىنلا ئاڭلىدى. ئۇنى كىمدۇر بىرى چاقىرىۋاتاتتى. ئۇ شاققىدە ئارقىغا بۇرۇلدى ۋە كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. خېلىلا يىراقتا بىر ئادەم ئۇنى قول ئىشارىسى بىلەن چاقىردى. ئۇ ھېلىقى ئادەمگە قاراپ سەۋدايىلارچە يۈگۈردى. شۇنداق تېز يۈگۈردىكى، بېشىدىكى ياغلىقى بىلەن بىر پاي ئايىغىنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمىدى.

—ئۇ مېنى ئىزدەپ كەپتۇ!...

ئۇنىڭ لەۋلىرى تىترەپ مۇشۇ سۆزنىلا تەكرارلايتتى. خۇددى توختاپ قالسىلا ئۇنتۇپ قالىدىغاندەك توختىماي تەكرارلايتتى. كەچكۈز شامىلىغا قوشۇلۇپ يامغۇرنىڭ يۈزلىرىگە نەشتەردەك سانجىلىشلىرىمۇ، تازا ئۇخشىغان قوغۇنلارغا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈشلىرىمۇ ئۇنىڭ قەدەملىرىنى ئاستىلاتمايتتى. ئۇ ھېرىپ - چارچاش، ئاغرىق دېگەنلەرنى قىلچىمۇ سەزمەيتتى. جېنىنىڭ بېرىچە يۈگۈرەيتتى. ھېلىقى ئادەم قولىنى يەنە پۇلاڭلىتىشقا باشلىغاندىلا ئۇ ئۆزىنىڭ مەنزىلگە يېتىپ بارغانلىقىنى سەزدى. خۇددى بىر نەچچە يىل كۆرۈشمىگەن ئەر-خوتۇنلاردەك غۇلاچلىرىنى كەڭ يايدى. دەل شۇ پەيتتە چېقىلغان چاقماق ئۇنىڭغا ئالدىدىكى ئادەمنىڭ كىملىكىنى تونۇتتى. ھاۋادا لەيلەپ قالغان قوللىرى ئاستا-ئاستا سىيرىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغىنى قوغۇنچىنىڭ كەپىسىز باللارنى قورقۇتۇش ئۈچۈن ياساپ قويغان قارانچۇقى ئىدى.

ئايالنىڭ مۇزلاپ كېتىۋاتقان يۈرىكىدىن ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىمۇ ئۇچۇپ، قارانچۇقنىڭ ئالدىدا تىزلانغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى.

# قارانچۇق

(ھېكايە)

زۇلفىيە

ئەر-خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى ئەتىگەن باشلانغان جېدەل كەچتە تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى.

—ئەتىگەن كەلگەن كىم؟

—تاغامنىڭ ئوغلى، نېمە بولدى سىزگە، ئەتىگىنىمۇ بىر قېتىم سورىغانتىڭىزغۇ؟

—نېمە دەپ كەپتۇ؟

—كۆرۈشمىگىنىمىزگە ئۈچ يىل بولغان، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ يۇرتقا قايتىپتىكەن، مېنى يوقلاپ كەپتۇ.

—ئاتايىن مېنى يوقلاپ كەپتۇ، دېگىن، — دېدى ئەر مەسخىرە قىلغاندەك تەلەپپۇزدا، — شۇڭا كۈرۈكلىرىڭ يېشىلىپ كېتىپتىكەندە. نېمە دېيىشتىڭلار؟

—ئەمدىلا ئەھۋال سورىشىپ تۇرۇشىمىزغا ئۆزىڭىزمۇ كىرىدىڭىزغۇ؟

—كىرمىگەن بولسام ياخشى بولاتتى، شۇنداقمۇ؟ ساڭا ئېيتىپ قوياي، ئۇ لىكتاسما سولتەكنى ئۆيىمىزگە ئىككىنچى يولاتقۇچى بولما!

—نېمىشقا كىشىنى بىكاردىنلا ھاقارەت قىلىسىز، ئۇ يات ئادەم ئەمەس، تاغامنىڭ ئوغلىغۇ؟!

—ئۇنى ياخشى كۆرسەن شۇنداقمۇ، ئەمسە نېمىشقا باشتا شۇنىڭغىلا تەگمىدىڭ؟!

—ئۇنداق تەتۈرلۈك قىلماڭ، ئۇ بىلىملىك، ياخشى يىگىت.

—بىلىملىك بولسا ئۆزىگە، ئۇنداق خوتۇن مىجەز نېمىنى ئۆگىنىۋەتكەن تىرنىقىمغىمۇ تەڭ قىلمايمەن، قانچىلىك نېمىتى ئۇ!

—نېمە دېسىڭىز دەڭ، ئۇ سىزدىن كۆپ ياخشى!...

ئايالىنىڭ ئاغزىدىن تاساددىپىلا چىقىپ كەتكەن بۇ سۆز باياتىن بېرى باھانە تېپىپ تاشلىماي تۇرغان ئەرنىڭ سەۋرى قاچىسىنى تولدۇرۇۋەتتى.

—ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، سەن قانجۇقنى!...

غالجىرلاشقان ئەر قاۋانىدەك ئېتىلىپ بارغىنىچە ئايالىنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇپ تامغا ئۇستۇردى، تېپىپ-چەيلىدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ قان تولغان كۆزلىرىگە ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى. تاياق ئازابىغا چىدىمىغان ئايالىنىڭ يۈرەكنى ئەزگۈدەك ئېچىنىشلىق نالىسى قۇلىقىغا كىرمەيتتى، ئايال ئۆزىنى قاچۇرغانسېرى شۇنچە غالجىرلىشاتتى. ئۇنىڭ ئېڭىدا ھەتتا پۈتۈن ھۇجەيرىلىرىگىچە ئايالىغا قارشى ئۆچمەنلىك پارتلىغان بولۇپ، ئايالىنىڭ چېچىنى خۇددى بوغۇزلانغان توخۇنى يۇڭدىغاندەك قامالاپ يۇلاتتى. ئۇ چارچاشتىن ئۆرە دەسسەپ تۇرالمىغۇدەك ھالەتكە كەلگەندىلا، ئاللىقاچان ھوشىنى يوقىتىپ يەردە خېمىردەك ئېزىلىپ ياتقان ئايالىنى ئۇرۇشتىن توختىدى ۋە قالغان ئاچچىقىنى ھاراقتىن چىقارماقچى بولغاندەك بىر بوتۇلكا ھاراقنى پاك-پاكىز قۇرۇقدىۋەتكەندىن كېيىن، كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ، خۇددى ئۆلۈك چوشقىدەك لاللىيىپ ياتتى.

تاياق زەربىسىدىن بەدىنى ھېچنېمىنى سەزمەس بولۇپ قالغان ئايال ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئېچىۋىدى، قانغا تولغان كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ئېرىنىڭ تۇرغۇزۇپ يەۋەتكىدەك

ئەپلازدا. ھۆرپىيىپ تۇرغان ئېرىنىڭ گۈلدۈرمامىدەك دەھشەتلىك ئاۋازى قۇلاق تۈۋىدە تەكرارلىنىشقا باشلىدى:

— ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، سەن قانجۇقنى!...

بۇ سادا تەرەپ - تەرەپتىن ئاڭلىنىپ ئايالنىڭ قۇلىقىنى پاك قىلىۋەتتى.

بۇ سادا ئايالنىڭ ھەربىر ھۈجەيرىلىرىگىچە تاراپ، يۈرىكىنى پارە-پارە قىلىپ تاشلىدى!

— ئۆلتۈرۈۋېتىمەن!... ئۆلتۈرۈۋېتىمەن!...

ئايال ئاللىقاچان «ئۆلۈپ» بولغانىدى.

ئۇ ئەسلىدە ئاشۇ «سولتەك»نى ياخشى كۆرەتتى. ئۇلار بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان، بىللە پادا باققان، بىر سىنىپتا ئوقۇغان، بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ مۇھەببەتلەشكەن، جاھاندىكى باشقا ئاشىق-مەشۇقلارغا ئوخشاش مۇھەببەت لەززىتىنى تېتىشقان، مەڭگۈ ئايرىل-ماسلىققا ۋەدە قىلىشقان. كېيىن تەقدىرنىڭ قىسمىتى بىلەن مەردان ئالىي مەكتەپكە ماڭىدىغان چاغدا ئۇ كۈتۈپ تۇرۇشقا قەسەم ئىچكەن. ئۇنىڭچە بولسىغۇ ئۈچ يىل ئەمەس، 30 يىل كۈتۈشكىمۇ رازى ئىدى. بىراق ئاچچىقى يامان دادىسىنى رايىدىن قايتۇرۇشقا ئامال قىلالمىدى. ئۆز كۆڭلىدىكىنى ئاشكارىلاشقا قۇربى يەتمىدى. ئۇنىڭ كۆرسەتكەن قارشىلىقى باشتىن-ئاخىر ئۈنسىز ياش تۆكۈشلا بولدى. جاھىل دادا ئۆز يۈرەك پارىسىنىڭ نېمە سەۋەبتىن ياش تۆكۈۋاتقانلىقىنى نەدىن بىلسۇن؟ بۇنى توي بولۇش ئالدىدىكى ھەر قانداق قىزلاردا بولىدىغان تەبىئىي ئەھۋال دەپ چۈشەندى ۋە مەخمۇتقا — ھازىرقى ئېرىگە مەجبۇرىي ياتلىق قىلدى. ئۇ دادىسىنىڭ بۇ ھاراقكەش يىگىتنىڭ نەرىنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى مىڭ ئويلاپمۇ يېتەلمىدى. تويى بولۇپ ئۈچىنچى كۈنىلا قاتتىق ھاقارەتلەندى. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئېرى مەست ھالەتتە ئۇنى قاتتىق دۇمبالىدى. ئادەم دېگەن نېمىلەرگە كۆيمەيدۇ دەيسىز؟ ئۇ ئىككى يىلدىن بۇيان ئېرىنىڭ ناھەق خورلاشلىرىغا چىداپ كەلگەنىدى. بۈگۈن چىدىمىدى، ئۇ قانداقمۇ چىداپ تۇرالىسۇن؟ ئەنچە يىلدىن بۇيان كېچە-كۈندۈز ياد ئېتىپ كېلىۋاتقان، مۇھەببىتى يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا يىلتىز تارتقان ئادەمنىڭ ئالدىدا باشقىلار تەرىپىدىن خورلىنىش ئۆلۈم بىلەن ئوخشاش ئەمەسمۇ؟!...

ئۆي ئىچى گۆردەك قاپقاراڭغۇ ئىدى. ئۇ گەۋدىسىنى مىڭ تەستە كۆتۈرۈپ، ئاستا ئورنىدىن تۇردى-دە، ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى. سىرتتا سىم-سىم يامغۇر يېغىۋاتقان بولۇپ، ئۇ يەر-بۇ يەردىن ئىتلارنىڭ قاۋىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. ئۇ ئۆيىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى چىغىر يولغا چۈشۈپ بىرنەچچە قەدەم ماڭا-ماڭمايلا گويا نېمىگىدۇر تارتىشقاندەك قەدەملىرى ئىختىيارسىز توختاپ قالدى. ئۇ نېمىگە تارتىشىۋاتقاندۇ؟ ئېرىگىمۇ؟ ياق!... ئەمسە سۆيگەن يىگىتى مەردانغىمۇ؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس، ئۇنىڭ يۈزىگە قانداقمۇ قارىيالىسۇن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن ئۇمۇ ئۇنىڭ بارلىق ئۈمىدلىرىنى سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئېرىنىڭ ئالدىدىلا بەختلىك بولۇشىنى تىلىدى. بۇ نېمە دېگىنىدۇ؟ ئۇنىڭ كاللىسى بىردىنلا سەگەكلەشتى. دېمەك مەردان پەقەت ئۇنىڭ بەختلىك بولۇشىنىلا تىلەيدىكەن، بۇ ھەرگىزمۇ بەختلىك قىلىمەن دېگەنلىك ئەمەس، ئۇ ئۆز بەختىنى ئۆزى تېپىشى كېرەك ئىكەن. ئاھ، بەخت، نەدە سەن؟...

ئۇنىڭ كاللىسى چىگىلىپ ئەس-ھوشىنى يوقاتتى، قۇلىقىغا يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان سۇنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى يېقىملىق سىمفونىيىدەك ئاڭلىنىپ، خۇددى بىلمىگەن ھالدا شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ نېرۋىلىرى جىددىيلىشىپ كۆزىنى مەھكەم يۇمۇۋالدى، قۇلىقىنى ئىككى قوللاپ ئېتىۋالدى، كۆزىنى ئاچسىلا تىك يار دىن غۇلاپ چۈشىدىغاندەك، قۇلىقىنى قويۇۋەتسىلا قانداقتۇر نامەلۇم بىر يىرتقۇچنىڭ ئېغىزىغا كىرىپ

(ئاخىرى 58-بەتتە)

# خەير-خوش، قەدىردان شەھەر

(ھېكايە)

ئايشەم ئابلىز

بىزنىڭ مۇھەببەتلىك گۈزەل چاغلىرىمىز ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقاندا باشلانغانىدى. بىز بىر سىنىپتا بولۇپ، كۈندە بىللە دەرس تەكرارلايتتۇق. چارچىغان چاغلىرىمىزدا شاھمات، پەي توپ ئوينايتتۇق. ساۋاقداشلار بىزنى «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز ياراشقاندەك بىر-بىرىڭلارغا خويمۇ ماسلىشىپسىلەر» دېيىشەتتى. لېكىن مەن ئۇ ئېغىر-بېسىق يىگىتنىڭ مەندەك تەكەببۇر، مىجەزى ئىنتىك قىزنى ياخشى كۆرۈشىگە ئىشەنگىم كەلمەيتتى. يۈرىكىمدە بولسا بىر ئوت كۆيەتتى. ئۇنىڭمۇ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلگەن ئاخشىمى خۇشاللىقتىن تۈن بويى كىرپىك قاقماي چىقانىدىم. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئىككىمىز بىر شەھەرگە تەقسىملىنىپ، كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇق. ئىككى يىلدىن كېيىن توي قىلدۇق. «توي مۇھەببەتنىڭ قەبرىسى» ئەمەس ئىكەن. تويدىن كېيىن بىر-بىرىمىزگە بولغان مۇھەببىتىمىز تېخىمۇ ئاشتى. كۈنلىرىمىز بەكمۇ شېرىن ئۆتۈۋاتاتتى، بىر يىلدىن كېيىن چىرايلىق بىر قىز تۇغدۇم.

قىزىمىز كىچىك بولغاچقا، توي-تۆكۈن، ئولتۇرۇشلارغا ئېرىم يالغۇزلا بارىدىغان بولدى. شۇنداق چاغلاردا مەن ئۇنىڭ ياقىلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، مەستلىكىم كەلگەن ھالدا «خوش، ئوبدان ئويناپ كېلىڭ» دەپ ئۇزىتىپ قوياتتىم.

بىر كۈنى ئېرىم بىر تويغا ماڭاي دەپ تۇرغاندا قوشنام كىرىپ قالدى، ئۇ:

— ۋۇي، قالتىس چىرايلىق ياسىنىۋاپسىزغۇ، بۈگۈن تاماشا دۈڭكەندە! — دەپ چاقچاق قىلدى. ئېرىمگە بۇ گەپ تازا ياقمىدى بولغاي، «بالىنىڭ مىجەزى يوق، بالدۇرراق يېنىپ كېلەرسىز» دېگىنىمگىمۇ جاۋاب بەرمەي چىقىپ كەتتى. شۇ كۈنى قىزىم قايناق سۇ بەرسەممۇ ياندۇرۇپ، قىزىپ مېنى قورقۇتۇۋەتتى، ھېلىمۇ ياخشى قوشنام ئۆيىدىن دورا ئاچىقىپ ئىچۈرۈپ، ئۇنى-بۇنى قىلىپ بالىنىڭ قىزىتمىسى ياندى. قوشنام ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ:

— بۈگۈن بالىنىڭ مىجەزى بولمىغاندىكىن، ئەكبەر تويغا بارمىسىمۇ بوپتىكەن، ئەر كىشى دېگەننى ئۇنداق توي، ئولتۇرۇشلارغا يالغۇز يولغا سېلىپ قويمايدىغان، سىز ئۆيۈم، بالام دېگەن بىلەن ئەر خەقچۇ، كىم چىرايلىق بولسا، شۇنىڭ پېيىگە چۈشىدۇ. خېلى-خېلى ئىشلارنى كۆرگەن بىز. ئەر كىشىنىڭ يۈزىدە تۈكى بار دېگەن بىكار گەپ ئەمەس... — دېگەندەك گەپلەرنى قىلدى. بۇ گەپلەرگىمۇ ئىشەنمەس ئىدىم، ماڭا ھار كەلگىنى ئېرىم شۇ كۈنى خۇددى قوشنامنىڭ گەپلىرىنى ئىسپاتلىغاندەك مەست پېتى يېرىم كېچىدە كەلدى. ئەتىسى يەكشەنبە ئىدى. مەن يەنىلا ئەتىگەن تۇرۇپ ئۇنىڭغا چاي راسلىدىم. بالىغا بۇلماق يېگۈزۈپ بولۇپ، ئاغزىنى ئېرىتىدىغان قول ياغلىقىنى ئىزدەۋاتسام ئېرىم يانچۇقىدىن ئادىشىپ قالغان چېغى باشقا بىر قول ياغلىقنى

چىقاردى. ئاھ، قىزلارنىڭ قول ياغلىقى، تويى بولغان قىزنىڭ دوستلىرىغا بەرگەن يالدامىسى! مەن چىدىيالماي قالدىم. ئېرىم تالاغا چىقىپ كەتكەندە بۇ جىيەك تۇتۇلغان قول ياغلىقنى بۇرنۇمغا تۇتتۇم، ئۆتكۈر ئەتىر پۇرىقى قىياسىمنى ئىسپاتلىدى. بىر چاغلاردا مەنمۇ تويى بولغان دوستلىرىمنىڭ ئەتىر چېچىلغان قول ياغلىقلىرىغا ئىگە بولۇپ تۇراتتىم. ئەمدى توي مەرىكىسىدە ئېرىمنىڭ بىر قىز بىلەن ئاخىرغىچە تانسا ئوينىغانلىقى، كېيىن قىزنى ئۆيىگىچە ئاپىرىپ قويغانلىقى، يەنە قانداقتۇر ئىشلارنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا باشلىدىم، ئوتقا تاشلانغان ياپراقتەك تولغاندىم. قىزنى كارىۋىتىغا ياتقۇزۇپ قويۇپ ئەينەكنىڭ ئالدىغا كەلدىم. مەن گۈزەل قىزلاردىن ئەمەس ئىدىم. لېكىن زىلۋا بويۇم، چاقناپ تۇرىدىغان قاپقارا كۆزلىرىم ئۆز ۋاقتىدا خېلى-خېلى يىگىتلەرنىڭ يۈرىكىگە ئوت ياققانىدى. ئەمدىلىكتە سەمرىپ بېلىم تۈپتۈزلا بولۇپ قالغان. كۆزۈم كىچىكلەپ، ئۈزۈمدىن بىرى ياسالمىغان چېچىم ئۆزۈمگە ياراشماي قالغانىدى. ھەسرىتىم تېخىمۇ ئاشتى، يىغانىم ئۆرلەپ ھۆكرەپ يىغلىۋەتتىم...

شۇ ئىشتىن كېيىن ئېرىمگە ئىشەنمەس بولۇپ قالدىم. بىكاردىن-بىكار خۇيۇم تۇتۇپ كۈنلەپ ئۇنىڭغا گەپ قىلمايتتىم. ئۇنىڭ جىغۇرلۇ-قىنى بىلىپ تۇرۇپ، مەندىن كۆڭلى سوۋۇپ كەتكەچكە گەپمۇ قىلغۇسى كەلمەيۋاتىدۇ دەپ ئويلايتتىم. ئۇنىڭدىن گۇمانلانغانچە نەپرەتلىنەت-تىم، نەپرەتلەنگەنچە بۇ ئىشلارنى ئۇنىڭدىن سورىغۇم كەلمەيتتى، ئەمما بۇرۇنقىدەك سىلىق، چىرايلىق گەپلەرنى قىلىشنىڭ ئورنىغا ھەدېسىلا ئۇنىڭغا زەھىرىمنى سانجىۋالاتتىم. ئۇ مەندىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ئاۋارە ئىدى. مەن بولسام ئۇنىڭ «نېمە بولدىڭىز؟» دەپ ئاددىيلا سورىماي، قىلغان گۇناھلىرىنى بويىنىغا ئېلىپ ئەپۇ سورىشىنى كۈتەتتىم. بۇنداق كۆڭۈلسىز ئىشلارغا ئۇ بىر ئاي، ئىككى ئاي، ھەتتا بىر يىلغىچە چىدىدى. ئاخىرى، ئۇ كۈندە ئىشتىن چۈشۈپلا نەلەرگىدۇ بېرىپ ئىچىپ كېلىدىغان، بەزىدە ھەتتا تاڭ ئاتقىچە كەلمەي-دىغان بولۇۋالدى. شۇنداق كېچىلىرى خىلمۇ-خىل خىياللار ئىلكىدە پۇچىلىنىپ قان يىغلاپ چىقاتتىم، يامان يېرى ئۇنى ھېلىھەم شۇنداق ياخشى كۆرەتتىم، شۇڭا يىغلايتتىم، ئازابلىناتتىم. بۇنداق كۈنلەرگە ئارتۇقچە چىدىمىدىم. يەنە ئۆزۈم ئۇنىڭغا يېلىندىم. «ياخشى گەپ تاشنى ئېرىتىدۇ» دېگەن راست ئىكەن، مۇناسىۋىتىمىز بۇرۇنقىدەك ياخشى بولۇپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئېرىم ئىشتىن ۋاقتىدا كېلىدىغان، ئۆي ئىشلىرىغا ئانچە-مۇنچە قارىشىپ بېرىدىغان بولدى.

ئەپسۇسكى بۇنداق كۈنلەرمۇ ئۇزۇنغا بارمىدى، بۈگۈن ئۇنىڭ بىر خىزمەتدىشىنىڭ تويى، گەپنىڭ ئورامدىن قارىغاندا، مېنى ئاپارغۇسى يوقتەك قىلاتتى. كۆڭلۈمگە بىر گۇمان چۈشتى، بۇرۇنغۇ بالا كىچىك دەپ بارمايتتىم، ئەمدى چوڭ بولۇپ قالغان بالىنى بىرەر ئاخشام بالا باققۇچىغا قويۇپ كەتسەك نېمە بوپتۇ؟ شۇنداق قىلىپ تويغا مەنمۇ باردىم. تاماقلار يېيىلىپ تانسا باشلاندى. ئېرىم مەن بىلەن بىرلا قېتىم تانسا ئويناپ قويۇپ تۇتۇلۇپ ئولتۇرۇپ كەتتى. بىر چاغدا توزدەك ياسانغان چىرايلىق بىر قىز يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى، ۋالىس مۇزىكىسى چېلىنىشىغا ئېرىم ئورنىدىن تۇرۇپ مەن تەرەپكە قاراپ كەلدى، ئۇ مېنىڭ ۋالسقا ئامراق ئىكەنلىكىمنى بىلەتتى. ئۇنىڭدىن سۆيۈنۈپ كەتتىم... بىراق، ئۇنىڭ تانسىغا مېنى تارتماي، يېنىمدىكى قىزنى تارتىشى ماڭا تازىمۇ ھار كەلدى. ئۇلار خۇشال تانسا ئويناۋاتاتتى، غەزەپتىن بېشىم پىرقىراپ كېتىدىغاندەك ئاغرىپ كەتتى. تۇۋا، كۈندەشلىك دېگەن بەك يامان ئىكەن، مەن نومۇسنى قايرىپ قويۇپ يېنىمدىكى ئايالدىن سوراپ، قىزنىڭ ئېرىم بىلەن بىر بۆلۈمدە ئىشلەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇم. تويدىن يانغاندا:

—ھېلىقى پاسكىنا بىلەن ئىككىڭلار ئەجەب

جىق تانسا ئويناپ كەتتىڭلارغۇ، ھەجىبىشىپ كېتىشىڭلارچۇ تېخى! تويغا مېنى ئەكەلگۈڭ كەلمىگەنتى، نېمىشقىكىن دېسەم ئەسلى مۇنداق ئىشكەندە! ئىسىت ساڭا قىلغان ئەقدەم،— مەن ئۆزۈمنى تۇتالماي بىردىن يىغلىۋەتتىم. يۈرىكىمدە-كى يارا تېخى ساقايماي تۇرۇپ يەنە يېڭىسى قوشۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئېرىمنىڭ ئىشتىن كەچ قايتقىنىنىمۇ ھېلىقى قىز بىلەن باغلاپ سوقۇشىدىغان بولدۇم، كەچلەردە بىرەر يەرگە كېتىپ سەللا كېچىكىپ كەلسە ئۇنى سىلىپ يىغلاپ ئۆيىنى بېشىمغا كىيەتتىم، شۇنداقتىمۇ يەنە ئۇنىڭ مېنى قۇچاقلىشىنى، سىلىق گەپلەر بىلەن تەسەللى بېرىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم، كۆڭدەشلىك-نىڭ دەردىدە ئۇ مەندىن ئۆزىنى تارتىپ گەپ قىلغۇسىمۇ كەلمەيدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالدى. ئاخىرى نېرۋام بۇزۇلدى، ئېرىمدىن ئازراقلا خاپا بولسام، دەردىمنى قىزىمدىن ئېلىپ ئۇنى ئۇراتتىم.

بىر كۈنى ئېرىم ئاغىنىسىنىڭكىگە كېتىپ يېرىم كېچىگىچە كەلمىدى، مەن ئۇنى ئاغى-نىسىنىڭكىدە ئەمەس، ھېلىقى قىز بىلەن بىللە... تەسەۋۋۇر قىلىپ، كۆڭدەشلىكنىڭ دەردىدە ساراڭ بولۇپ قالاي دېدىم. ئاخىرى ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ئۇخلاۋاتقان قىزىمنى تاشلاپ ئۆيدىن چىقتىم، كېچىدە يۈگۈرگىنىمچە تۆت بېكەتتەك يولنى بېسىپ ھېلىقى ئاغىنىسىنىڭكىگە بارسام، بىر نەچچىسى قارتا ئويناۋېتىپتۇ. ئۆيگە يېنىپ كەلگىنىمىزدە قىزىم چىرقىراپ يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. «چاك» ڭىدە قىلىپ قالدى، كۆزلىرىمدىن ئوت يېنىپ كەتتى. توي قىلغاندىن بېرى ئۇنىڭدىن تۇنجى قېتىم تاياق يەۋاتاتتىم. ئۇ غەزەپتىن تىترەپ تۇراتتى:

— ھەي ساراڭ! سەنمۇ ئانمۇ؟! سېنى مۇنچىلىك تاش يۈرەك دەپ ئويلىماپتىكەنمەن. ئادەم ئەمەسكەنسەن!

ئۆزۈمگە ئۆزۈم قىلدىم. ئېرىمنىڭ ئەمدى مەندىن پۈتۈنلەي كۆڭلى قالدى. ئۇنىڭغا ئەمدى بۇ ئۆيدە بالىنى كۆرۈشتىن باشقا خۇشاللىق قالمىغانىدى...

ماڭا كۆڭۈلسىزلىكلەر كەينى-كەينىدىن كېلىشكە باشلىدى. ئېرىم ھېلىقى چىرايلىق قىز بىلەن بىللە كامانىدىروپكىغا كەتتى. ئۇلارنىڭ دەريا بويلىرىدا، دەرەخزارلىقلاردا بىللە يۈرگەن-لىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، ئازابتىن يۈرەكلىرىم پارە-پارە بولۇپ كېتەتتى. شۇڭا ئېرىمدىن كەلگەن خەتكە زەھەرلىك سۆزلەر بىلەن جاۋاب يازدىم:

«ۋاقىت چىقىرىپ خەت يېزىپسىز، ھەر بىر سۆزىڭىزدىن سوغۇقلۇق يۇراپ تۇرىدۇ. خەت يېزىش سىز ئۈچۈن بىر ئالۋاڭ بولغاندەك قىلىدۇ. ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ ئازاد بولۇپ كەتكەنسىز — ھە! مەن باشتىن-ئاخىر سىزنى ياخشى كۆرەي، سىز بولسىڭىز... نېمىدېگەن ئادالەتسىز-لىك بۇ؟! شۇلارنى ئويلىسام، سىزگە قىلغان ئەقىدەم ئۈچۈن، ئۆزۈمنى پارچە-پارچە قىلىۋەتكۈم كېلىدۇ. سىز مېنى ئوبدان بىلىسىز، مەن باشقىلارنىڭ ماڭا بەرگىنىدىن ئارتۇق نەرسىنى ئۇلارغا ھەرگىز بەرمەيمەن، سىزگىمۇ ھەم شۇنداق. روھىي جەھەتتىن قانچىلىك زەربىگە ئۇچرىسام، ھەتتا ساراڭ بولۇپ قالسامۇ مەيلى، ھەرگىزمۇ ئايىغىڭىزدا سىزدىن مۇھەب-بەت تىلەپ ياشاشنى خالىمايمەن.

سىزگە نەپرەتلىنىپ:

ئامىنە»

خەتنى كونۋېرتقا سالدىم، يۈرىكىمدىن «ھەي، بۇ خەتنى سالمىغىن، سەن ئۇنى جېنىڭدىنمۇ ئەزىز كۆرسەن، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ياشىيالمايسەن» دېگەن سادا كېلەتتى. لېكىن مەن يەنىلا خەتنى پوچتىدىن سېلىۋەتتىم.

ئۇ ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئەمما ماڭا ھامان ئۇنىڭ خىيالى باشقا يەردىدەك، خېتىم يېنىغا كېلىپمۇ قويمىغاندەك سېزىلەتتى. ئاياللارنىڭ سەزگۈسى ھەقىقەتەن يامان ئىكەن.

شەنبە كۈنى ئىدى. ئىرىمنىڭ ئىدارىسىدىن كىنو بېلىتى تارقىتىپتىكەن، ئۇ ئۆيىمىزنىڭ يېنىدىكى كلۇپقا كىنوغا كەتتى. مەن قىزىمنى ئويناتقاچ لەگمەن ئەتتىم. قارىسام ئاچچىقسۇ تۈگەپ قاپتۇ. قىزىمنى قوشنامىنىڭكىدە قويۇپ ئاچچىقسۇغا چىقتىم. ماگىزىن كىنوخانىنىڭ ئۇدۇلىدا ئىدى، ئاچچىقسۇنى ئېلىپ بولۇپ چىقىشىمغا كىشلەر كىنودىن تارقاپتۇ. شۇنداقلا قارىسام ئىرىم ھېلىقى قىز بىلەن بىللە چىقىۋاتىدۇ. ئىتتىكلا كىرىپ كېتەي دەپ تۇرۇشۇمغا ئۇلار ئۇدۇل ئالدىمغا كەلدى. ئىرىم بىلەن چىرايلىق قىزنىڭ ئالدىدا چاچلىرىم تاراقسىز، ئۆڭۈپ بۇزۇلۇپ كەتكەن كۆڭلەك، ئەسكى، سوكسىز ئاياغ بىلەن تۇرغانلىقىم ئۈچۈن شۇنداق خورلۇق ھېس قىلدىمكى، گەپمۇ قىلماي يۈگۈرگىنىمچە ئۆيگە كىرىپ كەتتىم. ئىرىم ئارقامدىن كىرىپ:

— ھەي، نېمە ئادەمنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرىسەن، ئۇ دېگەن ياخشى قىز، سەن ئۇيلىغاندەك ئەمەس، — دەپ ۋارقىرىدى. مەن ئاچچىقسۇنى يەرگە ئېتىۋەتتىم:

— ئەجەب ئۇنى ئاقلاپ كېتىپسىزغۇ، ئۇ ياخشى بولسا مەن يامانمىكەنمەن، — قورقۇپ كەتكەن قىزىم يىغلىغىنىچە كېلىپ ماڭا ئېسىلدى.

— ئۇنۇتمىغىن ئۈچۈر! سەن شۇمنى دېمىسەم نەچچە يىلدىن بۇ خاپىلىقلارنى تارتىپ ئولتۇرمايتتىم، — دېگىنىمچە قىزىمنىڭ مەڭزىگە بىر تەستەك سالدىم. ئىرىم يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە مېنى نەچچە تەستەك ئۇرۇۋەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۆيىمىزدە جېدەل-ماجىرا تۈگىمەيدىغان بولدى. ھەرقانداق ئىشتا بىر-بىرىمىزنى ئەيىبلەيتتۇق، سۆزلىشەتتۇق، ھازىرقى ھالىمىزنى كۆرگەن ئادەم، بىر چاغلاردا بىزنىڭ ئاشىق-مەشۇقلاردىن ئىكەنلىكىمىزنى ھەرگىزمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. ئىرىم ئۆيدىلا بولسا قىزىمنى «ئىتنىڭ بالىسى، ئېشەكنىڭ بالىسى» دەپ تىللايتتىم، بۇنىڭغا چىدىمىغان ئىرىم ئىشىكنى سوزۇۋېتىكتەك يېپىپ چىقىپ كېتەتتى ياكى چىنە-قاچىلارنى يەرگە ئاتاتتى. بىر-بىرىمىزدىن شۇنداق بىزار بولۇپ كەتتۇقكى، پەقەت بالىلا بىزنى ئۆيگە كىرىشكە مەجبۇر قىلاتتى. ئاخىر چىدىمىدۇق، بۇنداق تۇرمۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇش قارارىغا كەلدۇق.

سوتتا مەن يىغلاپ تۇرۇپ، ئىرىمنىڭ گۇناھلىرىنى قول ياغلىق ۋەقەسىدىن باشلاپ سۆزلىدىم:

— بۇنىڭ زادى مەن بىلەن ئۆي تۇتقۇسى يوق، كۆڭلىدە يېرىم كېچىدە مەست كېلىدۇ، قىزلار بىلەن قالايمىقان ئارىلىشىدۇ. بىرەر چاتىقى بولمىسا قىزلار بۇنىڭغا قول ياغلىق بېرەمتى... بۆلۈمدىكى بىر قىز بىلەن مۇناسىۋىتى بار... ئۇ مېنى خارلايدۇ، ھە دېسىلا ئۇرىدۇ... مەن سوتچىلەرنى ئۆزۈمگە ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن بارىمۇ، يوقىمۇ تازا كۆپتۈرۈپ سۆزلىدىم. ئىرىممۇ بوش كەلمىدى:

— يالغان گەپ قىلىۋاتىدۇ. مەن ئۇنىڭغا كۆيۈندۈم، ئۆينىڭ ھەممە ئىشلىرىنى دېگۈدەك قىلىپ بەردىم، رازى بولمىدى، ئۇنىڭچە مۇھەببەت، ياخشى كۆرۈش دېگەن قانداق بولىدىكىن. نېمە سەۋەبلىك ئۆتكۈزۈپ قويغىنىمنى بىلمەيمەن، ئۇنىڭ مەندىن ئاغرىنغىنى ئاغرىنغان، ھەممە ئىشتىن ئىۋەن تاپىدۇ، زەھرىنى سانجىپلا تۇرىدۇ، بۇنداق بولۇۋەرسە تۆمۈر ئادەم بولسىمۇ چىدىمايدۇ. خۇدا تۇرۇپتۇ، بىر قىز بىلەن قالايمىقان ئارىلاشقان بولسام ئادەم بولماي كېتەي، راست، بىر قېتىم ئۆيگە بىر قول ياغلىق ئەپكەلدىم، لېكىن ئۇنى قىزلار بەرمىگەن... شۇ كۈنى تويدا مەن ئاشخانىدىكى ئىشلارغا قاراشقانىدىم. بىر چاغدا تەرلەپ كېتىپ يانچۇقۇمغا قول سالسام قول ياغلىقىم يوق، چۈشۈپ قاپتۇ. بۇنى تويى بولغان قىزنىڭ ئاپىسى كۆرگەن چېغى، بىر قول ياغلىقنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى. ئۇنىڭ تويدا قىزلارغا بېرىلىدىغان قول ياغلىق ئىكەنلىكىنى مەن نەدىن

(ئاخىرى 36-بەتتە)

# لاۋرېنس شېئىرلىرىدىن

ئەركىن نۇر تەرجىمىسى

**مۇھەررىردىن:** «ئوغلى ۋە سۆيگىنى»، «ھەسەن-ھۆسەن» قاتارلىق رومانلىرى بىلەن دۇنيانى زىلزىلىگە سېلىپ، يىگىرمە ئەسىردىن بۇيان ئەسەرلىرىگە ئەسەبىي قىزغىنلىق دولقۇنى پەيدا قىلغان د. ھ. لاۋرېنس (1885_1930) مەشھۇر يازغۇچىلا بولۇپ قالماي، مۇشۇ ئەسىردىكى بۈيۈك شائىرلارنىڭ بىرى، ئۇنىڭ غەرب ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىدە، بولۇپمۇ ئەنگلىيە، ئامېرىكا ھېسسى ئوبراز شېئىرىيەت ئېقىمىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە تەسىرى ئالاھىدە زور. ئەمما، ئۇ بۇ ئېقىم بىلەن ئۆتكۈنچى مۇناسىۋەتتە بولغان، ئۇ تېزلا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يېتىلدۈرۈپ، «قۇش، ھايۋان، ئادەم» (شېئىرلار توپلىمى) گە ئوخشاش توماس ئېلىئوتنىڭ «باياۋان» ى بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان. لاۋرېنسنى بەزىلەر مودېرنىزملىق يازغۇچى دېسە، بەزىلەر ئاممىباپ ئەدەبىيات يازغۇچىسى دېيىشىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇ ئىككى ئەدەبىياتنىڭ چەك-چېگرىسى بۆسۈپ تاشلانغان.

لاۋرېنس شېئىرلىرىنىڭ باش تېمىسى ھايات-مامات، مۇھەببەت ۋە ئەبەدىيلىك. ئۇنىڭ شېئىرلىرى تولىمۇ ئەركىن بولۇپ، ئۆز دەۋرداشلىرىدەك ئەتەي سىرلىقلاشتۇرۇشلاردىن، پەرداز-بوياقلاردىن، سۇئىيلىكلەردىن خالىي. خۇددى تەبىئەتكە ئوخشاش ساپ ھەم ئاددىي-ساددا. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ ئىدىيىۋى چوڭقۇرلۇقىغا يېتىش ئاسان ئەمەس.

## خىيالىي ئازاب

سېرىق ياپراق ئۇچۇپ كېلىپ قاراڭغۇلۇق باغرىدىن،
سەكرەپ تۇرار ئالدىمدا پاقا ئوخشاش ھەريانغا—
تۇرۇپ قالدىم ئۆزۈمچە، ھەيران بولۇپ نېمىشقا؟

تىكىلگەنمەن تۇغۇپ مېنى ئۈستۈرگەن شۇ ئايالغا،
ئالا-چىپار قاراڭغۇلۇق باسقان كېسەلخانىدا
ياتقان تۈپتۈز سوزۇلۇپ، ئىرادىسى ئۆلۈمنىڭ
ۋۇجۇدىنى، جىسمىنى قويناچ شۇنداق قاتۇرۇپ —
ھايالسىزلا قازا تاپقان ئاشۇ سېرىق يوپۇرماق
باشلاپ باردى مېنى يامغۇر سۈيى كەبى پاسكىنا
كوچا چېرىغى، ماشىنىلار ھەمدە غازاڭ ئارىسىغا.

## پەسكەشلىك

بەدەن ئەسلى پاك يارالغان شۇ قەدەر،
لاتقا ئىدى، مەينەت ئىدى قەپەزلەرگە مەھكۇم باشلار دۇنيادا.
ئاشۇ باشلار توختىماستىن بۇلغاپ كۆللى ئىچكى ئەزا،
ئۇرۇقدان ھەم بالىياتقۇلارنى،
چىرىتىپ تۈگەتكەن تامام، ساق قالغىنى بەدەننىڭ قىپىدۇر قۇرۇق.
رەزىل، پەسكەش، سۈنئىيمىز شۇنچە،
ياۋايى مەخلۇقمۇ يەتمەيدۇ بىزگە.

## قۇتقۇزۇپ قالالماس ئەمدى ھېچنەرسە

قۇتقۇزۇپ قالالماس ئەمدى ھېچنەرسە،
بەربات بولدى ھەممە تامامەن،
پەقەت قالدى يۈرەكتە كىچىككىنە جىملىق مېغىزى
ۋە ئۆلىيت گۈلنىڭ كۆزىدەك گويا.

## يېشىللىق

يا ئېپىشىلدۇر ئالما ئوخشاش تاك سۈزۈلگەن جاي،
ئاسمان زۇمرەت قەدەھ ئىرۇر كۆتۈرۈلگەن قۇياش ئاستىدا،
ئۈلار ئارا ئالتۇن رەڭلىك گۈل بەرگىدۇر تولۇنئاي.

شەھلا كۆزى ئېچىلسا، يېشىل نۇرلار چېچىلار،
شۇ قەدەر سۈپسۈزۈك، غۇنچە كەبى پورەكلەر ئاچقان،
بايقۇۋالار ئادەم ئۇنى شۇ ھامان.

## سېستىۋەتتۇق مۇھەببەتنى چىرىتىپ

مۇھەببەتنى قىيامىغا يەتسۇن دەپ،
سېستىۋەتتۇق سۆيگىمىزنى چىرىتىپ.
قەسەم قىلسام سۆيىمەن دەپ سېنى ئەبەدكە،
ھەر بىر قىزنىڭ ئالدىدا،
بىزار بولۇپ كېتەرمەن ئۇندىن شۇ پەيتتە.
مەن قىزلارغا تەلەپ قويسام: «مەن كۆيدۇم سىزگە!» —
دېگىنىمدە مۇھەببىتىم سۇسلار ھەتتا ئۆچەر قەلبىمدە.
چۈشەنگەندە مۇھەببەتنى ئىككى تەرەپ تەڭ،

ئۇ ئايلىنار سوغۇق تۇخۇمغا،
مۇھەببەتلەر تۈگەيدۇ قۇرۇپ.

ئېچىلىپ تۇزۇيدۇ مۇھەببەت گۈلدەك؛
تۇزۇمسا ناۋادا، گۈل ئەمەستۇر ھەقىقىي،
تۇزۇمايدۇ يالغان گۈللەر ياسالغان،
زىننەت بولار قەبرىلەرگە ئۇ بەلكى.

قالغىنىدا توقۇنۇشۇپ قەلب بىلەن مۇھەببەت،
مۇھەببەتنى تاللىغاندا ئىرادە ياكى،
پەزىلەت قىپ كۆرسەتكەندە خاراكتېر ئۇنى،
ياكى ئۆزلۈك بايلىق بىلىپ ئالسا ئىلكىگە.
ئۇ مۇھەببەت ئەمەستۇر، چىرىندىدۇر سېسىغان،
سېسىتىۋەتتۇق مۇھەببەتنى چىرىتىپ
ئۆزلۈكىمىز، ئىرادە ھەم قەلبىمىز،
ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كەتتى داشقايناق.

## ئۆزگە ئېچىنىش

كۆرمىگەنمەن ئېچىنىشنى ئۆزگە -
خەلقلەرنىڭ، ياشىسمۇ خارۇ-زار.
شاختىن چۈشۈپ كەتسە ئەگەر قۇش مۇزلاپ،
ئېچىنمايدۇ ئۆز-ئۆزگە ئۇ زىنھار.

## چارچاش

مېنىڭ قەلبىم ئۆتكۈزۈپ
دىشۋارچىلىق، ئېغىر كۈنلەرنى،
چارچاپ كەتتى ئۇ، مانا
ئىزلىمەكتە ئۆز-ئۆزىنى ئۇنتۇماققا بىر ماكان.

بۇ دۇنيادا ناتىۋان
ئۇنتۇغۇدەك روھىمنى ئالقانچە جاي قالمىغان،
تەسكىن بېرەر ئۇنىڭغا قاراڭغۇلار زۇلمەتلىك.
بۇزۇشۇپ ئادەملەر جىملىقنى زېمىننىڭ
ئۇنتۇپ قايغۇ-شادلىقنى قىلىشتى پايخان،
پەرىشتىلەر قەدەم باسقان پاك زېمىننى.

## قىسمەت

ياپراقلارنى دەرەختە بېرەلمەيدۇ قايتۇرۇپ ئادەم ھەتتا ئىلاھمۇ،
ياپراق چۈشسە ئەگەردە تامام يەرگە تۆكۈلۈپ.

ئادەم، تەڭرى، مەسىھ ياكى باشقىلار
چاتالمايدۇ قايتىلاپ ھايات بىرلە جانلىقلارنىڭ كەلگۈسىنى،
چېتىلسىمۇ ۋە لېكىن ئۇ ئۆلگۈسى ئۇ ھامان،
مەركەز قىلىپ ئۆزىنى ياشاۋاتقاچ بەندىلەر.

ئايرىلغاندا ۋىدالىشىپ ئۇزاقتىن-ئۇزاق،
ئۆلۈم قادىر بولار دۇنيادا
يىلتىزلارنى كىرگۈزمەككە ئەرۋاھلاردىن باقىي ئالەم قوينىغا،
ئاقار يەنە قۇرۇماس بۇلاق، ھاياتلىق دەرىخىنىڭ يىلتىزى ئارا.

## قەدەھ

قەدەھ! ياز ئاخشىمى ساقىغاندەك پاك شەبنەم
تولدۇرۇلسۇن لىپمۇ-لىپ، تۇشقىچە ھەتتا.
تولغان قەدەھتە قانغاي خۇمارىم ئۇشبۇ دەم،
مەست بولۇپ كېتەي باشلىرىمدىن پۇتۇمغىچە تا.

## تۇز

قۇرۇغان دېڭىزدۇر تۇزلار ئاپئاپتا،
دانە-دانە بولۇپ قاتقان ئۇ ئاپئاق.
ئۇ ئەبەدكە قارىمۇ-قارشى كۈچ ئارا—
سۇ ۋە ئوت ئارىسىدا تۇرىدۇ ھەر ۋاق.

## ئۆزگىرىش

سەن چاغلامسەن ئۆزگىرىشنى بەك ئاسان؟
ئۆزگەرمەكتىن قىيىن ئىش يوق ئالەمدە.
دېڭىزلارنى ئۆلتۈش دېمەك ئۇ ھامان.

## ئىلتىجا

ئەي ھېلىن، بىر-بىرلەپ يانغان يۇلتۇزنى
قارىياغاچ ئۈستىدە پىشقان دۇب دەرسەن،
ئۆپۆكنىڭ خۇمرىسى ئەيلەپ سەن مېنى،
لەۋ سوزۇپ ئىچسەن، شورايسەن جەزمەن.
ئۆپۆشۈم ئايلىنىپ كەتكەچ ئاق ھورغا،
زۇلمەت تۈن بۇرنىغا كىرىدۇ ھورلار؛
سەن مېنى سۈمۈرگىن تۈگەپ كەتكىچە،
ئېھ ھېلىن، كېچىدە ئىشرەت سۈرگۈچى،
ئۆپۆكنىڭ خۇمرىسى — مېنىڭ ئالدىمدا
قورقىسەن نېمە دەپ تۈگۈلۈپ مۇنچە؟

## مۇزلىغان قان

ئىلاھەنى سېزەلمەسمەن قاندىن مۇزلىغان،
يۇلتۇزلۇق ياز ئاسمىنىدا يۈرسىمۇ ھەر يان.

ھايات تۇرسام، ئۆلمىسەم تېخى
نېمە ھەققى قاننىڭ مۇزلاشقا؟
مۇزلىماستىن قانلىرىم بەلكى
لاۋۇلدايدۇ كۆيۈپ، بارمىقىم
گەر قولۇمدىن ئۈزۈپ تاشلانسا.

سوغۇق قاندىن بىلدىم مەن شۇنى:
ئوت بوپ يانسا قانلىرىم، شۇندا
مەن تولىمەن كۈچكە، ئەقىلگە؛
ھەم سېزىمەن يازنىڭ ئاخشىمى
ئىلاھەنى يۈرگەن ئاسماندا.

## ئۆلمەس قۇش

بۇلۇتلار سۈمۈرۈپ قۇرۇتسا سېنى،
خالىمامسەن يارىلىشنى قايتىدىن؟

خالىماسەن ياشاشنى قايتا
يوقلىپ كېتەمسەن ئىزسىز دۇنيادىن؟

ئالماشماسسەن خالىمساڭ مەڭگۈگە.

ياشلىقىڭغا قايتماق بولۇپ ئۆلمەس قۇش
ئۆزىنى كۆيدۈرسە ئوتتا، يالقۇندا،
كۈل بولۇپ كەتكىچە تامام پەيسمان،
ئۇۋۇندا توزۇغان كۈللەردەك يۇمشاق
مامۇق پەر يېڭى قۇش بولىدۇ پەيدا
ياشلىقىغا قايتقىن قىلىپ نامايەن
ئەبەدىي ئۆلمەس قۇش تۇغۇلار ئۇندا.

## تەڭرى ۋە شەيتان

جىنايەت ھەم گۇناھلاردىن يىراقتۇر تەڭرى،
گۇناھ پەقەت شەيتانغىلا خاستۇر ھەر قاچان.
تېنىمىزنىڭ ئىچكىرىسىدە ياشايدۇ چۈنكى
شەيتان بىزگە، ئېڭىمىزغا بولۇپ ھۆكۈمران.

ئېڭىمىزنىڭ چوڭقۇر قىسمى شەيتاندۇر، شەيتان،
چۈشىنىمىز چىن ئۆزلۈكنى تولۇق بىز ئۇندا
ئىقتىدارىنىڭ مەنبەسىنى بىلىمىز تامام.

قارشىلاشساق ئېڭىمىزغا ئەڭ چوڭقۇر،
جىسمىمىزدا ماھىيەتلىك ئۆزلۈكىمىز يوقىلار ھامان،
قۇتقۇزالماس ھېچنەرسە، كېتىۋەرسەك مۇشۇنداق
ئايلىنىپ كېتىمىز ماددىغا، قالمايمىز ئامان.

## روھلار بايرىمى

ئوقۇماقتا ئەرۋاھلارغا ئۆلار مۇناجات،
مۇھەببەت ھەم ئۆلگۈچىنىڭ كۆشەندىسى —
كەنتىنكىلەر قەبرىستاندا ئاڭلىماقتا بېرىلىپ،
قوللىرىنى سوزسىمۇ گەر بەكمۇ ئازابلىق
ئۇرۇنمايدۇ قوللىرىغا ئۆلگۈچى پەقەت؛
تەركى دۇنيا بىرغان ئۆلار قەبرىستاننى ئەيلىشىپ ماكان،
پىلىلدىشىپ كۆيەر شاملار قۇياش ئاستىدا،
گۈلچەمبىرەك تىلسىم جايغا تامام تۇتاشقان.

ھەر قەبرىدە كۆيمەكتىدۇر يالىڭاچ شاملار،
ياۋا گىياھ، يۆگىمەچلەر قاپلىۋالغان سىنىڭ قەبرەڭنى.
كۆيۈۋاتقان شامىڭدۇرمەن يالىڭاچ سىنىڭ،

ئەنگلىيىدىكى ئۇ قەبرىلەر سىنىڭ ئەمەس ۋە لېكىن
سىنىڭ قەبرەڭ بۇ دۇنيادۇر، بۇ ئالەم.
يالىڭاچ جىسمىم تۇرار مەزمۇت سىنىڭ قەبرەڭدە،
سىنىڭ ئۈچۈن كۆيۈپ ھەمدە بىرىپ ھايات يالقۇنى،
باشتىن-ئاخىر ئاسمان پەلەك، بە ھەيۋەت.

ساڭا قىلغان سوۋغام بۇ مىنىڭ، كۆڭدە سىنىڭ روھلار بايرىمىڭ.

مەن سىنى ئۇنتۇغان كەتكەنمەن ئۇنتۇپ،
ۋاقتىم ئۆتەر ئۆز-ئۆزۈمنى كۆيدۈرۈش بىلەن،
ئالدىراشمەن ھاياتىمنى بىغىشلاش بىلەن.
شۇنداقتىمۇ مەۋجۇتتۇرمەن قەبرەڭ ئۈستىدە.
قەددىمنى رۇسلىسام ئاشۇ ئوت يالقۇن
سەن تۇرغان ئۆزگە بىر ئالەمگە ئۆرلەيدۇ دەھشەت.
بىراق قالمىدى سەن بىلەن ھېچبىر ئالاقەم،
سىنى ئۇنتۇپ كەتكەنمەن چۈنكى.

كۆيۈۋاتقان شامدۇرمەن يالىڭاچ سىنىڭ قەبرەڭدە.

# ئاي دېڭى
## (ھېكايە)



ئابلىكىم ئەبەيدۇللا



قۇملۇق ئۆستەڭ بويى، سۇغا چىلىشىپ تۇرغان مەجنۇنتال ... خالىس بىلەن نۇرسىمان بىر-بىرىگە يېقىنلا يەردە تولۇن ئايغا تىكىلگىنىچە جىمجىت ئۆرە تۇرۇشاتتى. تولۇن ئاي ... تولۇن ئاينىڭ تارام-تارام كۈمۈش نۇرلىرى ...

مانا بۇلار خالىس بىلەن نۇرسىمانغا ئەجەب تونۇش، ئەجەب يېقىملىق... شۇ تاپتا تولۇن ئاي، پەقەت مۇشۇ تولۇن ئايلا ئۇلارنىڭ ئازابلىق يۈرىكى ئۈچۈن تەسەللى...

خالىس بۈگۈن ھۆكۈرەپ يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى تەستە تۇتۇۋېلىپ، ئايغا ئۈنسىز نىدا قىلدى:

— تولۇن ئاي، ئېيتقىنا مېنىڭ سىرداشىم، بۇ ماڭا كەلگىنى قايسى قىسمەت؟ ئادەم ھاياتتا باسقان خاتا بىر قەدىمى ئۈچۈن، پۈتۈن بىر ئۆمۈر بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدىكەن...

ئۆستەڭ بويىدىكى مەجنۇنتال ئارىسىدا، خالىسقا يېقىنلا يەردە نۇرسىمان تولۇن ئايغا باققىنىچە مۇردىدەك قېتىپ قالغان، ئۇ خۇددى

قارا باسقان چاغدىكى چۈشىنىكسىز جۆيلۈشكە ئوخشاش ئارامسىزلارچە زەئىپ بىر ئاۋازدا ئايغا ندا قىلماقتا... ئاي ئۇنىڭغا جاۋابەن:

« بىلەمسەن ئەزىزىم، سەن مۇھەببىتىڭنى دەپسەندە قىلدىڭ. ئاخىرىدا ئۇنىڭ جازاسىغا ئۇچرىدىڭ، مۇھەببەتتە ئاز- تولا بەدەل تۆلەشتىن ئىبارەت ئاددىي ھەقىقەتنى بىلمە- دىڭ» دەۋاتقاندەك قىلاتتى...

ئۇلار ھەر كۈنى ئاي بىلەن ئۆزئۆزىچە سۆزلىشەتتى، ئەمما بىر-بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن نىمىشقىدۇر قورقاتتى.

* *

نۇرسىمان قوغۇن پىشسا سايىقىدا تۇرمىغاندەك كۆز ئايلىرىنىڭ بىرىدە ئىلياس بىلەن توي قىلدى. ئەمما بۇ توي ئۇنىڭ كۈتكىنىدەك ھاياتىغا يېڭى بەخت ۋە خۇشاللىق ئېلىپ كېلەلمىدى، ئەكسىچە ئۇ پۇشايمان، مۇڭ-ھەس- رەت ئىچىدە دەسلەپكى سۆيگىنى خالىسنى ئەسلەيدىغان، ئۆتۈپ كەتكەن شېرىن دەقىقىلەرنى، بۇلبۇلنىڭ يېقىملىق سايرىشىدەك، مەيىن شامالنىڭ ئەركىلىتىشلىرىدەك شىۋىرلاشلار- نى، خالىسنىڭ پاك سۆيگۈ نۇرلىرى چاقناپ تۇرىدىغان ئوتلۇق كۆزلىرىنى غەمكىنلىك ئىچىدە سېغىنىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ھازىر ئۆزىنىڭ ھەشەم بىلەن ئۆتكەن توي كۈنىدىن كۆرە، خالىس بىلەن بىرگە بولغان كۈنلەرنى، ئايرىلغان چاغلىرىنى ئويلاشنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا مۇنۇ باغ-ۋارانلىق، ئازادە تۆت ئېغىزلىق ياسداق ئۆي ئۇنىڭ ئۈچۈن تۈرمىدەك تۇيۇلىدۇ. ئېرى ئىلياسمۇ ئارتۇقچىدەك، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەرزىمەس ئادەمدەك بىلىنىدۇ. ئەپسۇسكى، نۇرسىماندا ھازىرقى ئازابلىرىغا بەرداشلىق بېرەلىگۈدەك قۇدرەت يوق.

نۇرسىمان ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ زېرىكتى، ئۇنى-بۇنى تۇتۇپ باقتى، نېمىلەرگىدۇر ئاغزىنى پۇرۇشتۇردى ۋە دېرىزە ئالدىغا كېلىپ سىرتقا قارىدى: شىپىغىللىق يول، بوك باراقسان دەرەخلەر، دولقۇنلاپ تۇرغان بۇغداي باشاقلى- رى... گۈزەل بىر مەنزىرىنى پەيدا قىلغانىدى. بۇلارنى كۆرۈپ ئۇنىڭ كۆڭلى ئېچىلغاندەكمۇ بولدى. ئەمما، ھامان بىر سۈرەت، بىر چىراي غۇۋا تۇمان ئىچىدە خۇددى بۇلۇتلۇق كېچە ئاسمىنىدا گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ يوقايدىغان ئايغا ئوخشاش ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى. ئۇ نىمىندۇر خىيال قىلغاندەك بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قارىدى: « جېنىم خالىس، مەن سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن، — پىچىرلىدى ئۇ زەئىپ بىر ئاۋازدا، — سىزنىڭ ئايرىلىش ئالدىدا كۆزىڭىز- دىن ئاققان بىر تامچە يېشىڭىز ئاخىرى مېنى ئۇۋالىغا قويدى، ئېيتىڭا، مەن ئەمدى قانداق قىلاي، تۆت تامنىڭ ئىچىدە يۈرىكىم سىقىلىپ بەكمۇ ئازابلىنىپ كېتىۋاتىمەن. سىزدىن ئايرىلىپ ئاغرىنىپ، دوستلىرىمنىڭ ھەۋەسى بىلەن ئىلياسقا ياتلىق بولغانىدىم، بىراق، ھەقىقىي تۇرمۇش يولىغا قەدەم قويغان چاغدا ئىشلار باشقىچە بولۇپ چىقتى، سىز توغرا ئېيتىپسىكەنسىز، پۇل-مال ۋە كۆڭۈل دېگەنلەر باشقا-باشقا نەرسە ئىكەن. مەن مال-دۇنياغا ئۆزۈمنى زىيادە ئۇرۇپ خاتا قىلغان ئىكەنمەن. شۇ تاپتا قولۇمنى سوزساملا ھەممىنى ئالالايمەن، ئەمما ھەرقانچە قىلىپ كۈلەي دېسەممۇ كۈلكە ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە چىرايىمغا تەبەسسۇممۇ يۈگۈرتەلمەيمەن. بىز قىزلار نېمانچە ئەخمەق؟ باشقىلار سىزنى شائىر دېگەن ئۇچمە كۆڭۈل كېلىدۇ، يەنە كېلىپ نامرات بىر دېھقاننىڭ بالىسى ھەممە ھاجىتىڭىزدىن چىقالمايدۇ دېسە، ئۆزۈمچە سىزدىن يالتىيىپتىمەن، بەختلىك تۇرمۇشنى، ياق، توغرىسىنى ئېيتقاندا بايلىقنى دەپ سىزگە بولغان ئىشەنچىمنى يوقىتىپتىمەن، ئاقىۋەتتە بۈگۈنكىدەك ھەسرەت-نادامەت ئىسكەنجىسىگە بوغۇلۇپ، پۇشايماندىن باشقىنى بىلمەيدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىم، خۇدا مېنى جازالىدى، ۋاپاسىزلىقنىڭ دەشتى-چۆلىگە تاشلىدى...»

نۇرسىمان ئۆي ئىچىدە مەقسەتسىزلا ئۇياق-بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى، بۈگۈن ئۇنىڭغا ھېچنەرسە خۇشياقمايتتى، ئوچۇقنى ئېيتقاندا مىجەزى يوق، كۆزلىرىدىن تارامىلاپ ئېقىۋاتقان ياشلارنى سۈرتكىدەك ماجالىمۇ قالمىغان. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەمدى راستىنلا بەختكە ئېرىشىشنىڭ باشقا يولى يوقمىدۇ؟

خالىس بىلەن نۇرسىمان ئەسلىدىنلا بىر جۈپ قوشماقلاردىن بولۇپ، ھاياتنىڭ نۇرغۇن مۇساپىلىرىنى بىللە باسقان، جاپا-مۇشەققەتلىك كۈنلەرنى بىللە ئۆتكۈزگەن. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىنمۇ ئۆز يېزىسىغا — خالىس يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ كاتىپلىقىغا، نۇرسىمان يېزىلىق تۇغۇت ئىشخانىسىغا تەقسىم قىلىنغان. ئۇلار دەسلەپ ئۆز ئىشىنىڭ مۇنداق ئەپ كەلگەنلىكىدىن خۇش بولۇشتى، كەلگۈسى ھەققىدە گۈزەل ئارزۇلارنى قىلىشتى. بىراق، بىرەر يىل ئۆتمەيلا ئۇلارنىڭ مۇھەببەتلىك ھاياتى ئاخىرلاشتى. نۇرسىمانىنىڭ خالىستەك بىر يىگىت بىلەن توي قىلىشىنى خالىمايدىغان بىر قىسىم دوستلىرى يالغان-ياۋىداق گەپلەر بىلەن خالىسنى قارىلىدى، يېزا باشلىقىنىڭ ئوغلى ئىلياسنى ماختاپ كۆككە كۆتۈردى. ئۇلارنىڭ خالىسنى قارىلىشىنىڭ قىلچە ئاساسى بولمىسىمۇ، ئەمما ئىلياسنى ماختىشى ئارتۇقچە ئەمەس ئىدى. چىراي دېسە چىراي، پۇل دېسە پۇل، ئىمتىياز دېسە ئىمتىياز بار، بۇنداق يىگىتلەرنى قايسى بىر قىز ياقتۇرمىسۇن؟!

شۇنداق، ئايدىڭ كېچىنىڭ بىرىدە خالىس بىلەن نۇرسىمان جىمجىت، تالاش-تارتىشسىزلا ئايرىلىپ كېتىشتى. نۇرسىمان ئاي يورۇقىدا خالىسنىڭ كۆزىدىن سىرغىپ چىققان بىر تامچە ياشنى كۆرۈپ قالدى، ئۇنىڭ يۈرىكى ئېچىشتى، پۈتۈن جىسمى ئۇشۇكتە قالغاندەك تىترىدى. لېكىن بۇنىڭغا پەقەتلا ئامالى يوقتەك نېپىز لەۋلىرىنى بوشقىنە چىشلەپ جىممىدە تۇردى.

— مەن سىزنى بۇنداق تېز ئۆزگىرىدۇ دەپ ئويلىماپتىكەنمەن، — خالىسنىڭ كانىيىغا بىر نەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك ئاۋازى بوغۇلۇپ غاراڭ-غۇرۇڭ چىقاتتى، — پۇل-مالنى، ماددىي باياشاتلىقنى، مەنسەپ-ئابروينى دەپ، مېنى كەمبەغەل كۆرۈپ ئىلياسنى تاللىۋالدىڭىز، مەن ئۆتكەن ئىشلارغا پۇشايمان قىلمايمەن، پەقەت سىزگە ئۆمۈرلۈك ئەقىدە قىلغىنىمغا ئېچىنىمەن، بۇ دۇنيادا سىزگە ئوخشاش ئەقىللىق، ياخشى قىزلارنىڭ كۆزىمۇ ياخشى-ياماننى پەرق ئېتەلمەيدىكەن، مەن سىزنىڭ تاللىشىڭىزغا، كىشىلىك ھوقۇقىڭىزغا ھۆرمەت قىلىمەن. سىزدىن ئاغرىنىشقا ھەققىم يوق، — ئۇ بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ، بىردىنلا ئاسماندىكى تولۇنئاينى كۆرسىتىپ تۇرۇپ دېدى، — قاراڭ، ئاسماندىكى تولۇنئايغا، مەن ئاشۇ ئاينى سىزگە ئوخشىتىمەن، سىزمۇ ئاشۇ ئايدەكلا گۈزەل، بىراق مەن ئۇنىڭ دېغىنىمۇ قوشۇپ سىزگە ئوخشىتىمەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، سىزنىڭ قەلب كۆزىڭىزگىمۇ داغ يوشۇرۇنغان، شۇڭا سىز ھاياتنىڭ يورۇق تەرىپىنىلا كۆرۈپ، قاراڭغۇ قىسمىنى بايقىيالمىدىڭىز، خەير، سىزگە بەخت تىلەيمەن...

نۇرسىمان قاتۇرۇپ قويغان ھەيكەلدەك ھاڭقېيىپ تۇرۇپلا قالدى.

كۈنلەر ئۆتۈۋەردى. خىيال خىيال پېتىچە، ئارزۇ ئارزۇ پېتىچە قېلىۋەردى. نۇرسىمان داغدۇغا بىلەن توي قىلغان بولسىمۇ، ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە نېمىنىڭ ھەقىقىي بەخت ۋە مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى ئاندىن ھېس قىلدى. خالىسنىڭ تېپىلغۇسىز ياخشى يىگىت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى، ئەپسۇسكى ئۇ بەزى ئىشلارنى تولىمۇ كېچىكىپ بىلگەنىدى...

نۇرسىمان ئۆي ئىچىدە ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلىغاچ خۇددى پۈتى كۆيگەن توخۇدەك ئۇيان-بۇيان مېڭىپ كۈننى كەچ قىلدى. ئۇنىڭ بىلەكتەك تۇملۇقتىكى ئىككى ئۆرۈم بوستان چېچى زىلۋا بەدىنىنىڭ تەۋرىنىشىگە ئەگىشىپ

خۇددى سائەت ماياتنىكىدەك ئىككى تەرەپكە تەۋرىنەتتى. ئۇنىڭ چوڭ-چوڭ شەھلا كۆزلىرىدىن بەخت-سائادەتنىڭ ئالامىتى ئەمەس، ئەكسىچە بىچارىلىق ۋە مىسكىنلىك نۇرلىرى تۆكۈلەتتى.

- ھەي نۇرسىمان! سەن بارمۇ ياكى ئۆلدۈڭمۇ؟! — ئىلياسنىڭ قوش قاناتلىق دەرۋازىنى گۇمبۇرلىتىپ ئۇرغاچ ۋارقىرىغان ئاۋازى بىلەن تەڭ نۇرسىمان يۈگۈرگەندەك بېرىپ دەرۋازىنى ئاچتى. «خوش-خوش» بىلەن ياش جەھەتتە ئىلياستىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان ئىگىز-پاكار تۆت يىگىت كىرىپ كەلدى.

— نېمىگە گۆشۈيۈپ تۇرىسەن، داستىخان ئەپچىق! — ئىلياس يانچۇقىدىن چىقىپ تۇرغان بوتۇلكىغا نەپرەتلىك كۆزى بىلەن قاراپ قالغان نۇرسىمانغا ھۆركىرىدى، — بۈگۈن بۇ ئاغىنىلەر بىلەن ئولتۇرىمىز.

نۇرسىمان بۇنداق ئىشلارنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقىنى يوق، ئۇ تالاي كېچىلەرنى ئىلياسنىڭ بىكار تەلەت ئاغىنىلىرىنى كۈتۈش بىلەن ئۆتكۈزگەن، شۇڭا بۇ قېتىممۇ گەپ قىلمايلا ئۇلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سالدى.

—ئاۋۋال تاماق قىل، ئاندىن غاچچىدە قورۇما چىقار،— ئىلياس چاي قۇيۇۋاتقان نۇرسىمانغا ئەرلىك ھوقۇقى بىلەن يەنە بۇيرۇق قىلدى. نۇرسىمان ئۈندىمەي چىقىپ كەتتى.

«خالىس قانداق ياخشى يىگىت ئىدى-ھە؟ ئۇ ماڭا بىرەر قېتىممۇ قوپاللىق قىلىپ باقمىغان،— نۇرسىمان خىيمىر يۇغۇرۇۋېتىپ يەنە خالىسنى ئىختىيارسىز ئەسكە ئالدى،— ئالىي مەكتەپتىكى چاغدا، مەن ئاغرىپ قالغىنىمدا ماڭا تاماق توشۇپ بېرىپ باققان... ئادەمگە شۇنچە مېھرىبان، كۆيۈمچان ئىدى، مەن نېمە بولۇپ ئىزىپ-تېزىپ مۇشۇنداق بىر ئەرگە تېگىپ قالدىم؟» ئۇ ئۇيلىغانچە يۈرىكىنىڭ بىر يېرى پىچاقتا تىلغاندەك ئېچىشتى.

پېرىم كېچىگىچە پوت-قولى يەرگە تەگمەي مېھمان كۈتكەن نۇرسىمان خۇددى ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە قاتناشقان تەنھەرىكەتچىدەك چارچاپ ھالىدىن كەتكەنىدى. ھەر ھالدا ئۇ ئەمدى دەم ئېلىش پەيتىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىپ بىر ئاز يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدى. داستىخاننى يىغىپ، قاچا-قۇچىلارنى يۇيۇشمۇ ھارغىنلىق يەتكەندە ئاسانغا توختىمايتتى.

—قاچاڭنى ئەتە يۇيۇپ ئورۇن راسلا، ئۇخلايمىز،— ئەمدى قاچىلارنى يۇيۇشقا تەمشەلگەن نۇرسىماننىڭ قۇلاق تۈۋىدە يەنە شۇ قوپال ئاۋاز ئاڭلاندى. نېمە ئىلاج، ئۇ دېگەن ئەر، ئايال بولغۇچى ئەرنىڭ ھەر قانداق بۇيرۇقىنى شەرتسىز بىجا كەلتۈرۈشى كېرەك، بۇ مۇشۇ مەھەللىدىكىلەر ئۈچۈن ئەڭ ئەقەللى ساۋات.

— سەن پايپىقىمنى يۇيۇۋېتىپ ئاندىن ئۇخلا،

— ئۇخلاش ئۈچۈن ياتقان ئىلياس بىر نەچچىنى چېقىۋېتىپ، پايپىقىنى سىلكىپلا پىرقىرىتىپ تاشلىدى. يەنە شۇ نازۇك بەدەن، ھەسرەتلىك قەلبىنىڭ خارلىشىدىن تىلىم-تىلىم بولۇپ تىپىرلاپ قالغان كىيىكتەك ئامالسىز قالغان بىچارە يۈرەك، خورلۇق ۋە ئازابتىن كەچكۈزدىكى ياپراقتەك تىترىدى.

نۇرسىمان پايپاقنى داسقا تاشلىدى، قاڭسىق پۇراق ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاينىتتى. تېخى بايا سەي توغراۋاتقاندا ئالدىراشلىقتا پىچاق كېسىۋالغان بارمىقى سۇغا تېگىشى بىلەنلا يېڭىنە سانجىغاندەك ئېچىشتى. ئىلياس بولسا جاھاننىڭ ھەممە ئىشلىرىدىن بىخەۋەر خورەك تارتىپ ئۇخلىماقتا ئىدى. «ئاھ تەقدىر، ئانام مېنى مۇشۇنچىۋالا خارلىنىشقا تۇغقانمىدى، ئىلياس كىم، مەن كىم؟ لېكىن ئۇ مېنىڭ ئېرىم، مەن ئۇنىڭغا ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن تەگكەن. شۇنىڭ ئۈچۈنلا ماڭا بۇگۈنكىدەك ھۆكۈم چۈشۈرەلەيدۇ، دېگىنىنى قىلدۇرالايدۇ. ھېرىپ ھالسىز قالسىممۇ مەن يەنىلا ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا

مەجبۇر، مېنىڭ كېيىنلىكىم ئەمدى نېمە بولۇپ كېتەر. يەنە قانداق قىسمەتلەرنى كۆرەرمەن؟ قانداق چاغلار ئىدىكىن-ئۇ، خالىس مېنى سۆيىسمۇ ناھايىتى ئاۋايلاپ سۆيەتتى، ئۇ ئادەمگە ھامان پەرگە ئوخشاش يېقىملىق تۇيغۇ بېرەتتى. چاچلىرىمنى بويۇنلىرىمنى قانماي پۇرايتتى. مۇنۇ ئىلياسچۇ؟ كالىنىڭ ئۆزى، توي قىلغاندىن بېرى بىرەر قېتىم كۆڭلۈمنى ئاۋالىغىنىنى بىلمەيمەن، خۇددى مەن ئۇنىڭغا شۇنىڭ ئۈچۈنلا تەگكەندەك ناھايىتى قوپال ھەركەتلەر بىلەن خاپا سالىدۇ، ئىش تۈگىگەندە خۇددى مەندىن يىرگىنىپ كەتكەندەك ياكى مەن ئىككىنچىلەپ كېرەك بولمايدىغاندەك ماڭا دۈمبىسىنى قىلىپ خورىكىنى باشلايدۇ... ئاھ خۇدا، مېنىڭ ناللىرىمنى ئاڭلاۋاتامسەن؟ مەندەك ئىلاجسىز قالغان بەندەڭگە ئىچ ئاغرىتىپ قويساڭ نېمە بولىدۇ...»

نۇرسىماننىڭ پايپاقنى سىققان قوللىرى بىردىنلا توختاپ قالدى، خۇددى بەرگىدە ئۈزۈلگەن گۈلدەك كۆزىدىن سىرغىپ چۈشكەن بىر تامچە ياش داستىكى قاپقارا كىر سۇيىگە قوشۇلۇپ كەتتى. ئەتراپ شۇنچە جىمجىت، سائەت ئاللىقاچان بىردىن ئاشقان، ھەممە شېرىن ئۇيقۇنىڭ پەيزىنى سۈرمەكتە، پەقەت نۇرسىمانلا ئۆزۈندىن بۇيان قەلبىدە يىغىلىپ قالغان دەرد-ئەلەملىرىنى يۇيۇپ چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك ئۈنسىز ياش تۆكمەكتە. ئەمما بۇ يىغا ئىلياسنىڭ كۈچەپ تارتىۋاتقان خورەك ئاۋازىنى ئەسلا بېسىپ كېتەلمەيتتى...

ئۇ شۇ ئاخشىمى ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى خالىس بىلەن مەخپىي ئۇچرىشىش، ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراش... نىيىتىگە كەلدى.

* *

كىشىلەر جۈپ-جۈپى بىلەن تانسىغا چۈشتى. خالىسمۇ توي قىلغىنىغا يېرىم يىل بولغان ئايالى گۈلنىسا بىلەن ئەل قاتارى تانسا ئوينىدى. ئۇ ھازىر ئۆزىنى خېلىلا بەختلىك ھېس قىلسىمۇ يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى ئېچىشاتتى... «ھەي نۇرسىمان، ئەجەب ئويدان قىز ئىدىڭ، ھازىر نېمە كۈنلەرنى كۆرىۋاتىدىغانسەن-ھە؟ — خالىس تانسا ئويناۋېتىپ ئىختىيارسىز نۇرسىماننى ئەسكە ئالدى، — بۇرۇنقى زامانلاردىغۇ بايلار كۆزى چۈشكەن قىزلارنى جۇپتىدىن ئايرىپ، زورلاۋاتلىق بىلەن تارتىۋالاركەن، ئەمما بۈگۈنكى كۈندىمۇ باشقىلار سېنى مەندىن تارتىۋالدى. ئوچۇقراق ئېيتقاندا، سەن مەندىن بەزدىڭ، ئەمما سېنىڭ تويۇڭ بولغان كۈنى مېنىڭ مەھەللىمىزدىكى بۇرۇن ئىككىمىز سۇ كېچىپ ئوينايدىغان ھېلىقى چاچما قۇملۇق ئۆستەڭ بويىغا چىقىپ ھۆكرەپ يىغلىغىنىمنى، بىرەر-ئىككى ئايغىچە گېلىمدىن تۈزۈك كىرمەك بىر نەرسە ئۆتمىگەنلىكىنى سەن ئەلۋەتتە بىلمەيسەن، تەسەۋۋۇر قىلىشىڭمۇ مۇمكىن ئەمەس. تا ھازىرغا قەدەر سېنىڭ ئىلياس بىلەن بىرگە ماڭغىنىڭنى ئۇچراتقىنىمدا شۇنداق ئازابلىنىمەن، يىراق يەرلەرگە قېچىپ كەتكۈم كېلىدۇ، سېنى كۆزۈممۇ كۆرمىسەكەن دەپ ئويلاپ كېتىمەن، مانا ھازىر ئايالىم بىلەن تانسا ئويناۋاتىمەن، نېمىشقىدۇر ئەس-يادىم سەندە، ئەنە ئىلياس، مەندىن ئۈچ مېتىر يىراقلىقتا چىرايلىق بىر قىز بىلەن چاپلىشىپ دېگۈدەك تانسا ئويناۋاتىدۇ. شۇ تاپتا بىرپىلا ئۇنىڭ كانىيىدىن بوغقۇم، قوپال گەپلەر بىلەن تىللىغۇم كېلىدۇ. ئۇ سەندەك بىر ياخشى ئايالى تۇرۇپ نېمىشقا شۇنداق قىلىدۇ، نېمىشقا سېنى قەدىرلىمەيدۇ؟! — »

— گۈلنىسا مەن سىرتقا چىقىپ كىرەي، — خالىس مۇزىكا تۈگىشى بىلەنلا ئايالىنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلىدى، — ھازىرلا كىرىمەن.

خالىس سىرتقا چىقتى، مۇزدەك سوغۇق ھاۋا شۇ ھامان ئۇنىڭ يۈزلىرىگە كېلىپ ئۇرۇلدى. ئۇ ئەندىكتى، پۇتلىرىنىڭ ئۆزىنى ئەڭ يىرگىنىدىغان، شۇنداقلا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر جايغا باشلاپ مېڭىۋاتقانلىقىنى سەزدى. نۇرسىمان خالىسنىڭ يېقىن بىر دوستىدىن بۈگۈن

كەچتە كېلىشىنى تاپىلىغانىدى، ئۇ نېمە ئۈچۈن مەن بىلەن تۇيۇقسىزلا كۆرۈشمەكچى بولۇپ قالغاندۇ؟ بارا يمۇ-بارماپمۇ؟ ھەر ئىككىلىمىز ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولۇپ قالدۇق. ئەمدى بىز كۆرۈشكەندەك، قايتا سۆزلەشكەندەك ھېچنەرسە قالمىدى، نېمە بولسا بولسۇن، بارغۇم بولسىمۇ قەتئىي بارماسلىقىم كېرەك. ئۇ دەسلەپ ئەنە شۇنداق ئىرادىگە كەلگەنىدى، بىراق ھاراق ئىچكەندىن كېيىن قانلىرى قىزىشىپ بۇ ئىرادىسى ئاللىقاياقلارغىدۇر يوقالدى. ئۇ مۇشۇ مىڭىشىدا نەگە بارار؟ توغرا، قوش قاناتلىق يوغان كۆك دەرۋازا ئالدىغىچە بارىدۇ.

خالىس دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ بىردەم تۇردى. ئەتراپ شۇنچە جىمجىت، سۈتتەك ئاي نۇرى ئەتراپنى كۈمۈش رەڭگە كىرگۈز-گەن، ئاپئاق قارلار مەرۋايىتلاردەك يالتىرايتتى. دەرۋازىنىڭ بىر قانىتى قىيا ئوچۇق بولسىمۇ ئۇ خېلى بىر ۋاققىچە كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى، ئاخىرى غايەت زور بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ھويلىغا كىردى. جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەن ھويلىنى دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان سۇس چىراغ نۇرى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. خالىس بىر بېسىپ-ئىككى بېسىپ دېرىزە ئالدىغا كەلدى. ئەنە، نۇرسىمان كارىۋات ئۈستىدە ياتىدۇ، ئۆي ئىچىدە ئۇنىڭدىن باشقا ئىنس-جىن يوق، ئۇنىڭ يۈرىكى شىددەتلىك سوقۇشقا باشلىدى، كىرەيمۇ-كىرمەي-مۇ دەپ بىرھازا ئىككىلىنىپ تۇردى، ئالمادىس بىرەرسى بىزنى كۆرۈپ قالسا ... بولدى، بېشىمغا كەلگەننى كۆرەي، مەنمۇ بىر ئەركەك-قۇ، ئاخىر!...

—سىز، سىز كەلدىڭىزما؟!— خالىسنى كۆرگەن نۇرسىمان دەسلەپتە ھەيدۇقتى، چىرايى تاتىرىپ، تىلى گەپكىمۇ كەلمىدى، ئاندىن ئىچ كىيىمى بىلەنلا تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ شۇ گەپلەرنى قىلالىدى.

يادىڭ بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان نۇرسىمانغا قاراپ خالىسنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى، بېرىپلا ئۇنى باغرىغا باسقۇسى، يوپقا قورۇقلار ئارىسىدىكى گۇناھسىز كۆزلىرىگە سۆيگۈسى كەلدى، ئەمما ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋالدى. ئۆي ئىچى شۇنچە سوغوق، مەشتە ئوتمۇ يوق، ئىلياس نۇرسىماننىڭ ئاغرىپ قالغىنى بىلەن كارىمۇ يوق پۇزۇر كىيىنىپ چىقىپ كەتكەنىدى.

خالىس نۇرسىمانغا ئارتۇقچە گەپمۇ قىلمىدى. ئۇ ھازىرقى ۋاقىتتا كۆپ سۆزلىسە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇڭا نۇرسىماننىڭ توسقىنىغا قارىماي مەشكە دەرھال ئوت ياقتى. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆي ئىچى ئىسسىشقا باشلىدى.

—نۇرسىمان، سىز كۆپ رىيازەت چەكتىڭىز... راستىنى ئېيتقاندا مېنىڭ سىزگە ئىچىم ئاغرىيدۇ، يېتىپ ئوبدانراق ئارام ئېلىڭ،— خالىس ئاغزىدا شۇنداق دېسىمۇ ھېچ قولاشمىغان ئارتۇقچە بىر ھەرىكەت بىلەن نۇرسىماننى ئاستا ياتقۇزۇپ، قويماقچى بولۇپ ئۇنىڭ يېنىغا باردى. ئەمما ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى تىترىدى، نۇرسىماننىڭ يالىڭاچ مۈرىسىدىن تۇتقان قولى دەماللىققا ئاجرىمىدى، ئارىلىقتا قىسقا ۋاقىت ئەسەبىيلەرچە سۆيۈشۈش، قۇچاقلىشىش، تەسەللى بېرىش، كۆز يېشى قىلىش، يالۋۇرۇش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى.

— ئەمدى مەن قايتاي، — دېدى خالىس ئۆزىنى نۇرسىماندىن تەستە ئاجرىتىپ، — سىز بايا ئېيتقان ئىلياستىن ئاجرىشىپ مەن بىلەن توي قىلىش تەكلىپىڭىزگە مەن راستىنلا قوشۇلالمايمەن، سىزنى ھەرقانچە ياخشى كۆرسەممۇ ئايالىم گۈلنىسانى ئازابقا قويۇشقا ھەققىم يوق، بىلەمسىز، ئۇ مېنى جېنىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرىدۇ، مەن ھەسرەت-نادامەت ئىچىدە ئۆتكەن كۈنلەردە ئۇ ماڭا يار-يۆلەكتە بولغان، يەنە سۆزلەپ ئولتۇرۇش بەلكىم ھەر ئىككىمىزگە ئارتۇقچىدۇر، خەير، ئۆزىڭىزنى

ئاسراڭ.

خالىس يۈرىكى پۇچۇلانغان، كۆڭلى غەش بولغان هالدا چىقىپ كەتتى. نۇرسىمان ئۇنىڭ چىقىپ كەتكىنىنىمۇ، ئاخىرىدا نېمىلەرنى دېگەنلىكىنىمۇ بىلمىدى، پەقەت مەشتىكى گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا تىكىلگىنىچە كۆز چاناقلىرى ياشقا تولغان هالدا تۇرۇپ قالدى، ئۇ شۇ تەرىقىدە قانچىلىك تۇردى، ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ. بىر چاغلاردا تەڭشىلىپ قالغان ئىلياس كىرىپ گەپ قىلغاندىلا ئۇ ئاندىن ئېسىگە كەلدى.

— ئوھو، ئاغرىپ قالدىم دەپ ئىنجىقلاپ ياتاتتىڭ، ئەجەب مەشكە ئوت قالىۋېتىپسەنغۇ، — هاراق كەيپىدىن يۈزلىرى خورازنىڭ تاجىسىدەك قىزارغان، كۆزلىرى خۇمارلاشقان ئىلياس «كارت» تىدە بىرنى كېكىرىۋېتىپ، يېشىنگەچ سۆزلەشكە باشلىدى، — يېڭى يىل دېگەننى مۇشۇنداق كۈتۈۋالسا، بۈگۈن تانسا بىر كىشىلىك قىزىپ قويدىغۇ ئۆزى، كاساپەت تىنگىزە چىرايىغا چۈشلۈق ئويناپ قويدىكەن ئەمەسمۇ، — ئىلياس ئۆز-ئۆزىگە بىرمۇنچە سۆزلىگەندىن كېيىن ئېيىقتەك يالاڭاچلىنىپ يوتقانغا كىردى.

— سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي ئىلياس، بۈگۈن راستىنلا مىجەزىم يوق، ئۇنداق قىلمىسىڭىز،

— نۇرسىمان ئۈستىگە تاغ يۈدۈۋالغاندەك هېس قىلىپ دېمىنى ئالالماي قالدى.

— خوتۇن دېگەن نېمە قىلىدىغان نەرسە ئۇ، دەۋاتقان گېپىنى، سېنى خالىسنىڭ چاڭگىلىدىن بىكار تارتىۋالمىدىم، شۇ... مۇشۇنداق...

هاراقنىڭ ئاچچىق بۇسى نۇرسىماننىڭ كۆڭلىنى ئاينىتتى، ئۇنىڭ دېمى سىقىلىپ چىلىق-چىلىق تەرلىدى. لېكىن بۇلار ئىلياسنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقىدىغاندەك ئەمەس، ئۇ نۇرسىمانغا بىرمۇنچە جاپا سېلىۋېتىپ، هايۋانىي نەپسى قانغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا دۈمبىسىنى قىلغىنىچە خورەك تارتىپ ئۇخلاشقا كىرىشتى. نۇرسىمان خالىسنىڭ كىرىپ ئوت قالاپ بەرگەنلىكىنى، ئىلياسنىڭ مىجەزىم يوق دېگىنىگە قويماي هايۋانلارچە جاپا سالغىنىنى سېلىشتۇرۇپ ئىختىيارسىز هالدا ئۈنسىز يىغلىۋەتتى، ئۇ ئۆز هاياتىدا بىردەملىك هېسسىيات تۈپەيلى ئىلياسقا ياتلىق بولۇپ ئېغىر خاتالىققا يول قويغانلىقىنى، ئۆمۈرلۈك پۇشايمان ۋە ئازابقا مۇپتىلا بولغانلىقىنى چوڭقۇر هېس قىلدى. كۈچەپ تارتىلغان خورەك ئۇنى تېخىمۇ بىزار قىلىپ، قۇلىقىغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلاندى، ئۇنىڭ بېتۇۋىرىشكە تاقىتى قالمىدى، ئۆلۈكتەك ئۇخلاۋاتقان ئىلياسقا نەپرەت بىلەن قارىغىنىچە كېيىندى-دە، هويلىغا چىقتى.

ئەتراپ شۇ قەدەر جىمجىت، هەممە يەر ئاق لىباسقا ئورالغان، ئاسماندا تولۇن ئاي ئۆز نۇرىنى يەر يۈزىگە سېخىيلىق بىلەن سەپمەكتە.

نۇرسىمان ئايغا قارىدى، ئۇنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرىدە پۇشايمان نۇرلىرى چاقنايتتى. «خالىس، ئېيتقا، مەن ئەمدى يەنە قانچىلىك ياشارمەن، توغرا ئېيتىپتىكەنسىز، مېنىڭ قەلب كۆزۈمدە خۇددى ئاۋۇ تولۇن ئاينىڭ يۈزىدىكى داغقا ئوخشاش داغ بار ئىكەن، ئاشۇ داغ مېنى ئاخىرى نابۇت قىلدى، شۇ تاپتا پۈتۈن بەدىنىم سىرقىراپ ئاغرىۋاتىدۇ، بەكمۇ هالسىزلىنىپ كەتتىم، مۇمكىن بولىدىغان بولسا پۈتۈم ئاستىدىكى ئاپئاق قارلارغا سىڭىپ، ئۇ ئېپلاس بەدىنىمنى پاكلىغان بولاتتىم، بىلىمەن خالىس، ماڭا ئوخشاش دېغى بار ئاينى سىز ئەمدى هەرگىز-هەرگىز ياخشى كۆرمەيسىز، سىز بەختلىك، گۈلنىسا تېخىمۇ بەختلىك... پەقەت... مەنلا... مەنلا بەختسىز...»

نۇرسىمان ئايغا قاراپ پىچىرلىغىنىچە ئاپئاق قار ئۈستىدە لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى، ئۇ چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى دەپ توختىماي شىۋىرلايتتى. قارىماققا ئۇ قېتىپ قالغاندەك ۋە ياكى جېنى چىقىپ كېتىۋاتقان ئادەمگىلا ئوخشايتتى...

# ئاياغلاشقان چۈش

(ھېكايە)

پازىل قادىر

گۈلباھارنىڭ ئىدارىسىدە يېڭى يىل مۇنا- سىۋىتى بىلەن ئولتۇرۇش بولغانىدى. ئۇ بىللە بارايلى دەپ شۇنچە زورلىسىمۇ قادىر ئۇنىڭ ئىدارىسىدىكىلەر بىلەن تازا تونۇشۇپ كەتمە- گەنلىكى سەۋەبلىك بارغىلى ئۇنىمىدى-دە، ئاخىرى ئۆزى يالغۇز كېتىپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن قادىر ئۆي ئىچىدە ئۇنى-بۇنى قىلىپ يۈرۈپ، بىردىن يۈرىكىنى قۇرت غاجاۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالدى. ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇ يامان خىيالدىن قۇتۇلالمىدى، بەلكى، ۋاقىت ئۆتكەنسىرى ئۇ تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى. ئۇ ئاخىرى دەردىنى ھاراقتىن ئالماقچى بولغاندەك ئۆزى تىكەندەك يالغۇز ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچىشكە باشلىدى.

كەينى-كەينىدىن ئىچىلگەن ھاراق كۈچىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. قادىر ئاخىرقى بىر رومكا ھاراقنى تىكىلىپ قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھېلىقى تانسا مەيدانى غۇۋا كۆرۈنگەندەك بولدى: قىزغۇچ، كۆكۈش لامپۇچكىلار رەڭدار شولا چېچىپ جىمىرلاۋاتقان زالدا كىشىلەر جۈپ-جۈپ بولۇپ تانسا ئويناماق- تا... بىر-بىرىگە قادالغان كۆزلەر، شوللار جەۋلان قىلىپ تۇرغان يۈزلەر، پىچىرلاپ سۆزلىشىۋاتقان ئېغىزلار، بەلدىن قاماللاپ تۇتقان ۋە مۈرىلەرگە قويۇلغان قوللار... قادىرنىڭ كۆز ئالدىدا ئايالى كۆرۈنگەندەك بولدى. ئۇ ھېكىم بىلەن تانسا ئويناۋاتاتتى. ھېكىم گۈلباھارنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ تۇرۇپ نېمىلەرنىدۇ دەۋاتاتتى. گۈلباھار كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ كۈلۈمسىرىدى. پۈتۈن تانسا مەيدانى شىۋىر-شىۋىر ئاۋازلارغا تولدى، باشقىلار ئۇ ئىككىسى توغرۇلۇق پىچىرلاشماقتا. سۆز-چۆچەك قىلىشماقتا. ئەتە ئۇ سۆز-چۆچەكلەر پۈتۈن شەھەرگە تارايدۇ، مىش-مىش گەپلەر راست بولۇپ سۆزلىنىپ يۈرىدۇ.

قادىرنىڭ جۇدۇنى ئۆرلەپ رومكىنى زەرب بىلەن يەرگە ئاتتى. كېيىن «خەپ ھېكىم، خەپ ھېكىم!» دەپ تووۋلاپ يۈرۈپ ئۆيىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەنلا نەرسىنى تېپىشكە، قولىغا چىققانلىكى نەرسىنى پىرقىرىتىپ ئېتىشقا باشلىدى. بۇ «جەڭ» ئۇزۇنغا سوزۇلدى. قادىر چارچاپ ھالىدىن كەتتى، ئاخىر يارىدار بولغان يولۋاس- تەك ھالسىرىغان پېتى كارىۋاتقا دۈم چۈشتى. ئۇ ھايال ئۆتمەي خورۇلداپ ئۇخلاپ كەتتى.

* *

قادىرنىڭ پەرىزى راست ئىدى. ئۇ تانسا مەيدانىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان چاغدا گۈلباھار راستىنلا ھېكىم بىلەن تانسا ئويناۋاتاتتى. ھېكىمنىڭ قانداقلارچە بۈگۈنكى ئولتۇرۇشقا كېلىپ قالغانلىقى گۈلباھارغا نامەلۇم. ھېكىم زالغا كىرىپلا گۈلباھارنى كۆردى ۋە ئۇنىڭغا تىكىلىپ ئولتۇردى. بىرىنچى مەيدان تانسا باشلانغاندىلا ھەممە ئەرلەر ئۆز ئاياللىرى بىلەن تانسا ئوينىدى، قادىرنىڭ كەلمىگەنلىكى

بىلىنىپ قالدى. ھېكىم ئىككىنچى مەيدان تانسا باشلانغان ھامان گۈلباھارنى تانسغا تارتتى. ياق دېيىش مۇمكىنمۇ؟

ھېكىم گۈلباھارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا يۈرگەن يىگىتى ئىدى. ئۇلار توي قىلىشقىمۇ ۋەدىلەشكەن-دى. ئەمما، شوپۇر بولۇپ ئىشلەيدىغان ھېكىم تاسادىپىي يۈز بەرگەن قاتناش ھادىسىسى تۈپەيلىدىن قولغا ئېلىنىپ، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە كېتىپ قالدى. شۇ چاغدا گۈلباھار ئۇنىڭغا «سىزنى چوقۇم ساقلايمەن» دەپ ۋەدىمۇ بەرگەنىدى. ئۇنىڭغا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، ياخشى ئورۇنغا ئورۇنلاشقان قادىر خېرىدار بولۇپ چىقتى. قادىرنى گۈلباھارنىڭ ئاتا-ئانىسىمۇ، دوستلىرىمۇ لايىق كۆردى. ئۇنى قادىرغا ماقۇل دېيىشكە ئۈندەيتتى. ئۇ ھېكىمنى ساقلايدىغانلىقىنى ئېيتقىنىدى، ئاتا-ئانىسى ئاچچىقلاپ كەتتى. ھەتتا: «ئەگەر ئۇ ھېكىمنى ساقلايدىغان بولسا، كۆزىمىزدىن يوقالسۇن!» دەپ ۋارقىراشتى، ئۇنى قادىرغا ماقۇل دېيىشكە قىستاشتى. گۈلباھار ئاخىر ئاتا-ئانىسى، دوستلىرى دېگەن «ئامەت»نىڭ — قادىرنىڭ پېشىغا ئېسىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندە ھېكىم تۈرمىدىن بوشىنىپ چىقتى.

ئۇلار ئىككىسى تانسا ئويناۋېتىپ، بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى، سېغىنىش ۋە سىردىشىپ يۈرگەن كۈنلەرنى ئەسلەشمەكتە ئىدى. گۈلباھار خىجىل بولۇپ، يەردىن كۆز ئۈزەلمەيتتى. ھېكىم ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ھەسرەت بىلەن تويماي قارايتتى. تەقدىر دېگەن شۇنداق رەھىمسىز ئىكەن، ئامال قانچە! گۈلباھار ئۇنىڭ ئىدى. ئەمما، تەقدىر ئۇنى ھېكىمدىن تارتىۋېلىپ قادىرنىڭ قىلىپ قويدى. ھېكىم ئېغىر خۇرسىنىپ قويۇپ سورىدى:

— گۈلباھار... سىز بەختلىك بولالىدىڭىزمۇ؟

— ھازىرچە شۇنداق...

— قادىرغا ئۆز رازىلىقىڭىز بىلەن تەگدىڭىزمۇ؟

— نېمە دەي؟ ... باشتا ئاتا-ئانام زورلىدى. كېيىن مەن... ھېكىم، مەن ئالدىڭىزدا ئەيىبلىكمەن. مېنى تىللاڭ، يۈزۈمگە تۈكۈرۈڭ. شۇنداق قىلىشقا سىز ھەقلىق، مەن ئالدىڭىزدا گۇناھكار!

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەڭ، بەلكىم تەقدىرىمىز شۇنداقتۇر.

— ئۇنداقتا مېنى كەچۈرەمسىز ھېكىم؟

ھېكىم «ھەئە» ئىشارىتىگە باش لىڭشىتىۋىدى، گۈلباھار ئېچىلىپ كەتتى.

— سىز نېمىدېگەن ياخشى-ھە؟!

گۈلباھار دەققە جىم بولۇپ قالدى. ئۇ گەرچە قادىرغا ئىلاجىسىزلىقتىن ياتلىق بولسىمۇ، ئەمما تويدىن كېيىن ئۇنىڭدىن ھېچبىر يامانلىق كۆرمىگەنىدى. ھەممە نېمىسى تەلتۆكۈس دېگىلى بولمىسىمۇ، غەم-غۇسسىسىز، بەلكى ئوبدانلا كۆڭۈللۈك ياشاۋاتاتتى. ئۇ ھېكىم بىلەن يۈرۈۋاتقاندىمۇ بۇنىڭدىن ئارتۇق تۇرمۇشنى تەمە قىلمىغانىدى. شۇڭا ئۇ ھېكىمنىڭ رەنجىشى مۇمكىنلىكىنى ھېس قىلسىمۇ، ئاقىۋەت كۆڭلىدىكى سۆزنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى.

— ئۇنى يامان دېيەلمەيمەن.

ھېكىم بەلكىم «سىز ياخشى ئىدىڭىز» دېگەن سۆزنى كۈتكەن بولسا كېرەك. بىرھازا جىم بولۇپ كەتتى. ئاخىرى ئېغىر خۇرسىنىپ قويۇپ شۇنداق دېدى:

— مۇبادا سىز قادىردىن ئايرىلىپ قالسىڭىز، ئېيتايلۇق، ياخشى كۈننىڭ يامىنى كېلىپ شۇنداق بولۇپ قالسا، كىمگە ياتلىق بولارسىز؟

ھېكىمنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقى چۈشىنىشلىك ئىدى. ئۇ گۈلباھارنى قادىردىن ئاجرىدتىۋالالىسا... گۈلباھارنىڭ ئاخىرىنى ئويلىغۇسى كەلمىدى. ئۇ تېزلا جاۋاب قايتۇردى:

— ئەزرائىلغا... بولدى، ھېكىم، ئەمدى بۇنداق گەپلەرنى قىلىشمايلى. رەنجىمىسىڭىز، ئەمدى تانسا ئوينىمايلى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ كۆرۈشمەيلى، سىزنىڭمۇ خۇدايىم بەختىڭىزنى

بىرەر.

— دېگىنىڭىزچە بولسۇن... سىزنى تانسىدىن كېيىن ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قويسام بولامدۇ؟

— ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت. ئۆزۈم كېتەلەيمەن.

— ئۇنداق تەرسالىق قىلماڭ، قارا...

— بولدى، گەپ قىلماڭ، تانسا ئوينىغىنىمىزمۇ يېتەر. مەن بىر ئەرنىڭ-ئەمرىدىكى ئايال. ئىككىمىز بىللە ماڭساق، ئېرىم ئۇچۇنمۇ، مەن ئۇچۇنمۇ سەت بولىدۇ.

گۈلباھار شۇنداق دېدى-دە، ھېكمەتدىن ئايرىلىپ تېخى بىر مەيدان تانسا ئاخىرلاشماي تۇرۇپ ئولتۇرۇۋالدى. ئۇ غال-غال تىترەيتتى، ئەتراپقا قورقۇمسىراپ قارايتتى.

* *

گۈلباھار ئۆيگە كېلىپلا ھەيرانلىقتىن داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۆي ئىچى ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كەتكەنىدى. بوتۇلكا، رومكا چېقىلغانىدى. ئۇنىڭغۇ يەردە پاچاقلانغان بولۇپ، ئورۇندۇق، چىنە-قاچىلارمۇ... ئۆيدە چېقىلمىغان ھېچنەرسە قالمىغاندەك ئىدى. ئۇ ئۆزى يوق چاغدا ئۆيدە نېمە ئىشلار بولغىنىنى بىر پەس ھاڭ-تاڭلىقتىن كېيىن چۈشەندى. ئېرىنىڭ قاتتىق كۆندەشلىكى يۈرەكنى پارە-پارە قىلىدىغان چىدىغۇسىز زىيانغا سەۋەبچى بولغانىدى. گۈلباھار غەزەپتىن جالاقلاپ تىترەپ كەتتى، ئولتۇرۇشقا بارغىنى ئۈچۈن مىڭ پۇشايمان قىلدى. ئەمما، پۇشايمان قىلىش بىلەن زىياننى تولدۇرغىلى بولاتتىمۇ؟ ئۇ لېۋىنى چىشلەپ ئېغىر خورسىندى-دە، ئۈنچىقمىدى. ئەمما، يۈرىكىدە يىغلىدى.

ئۇ خېلىغىچە ئېسىنى يىغالماي، تۇرغان ئورنىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى. كېيىن كىيىمىنىمۇ سالماي، يوتقانىمۇ يېپىنماي كارىۋاتتا دۈم ياتقان قادىرنىڭ قانغا بويالغان قوللىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ يېنىغا ئىتتىك باردى، باردى-يۇ، تۇرۇپ قالدى. يۈرىكى ئېچىشتى. ئەمما، ئۇنى ئويغىتالمىدى. ئويغاتسا كۆڭۈلسىز جېدەل يۈز بېرىشىدىن قورقۇپ، قادىرنىڭ ئۈستىگە يوتقان يېپىپ قويدى. كېيىن ئۆزىمۇ يېنىدا ئورۇن سېلىپ ياتتى.

دەل شۇ پەيتتە قادىر چۈش كۆرۈۋاتاتتى. ئۇ يەنە گۈلباھار بىلەن ھېكمەت تانسا ئويناۋاتقان ھالەتنى چۈشمەكتە ئىدى. تانسا زالى ۋال-ۋۇل قىلىپ تۇراتتى. يېرىم يالىڭاچ ئوغۇل-قىزلار بىر-بىرىگە چاپلىشىپلا كەتكەنىدى. گۈلباھارنىڭ بېلىدىن چىڭ تۇتۇۋالغان ھېكمەت ئۇنى ھەدەپ قىساتتى، باغرىغا باسماقچى بولاتتى. سۆيۈشكە ئىنتىلەتتى. ئەمما، گۈلباھار ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقاندەك ئىدى. ئۇ ئاشۇ ھالەتنى ئۇزاق چۈشىدى. ھېكمەت ئاخىرى گۈلباھارنى قىسىپ تۇرۇپ قۇچاقلاپ سۆيۈۋالدى. قادىر تىپىرلاپ تۇرالماي ۋارقىراپ كەتتى: «ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، ئۆلتۈرۈۋېتىمەن!...» ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئويغىنىپ كەتتى.

قادىر چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى-دە، يېنىدا ياتقان ئايالىنى كۆرۈپ قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ شېرىن ئۇيقۇدا ئىدى، رېتىملىق پۇشۇلدىغان تىنىقى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قادىر ئورنىدىن تۇرۇپ چىراقنى ياندۇردى. مەستلىكى بىر ئاز يېشىلگەنىدى. ئەمما، بېشى لوقۇلداپ ئاغرىۋاتاتتى. بۇ خىل ئازاب، بىئاراملىق ئۇنى قىيناۋاتاتتى.

ئۇ ئۆي ئىچىگە قارىدى. پاراكەندىچىلىكنى كۆرۈپ، ئۆتكەن ئىشلار ئېسىگە چۈشتى. بايا كۆرگەن چۈشىنى ئويلاپ ئايالىغا ئىتتىك قارىدى. گۈلباھار بەخىرامان ئۇخلاۋاتاتتى. قادىر ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قارىۋىدى، يۈزلىرى كۈلۈمسىرەپ تۇرغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. «ئۇ بەلكىم ھېكمەتنى چۈشەۋاتقاندۇ» دېگەن ئوي خىيالىدىن كەچكەن قادىر سەسكىنىپ كەتتى. خورلۇق تۇيغۇسى يۈرىكىنى مۇجۇپ ئازابلاشقا باشلىدى. ئۇ ئەلەم بىلەن خورسىنىپ دېرىزە تەرەپكە كەتتى. دېرىزە ئوچۇق ئىدى.

گۈلباھار ئولتۇرۇشتىن قايتىپ كەلگەندە ھاراق پۇرىقى قاپلىغان ئۆيىنىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن دېرىزىنى ئېچىۋەتكەنىدى.

بۇ ھال نىمىشقىدۇر ئۇنى شۇبھىلەندۈرۈپ قويدى-دە، ئىختىيارسىز ئىشك تۈۋىگە باردى. ئىشك ئېتىكلىك ئىدى. ئۇ يامان ئويلىرىنى داۋاملاشتۇرالماي تۇرۇپ قالدى.

گۈلباھار ئۆزىنىڭ ھېكىم بىلەن يۈرگەنلىكىنى قادىرغا ئېيتىپ بەرگەنىدى. شۇ چاغدا ئۇ تولىمۇ ئاق كۆڭۈل بولۇپ تۇيۇلغان. ئەمما ھازىر ئىش باشقىچە بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى. تانسا... ئۇنى كىم بىلمەيدۇ. بىرى بىلىدىن تۇتۇپ، بىرى قولىنى دولىغا قويۇپ ئوينايدۇ. ئويناپ يۈرۈپ ھەرقانداق كۆڭۈل سۆزلىرىنى، مەخپىيەتلىكلەرنى دېيىشى مۇمكىن. كېيىن قىز-چوكانلارنى يىگىتلەر ئۆيىگە ئۇزىتىپ قويۇشىدۇ-تېخى!

ئۇ ئۆي ئىچىدە ئۇيان-بۇيان ماڭدى. بىر ئىش قىلىش كېرەك. شۇنداق بىر ئىش قىلىش كېرەككى، شۇ ئىش تۈپەيلى، گۈلباھار ئىككىنچى ئۇنىڭسىز بىر يەرگە بارمايدىغان بولسۇن. ئاخىر ئۇ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ گۈلباھارنى ئويغىتىپ كېلىشتۈرۈپ سوراق قىلىشنى، كېرەك بولسا ئوچۇقداپ، ئەدىپىنى ئوبدان بىر بېرىپ قويۇشنى لايىق تاپتى-دە، ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

ئۇ گۈلباھارنىڭ يېنىغا كەلدى-يۇ، تۇرۇپ قالدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئاقۇش يۈزلىرىدە تولۇمسىرەش ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى. قىزىل لەۋلىرى مىدىرلاۋاتاتتى. ئۇ كىمگە نېمىدۇر دەۋاتاتتى. كىمگە؟ ئەلۋەتتە ھېكىمگە بولماي كىمگە بولاتتى!... بۇ ئوي قادىرنىڭ يامان خىياللىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. «ئۇ چوقۇم ھېكىمنى چۈشەۋاتىدۇ» دەپ ئەلەم، ھەسرەت بىلەن ئويلىدى قادىر. «چوقۇم شۇنداق. ئۇ تانسىدا ھېكىم بىلەن ئۇچراشقان، تانسا ئوينىغان، بەلكىم ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەن... بۇ ئىپلاسلارنىڭ شۇ جەرياندا يەنە نېمە ئىشلارنى قىلىشقانلىقىنى خۇدادىن باشقا كىم بىلسۇن؟...» بۇ خىيال تۈپەيلى قادىر غەزەپتىن تىترەپ كەتتى. ئېزىتقۇ خىيال ئۇنىڭ مېڭىسىنى ئىشلىمەس قىلىپ قويدى ۋە ئۇنى ئەسەبىيلەشتۈردى. ئۇ غال-غال تىترەپ تۇرۇپ، قوللىرىنى ئايالىنىڭ گېلىغا ئۇزاتتى.

لېكىن، شۇ ئارىدا — كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچەلىك ئارىلىقتا گۈلباھار جۆيلۈپ كەتتى: «قادىر... - قېنى سەن؟ مېنى تاشلاپ كەتمە...» قادىر تۇرۇپلا قالدى. ئۇ قوللىرىنى ئۇزاتقان پېتى تۇراتتى، بەزگەك تەگكەندەك جاقىلداپ تىترەيتتى. «يا خۇدا، دەپ ئويلىدى ئۇ، — مېنى قارا باستىمۇ-ھە؟ مەن نېمە قىلماقچى ئىدىم؟...»

گۈلباھار قادىرنىڭ ئىسمىنى يەنە تەكرارلىدى. يانغا ئۆرۈلۈپ قوللىرىنى ئۇيان-بۇيان ئۇزىتىپ: «قادىر، قادىر...» دەيتتى. كېيىن ئۆزى قادىرنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويغان يوتقانىنى قۇچاقلاپ يۈزلىرىنى يېقىپ كەتتى. ئۇنىڭ لەۋلىرى يەنە مىدىرلاۋاتاتتى. ئۇ تولىمۇ بەختلىك كۆلۈمسىرەشنى نامايان قىلىپ تۇراتتى.

قادىر پۇشايمان ۋە ھەسرەتتىن تېخىمۇ لاغىلداپ تىترەپ، كارىۋاتنىڭ قىرىدا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

(بېشى 84- بەتتە)

تەپسىلات بولسا كېرەك دېگەن تۇيغۇدا بولىدۇ، ۋەھالەنكى، ئۇ تەپسىلات ئىككىنچى قېتىم كىتابخانىنىڭ ئالدىدا نامايان بولغىنىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ — ئۇنىڭ «بىشارىتى» ئارقىلىق كىتابخاندا بىردىنلا چۈشىنىش ھاسىل بولىدۇ (قاتىلنىڭ ئۆلتۈرمەكچى بولغىنى يۈلەنچۈك ئورۇندۇقتا كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغان ھېلىقى ئادەم ئىكەنلىكى ئايدىڭلىشىدۇ)-دە، ئەسەر يېشىمى زور بەدىئىي ئۈنۈمگە ئېرىشىدۇ.

(«جۇڭگو ۋە چەتئەل مىكرو ھېكايىلىرىدىن بەھىرلىنىش لۇغىتى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى)

## مەشھۇر ئەسەرلەردىن نەمۇنىلەر

# باغچىدىكى ئارتۇق كۆلەڭگە

(ھېكايە)

### كورتازار [ ئارگېنتىنا ]

مۇھەررىردىن: يۇلىئو كورتازار (1914 — 1984، JUlio Cortazar) ھازىرقى زامان دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر يازغۇچى، شائىر، دراماتورگ. ئۇ، بىلگىيىدىكى دىپلوماتىيە ئەمەلدارى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1919-يىلى ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە ئارگېنتىناغا كۆچۈپ بارغان. داشۆدە ئەدەبىيات ۋە پەلسەپە ئوقۇغان بولسىمۇ، بىر يىلدىن كېيىنلا ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى تۈپەيلى ئوقۇشتىن چېكىنىپ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1938-يىلى شېئىرىي ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنىشقا باشلاپ بىرنەچچە توپلام نەشر قىلغان. 1951-يىلى فرانسىيىدە ئولتۇراقلاشقان ھەمدە شۇ يىلى «ھايۋاناتلار مەسەللىرى» ناملىق تۇنجى ھېكايىلەر توپلىمى بىلەن شۆھرەت قازانغان. 1963-يىلى «شىشخال ئويۇنى» ناملىق رومانى بىلەن لاتىن ئامېرىكىسى، ھەتتا پۈتكۈل دۇنيا ئەدەبىيات مۇنبىرىنى زىلزىلىگە سېلىۋەتكەن. ئۇنىڭ باشقا مۇھىم ئەسەرلىرىدىن يەنە «مەخپىي قورال» (1959)، «ئوت ئۆچسە يالقۇنغا قايتىدۇ» (1966) قاتارلىق ھېكايىلەر توپلاملىرى؛ «سەكسەن ئەسىرلىك ساياھەت» (1967)، «سەككىز قىرلىق جىسىم» (1974) ناملىق رومانلىرى ۋە «ئەلۋىدا، روبېنزون» (1986) قاتارلىق دراملىرى بار.

ئۇ، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە نىسبەتەن قەتئىي ئېغىشماي ئىسلاھ قىلىش، ئەنئەنىنى يېڭىلاش پوزىتسىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەدەبىياتتىكى ئادەت كۈچلىرى بىلەن جاپالىق كۈرەش قىلىپ، قېلىپلىشىپ قالغان كونا قائىدە، قانۇنىيەتلەرنى بۇزۇپ تاشلاشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ئۆزگىچە، ئۇسلۇبى يېڭى، پەلسەپۋى پىكىرگە باي بولۇپ لاتىن ئامېرىكىسى ۋە ھازىرقى زامان ياۋروپا ئەدەبىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن.

ئۇ، بىر نەچچە كۈن ئىلگىرىلا ئاشۇ رومانىنى ئوقۇشقا باشلىغان بولسىمۇ، جىددىي خىزمەت تەرىقىسىدىكى بەزى سۆھبەتلەر سەۋەبىدىن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالمىغانىدى. ئۇ، ئۆز قورۇقىغا پويىز بىلەن قايتىش سەپىرىدە ھېلىقى كىتابنىڭ قاتلانغان بېتىنى يەنە ئاچتى؛ ئۆزىمۇ سەزمەستىن ئاستا-ئاستا كىتابتىكى ۋەقەلىك ۋە پېرسوناژلار خاراكتېرىگە قىزىقىپ قالدى. ئۇ، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن قورۇق ۋەكالەتچىسىگە بىر پارچە ۋەكالەتنامە يېزىپ بەردى ھەمدە قورۇقنىڭ باشقا ئومۇمىي ھوقۇق مەسىلىسى ئۈستىدە باش قوشۇشتى، ئاندىن دېرىزىسىدىن كاۋچۇك دەرىخى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان كۈتۈپخانىسىدا تىمتاس ئولتۇرۇپ كىتابنى يېڭىباشتىن ئوقۇشقا كىرىشتى. ئۇ ئېرىنچەكلىك بىلەن يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا راھەتلىنىپ ئولتۇراتتى، ئورۇندۇقنىڭ ئارقا تەرىپى ئىشىككە قارىتىلغانىدى — بۇ ئىشىك ئۇنىڭ خىيالىغا كېلىپ قالسا، ئادەمنى تەشۋىشكە سالىدىغان ئىشلار مېڭىسىگە كىرىۋېلىپ ئۇنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى — ئۇ، ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە يېپىلغان يېشىل ئاق قۇ ماۋۇقى بىلەن ئىشلەنگەن رەختنى قايتا-قايتا سىلىغاچ ئولتۇرۇپ ئەڭ ئاخىرقى بىرنەچچە بابنى ئوقۇشقا باشلىغانىدى. ئۇ، كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى كۆچمە يىلا ئېسىدە

ساقلىۋالغان بولۇپ، مېڭىسىدە پېرسوناژلار ئۈزۈپ يۈرەتتى. ئۇنى رومان بىراقلا مەپتۇن قىلىۋالغانىدەك قىلاتتى. ئۇ، بۇ ئەسەردىن ئادەتتىن تاشقىرى بەھىر ئېلىۋاتقىنىنى ھېس قىلدى، چۈنكى قەلبىنى چىرماپ بىئارام قىلىۋاتقان ھەر خىل ئىشلاردىن ئەمدىلىكتە پۈتۈنلەي قۇتۇلغانىدى. ئۇ، بېشىنى يېشىل ئاق قۇ ماموقىدا ئىشلەنگەن ئېگىز يۆلەنچۈككە قويۇۋالغىنىنى؛ ئۆزىنىڭ سوزۇلغان پۇتى يېغىلماي تۇرۇپ قالغان قوللىرىغا سىگارتا قىستۇرۇقلۇق ئىكەنلىكىنى ۋە شۇ كۈنكى مەيىن شامالارنىڭ باغدىكى كاۋچۇك دەرىخى تۈۋىدە ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئولتۇراتتى. بىر ھەرىپتىن، بىر قۇردىن ئوقۇغانسېرى ئەر-ئايال باش قەھرىمانلار قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئوڭايسىز، مۇشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىۋاتاتتى. بۇ ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى-دە، ئىختىيارسىز ئۆزىمۇ شۇ خيالى مۇھىتقا شۇڭغۇپ كىرىپ، تاغلار ئوراپ تۇرغان ھېلىقى كىچىككىنە ھۇجرىدىكى تراگېدىيىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەردىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈچىگە ئايلىنىپ قالدى. دەسلەپ ئۇ قىز يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ كەينى چاغ ئەمەس ئىدى، ئارقىدىنلا ئۇنىڭ سۆيگەن يىگىتىمۇ كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ يۈز-كۆزىنى كاۋچۇك شاخلىرى جىجىۋەتكەنىدى، قىز ئۇنى ئىززەتلەپ ئۇ جايغا سۆيۈپ قويۇش بىلەن سىرغىۋاتقان قانىنى توختاتماقچى بولاتتى، بىراق يىگىت بۇنداق كۆيۈنۈشلەرگە زادىلا يول قويمايۋاتاتتى. ئۇ، يىپۈرماقلىرى تامام تۆكۈلگەن شاخلار ئۇلارنى توسۇپ ۋە بۆككىدە ئورمانلىق ئىچىدىكى چىغىريول دالدىغا ئېلىپ تۇرسىمۇ، ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن قوتراۋاتقان ھاۋايى-ھەۋىسىنى ئاشكارىلىمايتتى. ئۇنىڭ كۆكسىگە تەگلەنگەن خەنجەر تولىمۇ ئىللىق، يېقىملىق تۇيۇلاتتى. كۆكرەك قەپىزىدە ھۇرلۇك ئىرادىسى شىددەت بىلەن لەك ئۇرسىمۇ، ئۇ بۇنى يوشۇرۇپ قېلىۋاتاتتى. كۈچلۈك ھاياجان ۋە شەھۋانىي ھەۋەسلەرگە تولغان دىئالوگلار قەغەز بېتىدە يىلاندەك سويلاپ-سىيرىلىپ باراتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مەڭگۈلۈك ئاللانىڭ ئەمرى، ئاللانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولۇۋاتقاندەك سېزىلەتتى. دىلدارىنىڭ جىسمىنى مەھكەم چىرمىغان كۆيۈنۈش، يىگىتنىمۇ قويۇپ بەرمەي كونترول قىلىپ تۇرغاندەك ئىدى. ئادەمنى بىزار قىلىدىغان ھەرىپ، قۇرلار ھالاك بولۇش ئالدىدىكى باشقا بىرسىنىڭ جىسمىنى سۈرەتلەيتتى. باھانە-سەۋەب، كۈتۈلمىگەن ئامەت، سادىر بولۇش ئېھتىمالى زور بولغان خاتالىق. بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنتۇلمىغان. ئۇلار پىنھاندا ئۇچراشقاندىن تارتىپلا ھەر بىر دەقىقىلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن پۇختا ئورۇنلاشتۇرغانىدى. راۋان ئۆتۈشمەلمەي قاپسىلىپ قالغان تۇيغۇلار، تەپسىلاتلارنى تەكرار-تەكرار ئوقۇشلار بىردىن ئۈزۈلۈپ قالدى. ئەمدى قوللار نازۇك يۈزلەرنى بولۇشىغا سىلاۋەرمىسىمۇ بولاتتى. چۈنكى، بۇ چاغدا ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغانىدى.

شۇ تاپتا ئۇلار بىر-بىرىنى كۆرەلمەيتتى. ئاجايىپ قىيىن بۇرۇچ ئۇلارنىڭ يەكدىللىق بىلەن ئادا قىلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇلار كىچىككىنە ھۇجرىنىڭ ئالدىدا خوشلاشتى. قىز شىمالغا سوزۇلغان يالغۇز ئاياغ يولنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى. يىگىتچۇ؟ چىغىر يولنىڭ قارشى يۆنىلىشىدە تاكى ئۇنىڭ قارىسى يۈتكىچە ئارقىسىدىن قاراپ تۇردى، قىزنىڭ چاچلىرىنى شامال ئۇچۇرۇپ سالۋارىتىۋەتكەنىدى. يىگىتمۇ يولغا راۋان بولدى، ئۇ مۆكچىيىپ ماڭغىنىچە ئورمانلىق ۋە چىتلاقلاردىن ئۆتۈپ، دالانغا تۇتىشىدۇ دەپ پەرەز قىلغان دەرەخلىق يولغىچە كەلدى. ئىتلار قاۋاپ كەتمەس، دەپ ئويلىغانىدى، دەرۋەقە ئۇلار بىرەر قېتىم قاۋاپمۇ قويۇشمىدى. ھازىر قورۇقنىڭ ئىگىسى جەزمەن ئۆيدە يوق. دېگەندەكلا غوجىدار قورۇقتا يوق بولۇپ چىقتى. ئۇ، دالان ئالدىدىكى پاكارراق پەلەمپەيدىن چىقىپ پەم بىلەن ئۆيگە كىردى. قىزنىڭ سۆزلىرى تومۇرلاردا ئۇرغۇۋاتقان قانلارنىڭ كۈچلۈك ساداسىنى بېسىپ چۈشۈپ ئۇنىڭ قۇلىقى تۈۋىدىلا ياڭرايتتى: «كىچىكرەك بىر

يېشىل زالدىن ئۆتۈپ چوڭ زالغا كىرسىز، يەنە ماڭسىڭىز پايانداز سېلىنغان ئۇزۇن پەلەمپەي. پەلەمپەي تۈگىگەندە، قوش قاناتلىق دەرۋازا. بىرىنچى ئۆيدە ئىنسى-جىن يوق، ئىككىنچى ئۆيدىمۇ شۇنداق. ئۇ يەردىن ئۆتۈپ مېھمانخانا ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە...» ئۇ خەنجەرنى چېك سىقىمدىدى. بۇ چاغدا دەھلىزىدىن چۈشۈۋاتقان چىراغ يورۇقى، ھېلىقى يېشىل ئاقۇ پېيىدا ئىشلەنگەن ئېگىز يۆلەنچۈك ۋە شۇ يۆلەنچۈكتىن سەل-پەل چىقىپ تۇرغان بىرسىنىڭ بېشى ئېنىق كۆرۈندى، ئۇ كىشى ھېچنەرسىدىن بىخەۋەر ھالدا بېرىلىپ رومان ئوقۇپ ئولتۇراتتى.

**ئەسەر ھەققىدە:**

بۇ ھېكايىنى ئوقۇپ بولغىچە ئۇسلۇب جەھەتتە ھەر قانداق بىر ئەنئەنىۋى ھېكايىگە ئوخشاش ھېس قىلىمىز. مۇھىت، مەنزىرە، پېرسوناژلار ۋە ئۇلارنىڭ پسىخىكىسى، ئىش-ھەرىكىتى تولىمۇ چىن ھەم ئىنچىكە تەسۋىرلىنىپلا قالماي، ئەسەر قۇرۇلمىسى فىزىكىلىق ۋاقىت تەرتىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بىراق، تازا دىققەت قىلساق، بۇ ھېكايە كوممۇناتسىيە نۇقتىسىدا ئويلىمىغان يەردىن «يېڭى پىروزا» لىق سالاھىيىتىنى ئاشكارىلايدۇ: روماندىكى پېرسوناژ سەزدۇرمەيلا كىتابتىن چىقىپ، كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغان كىشىنى ئۆلتۈرۈش قەستىدە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ.

مەيلى بىمەنىلىكلەر، غەيرىلىكلەر بولسۇن، ياكى يېڭىلىق، ئۆزگىچىلىك بولسۇن، ئومۇمەن بۇلار «يېڭى پىروزا» (ياكى زامانىۋى پىروزا) پسىخىك ئىچكى رېئاللىق ھادىسە ھېسابلانغان تاشقى رېئاللىقتىن ھالقىپ ئۆتۈش پرىنسىپىنىڭ بۇ ھېكايىدىكى كونكرېت ئىپادىلىنىشى. ئۇ ۋەقە تاشقى رېئاللىق مەنتىقىسى بىلەن قارىغاندا ئىشەنچسىز، سۇنئىي؛ بىراق بۇ ھېكايىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىچكى لوگىكىسى بار. سەزگۈر كىتابخاننىڭ كوممۇناتسىيە نۇقتىسىدىن ئاۋۋال ئاپتورنىڭ دارىتما-بېشارەتلىرىنى بايقىۋېلىشى ئانچە تەس ئەمەس. ھېكايىدىكى باش قەھرىمان (كىتاب ئوقۇغۇچى) ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئوتتايلا كىتاب ئىچىگە كىرىپ كېتەلەيدىغان ئوقارمەن. روماننى ئۇنى «مەھلىيا قىلىپ»، «خىيالىي مۇھىتقا شۇڭغۇپ كىرگۈزىدۇ»، «ھېس قىلدۇرىدۇ» ۋە «بىزار قىلىدۇ»... ۋەھاكازالار. ئۇ بىر ئوقۇرمەندىن ئاستا-ئاستا «ئۆز كۆزى بىلەن بىۋاستە كۆرگۈچى» گە، ئۆزى ئوقۇۋاتقان ئەسەردىكى پېرسوناژغا ئايلىنىدۇ ياكى پېرسوناژ بۇ دۇنيادىكى مەۋجۇت، تىرىك ئادەمگە ئۆزگىرىدۇ. بۇ بەلكىم تۇغما خەۋپسىرەش پسىخىكىسىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئۇ، ئۆزىمۇ سەزمەستىن ئىختىيارسىزلا زىيانلانغۇچى رولىنى ئېلىپ قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھېكايىنىڭ چۈشۈرگىسى ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولىدۇ (ئەگەر ھېكايە ئاخىرلاشقىچىلىك بېشىنى ئوقۇپلا دارىتما بېشارەتلەردىن بىز ھېكايىدىكىدەك شۇنداق يېشىم چىقىرالايدىغان بولساق، ئۇ ھالدا ئاپتورنىڭ يازغىنى پۈتۈنلەي ئارتۇقچە بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالغان بولاتتى).


بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، «بىمەنە» لىكنىڭمۇ ئۆزىگە خاس لوگىكىسى ۋە قانۇنىيىتى بولىدۇ.

ھېكايىدە يەنە مۇنداق تېخنىكىلىق مەسىلە مەۋجۇت. كىتابخان ئورۇندۇق يۆلەنچۈكىگە يېپىلغان «يېشىل ئاق قۇ پېيىدە ئىشلەنگەن رەخت» تەسۋىرلىنىشىنى بىرىنچى قېتىم ئۇچراتقاندا، ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەيدۇ، بەلكى ئۇنى مۇنداقچىلا يېزىپ قويغان، ئانچە رولى بولمايدىغان

(ئاخىرى 81-بەتتە)

# شېئىرلار

## ئىلەكجان ياسىن



ئىلەكجان ياسىن 1966-يىلى 11-ئايدا ئاقسۇ شەھىرىدە زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. بىر يېرىم يېشىدا كېسەللىك سەۋەبىدىن ئەما بولۇپ قېلىپ مەكتەپتە ئوقۇيالماي قالغان بولسىمۇ ھاياتقا بولغان ئوتتەك قىزغىن مۇھەببىتى بىلەن دادىسىنىڭ، دوستلىرىنىڭ، ئايالىنىڭ ياردىمى ۋە رادىئو ئاڭلاش ئارقىلىق ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ، مۇئەييەن ئىجادىي ئىقتىدارنى يېتىلدۈرگەن. ئۇ ھازىرغا قەدەر 40 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، ھېكايە، يۇمۇر قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەر ئېلان قىلغاندىن سىرت «غەزەلخانىڭ بولاي مەڭگۈ»، «مەيىن شامال» قاتارلىق ناخشىلارنى ئىجاد قىلغان. 1988-يىلى 4-ئايدا ئاقسۇ شەھىرى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئىشتىن سىرتقى ناخشىچىلارنىڭ مۇكاپاتلىق مۇسابىقىسىدە گىتار بىلەن ئۆيغۇرچە، خەنزۇچە ناخشىلارنى ئورۇنداپ ئالاھىدە دەرىجىلىك ناخشىچى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

### سۆيگۈ يىلتىزى

يېلىنچايدۇ ئۆچمەس بىر قۇياش،
چەكسىز-كەتكەن كۆڭلۈم كۆكىدە.
چاقناپ تۇرار ئۈمىد نۇرلىرى،
ساپ ئالتۇندەك كىرسىز يۈزىدە.

تۇمانلارنى يولاتماس يېقىن،
قىشقا ئورۇن بەرمەيدۇ زىنھار.
ھەر پەسىلدە تۆكۈپ ھارارەت،
خىسلىتىنى قىلىدۇ ئىزھار.

نۇرلىرىدىن ئالسام كۈچ-قۇۋۋەت،
ئارزۇ بېغىم قالماس گىياھسىز.
گەر يوقىتىپ قويسام مەن ئۇنى،
ئىنسانلىقىم قالار گۇۋاھسىز.

بەيگىلەرگە چۈشسەم ئات سېلىپ،
يارىتىدۇ غەلىبىگە ئىمكان.
قانداق ئۆچمەس قۇياش ئىكەن ئۇ؟
ئويلاپ تېپىپ بېقىڭ كىتابخان.

### ئادىمى شەيتان

سۆز ئېچىلسا شەيتان ھەققىدە،
ئۇنى بەتتەر ئېزىتقۇ دەيدۇ.
تۇيدۇرماستىن سېنى ھەر جايدا،
خاتا يولغا ئۈندەيدۇ دەيدۇ.

پەقەت بەزى نادان ئادەملەر،
يامانلىقنى شەيتاندىن كۆرەر.
ساختا ئۇقۇم چىرمىغاچ ئۇنى،
يوق نەرسىدىن قورقۇشۇپ يۈرەر.

ئېھتىياتنى ئۆزىگە دائىم،
يار تۇتمىسا ھەر قانداق ئىنسان.
سەزدۇرمەستىن كېتەر ئازدۇرۇپ،
شۇم غەرەزلىك ئادىمى شەيتان.

## كۆمۈلگەن يول

توقايلىق ئىچىدە قەدىمكى بىر يول،
ياتىدۇ سۇكۇتتە مۈگدىغا چۆمۈلۈپ.
شۇكەمگە ھېچ كىشى باسمىغاچ ئاياغ،
گەۋدىسى چاتقالغا قاپتۇ كۆمۈلۈپ.

ئالدىدىن تالاي رەت ئۆتتۈپمۇ ئۇنى،
سەزمىدى يول ئىزلەپ يۈرگەنلەر پەقەت.
كۆمۈكلۈك ياتاركىن ئاھ، قاچانغىچە،
كارۋانغا تەلپۈنۈپ چېكىپ ھەسرەت.

## بىرلا ۋاقىت ئىككى ئۇچرىشىش

سېنىڭ بىلەن بۇلاق بويىدا،
ئولتۇرساممۇ مۈگدىشىپ كۈندە.
كەملىك قىلدى بۇخىل ئۇچرىشىش،
يۈرىكىمنىڭ پىنھان يېرىگە.

كېلىپ قەتئىي نىيەتكە بۈگۈن،
دىدارلاشتىم سەن بىلەن جېنىم.
يۈرەكلىرىم سوقار شۇنچە تېز،
تومۇرۇمدا ئىللىق بىر سېزىم.

كۆرۈپ بىزنى تولۇنئاي شۇدەم،
ئۆتتۈۋالدى بۇلۇت كەينىگە.
بىرلا ۋاقىت ئىككى ئۇچرىشىش،
ۋۇجۇدۇمنى سالدى لەرزىگە.

## ئەنسىز كېچە

ئەنسىز كېچە، تەنھا قالغان بىر موماي،
ئېغىر چامداپ چىقار پات-پات تالاغا.
ۋەھىملىك خىياللارغا چىرمىلىپ،
پىچىرلايدۇ بېقىپ چەكسىز ساماغا.

تەنتەك قىزى رۇخسەت ئالماي ئۆينىڭدىن،
كېتىپ قالغان ئىدى كەچكى سەيلىگە.
ئەنسىرەتتى ئانىسىنى ئاھ، ئەجەب،
شۇكەمگىچە قايتىپ كەلمەي ئۆيىگە.

تۈن قاراڭغۇ، يۈرەر ئانا تەمتىرەپ،
قىزى كەتكەن جايىنى بىلىش كويىدا.
بىراق قىزى يار يولىغا تەلمۈرۈپ،
ئولتۇرىدۇ بىر بۇلاقنىڭ بويىدا.

كېلەلمىدى قىزنىڭ كۈتكەن يىگىتى،
ۋەدە بەرگەچ باشقىسىغا بۇ كېچە.
ئانىسىنى خوش قىلىسچۇ بىچارە،
ۋاپاسىزدىن سۆيگۈ كۈتۈپ يۈرگۈچە.

# شېئىرلار

مۇتەللىپ ماگسۇر

## تەن گۈلدەستىسى

قايناپ تۇرغان مۇھەببەتتۇر گۈلسىمان قىزلار.
نۇر تەنلىرى نىگاھىمدا بولۇپ چەمبىرەك،
جەۋلان قىلار يېشىپ لىباس ئۈچكەن يۇلتۇزلار.
چاك-چاك ياشلىق، تەنلىرىدىن خىرامان قىزلار!
يوشۇرىدۇ مۇھەببەتنى روھىغا ئاستا.
مەن تۇخۇمدىن قاسىراق تاشلاپ چىقتىم، ئىچىلدىم،
بېلىق كەبى غۇبارسىز قىز چىقارما قانات،
باغرىمدا سەن ئوتلۇق تۈندەك ئۇخلاپ قال، ئۇخلاپ!
دولقۇن بولۇپ پاچاقلىسۇن پەيسمان كۆكسۈك،
قورام تاشتەك تەن، روھىمنى شۇئان ئۆچقۇنداپ!

## سېنتەبىردىكى بىر ھەپتە

بۇ بەختسىز ئىچەرمەنلەر كۆيلەر ئەسەبىي،
ناخشىلىرى چۆل-چۆل ئەيلەر دېرىزىلەرنى.
تەنھا بىر قۇش ئۇچۇپ ئۆتتى بېشىم ئۈستىدىن
شامال كەتتى يىراقلارغا تاشلاپ گۈللەرنى،
سىم-سىم يامغۇر خىرە ئەيلەر بۇدەم كۆڭۈلنى.

ماكانسىز سەن ئەي كالىندار، ماكانسىز ۋاقىت،
چىرماشماقتا كۆزلىرىمگە قويۇق نەم تۇمان.
كۆردۇم گويا يىراقتىكى خىرە ئۇيۇقتىن،
ئاچچىق كۆلكە ئىزناسىنى غۇۋا چۈشىسمان.
رەت قىلغۇسىز ئازابتۇر بۇ ھەممە بىئامال
تەييارلىقسىز دىللاردىكى رىئاللىقسىمان.

## تاپالمىدىم ئۆزۈمنى تىنىتىپ

مۇساجان يۇنۇس

يىتىپ كەتتىم پانىي جاھاندىن،
ئاھ، دىلبىرىم مەن سىنى ئىزدەپ.
سەنمۇ ماڭا زارىقىپ ئاندىن،
شامالللاردىن ئەۋەتىپسەن گەپ.

سالامىڭنى ئاڭلىدىم گۈزەل،
قىيناپتىمەن سىنى تەلمۈرتۈپ.
كۈتۈش ئۈچۈن تۆلەپ مەن بەدەل،
ئاھ، ئۆزۈمنى قويدۇم يىتتۈرۈپ.

دەپسەن: قۇياش، يۇلتۇز، ئاي بولۇپ،
سىنى مەڭگۈ كۈتىمەن نىگار.
ئەقىدەڭگە ساداقەت سۇنۇپ،
سەندىن ئۈمىد ئۈزمەيمەن زىنھار.

كۈتۈشلەرنىڭ چەكسىزلىكىدىن،
تاپالمىدىم ئۆزۈمنى تىنىتىپ.
ياشا، كۈتمە مىنى لىكىن ئۆزۈڭگە تەۋە
دۇنيارىڭنى باغرىڭغا بىسىپ.

## بۇرۇلۇش

ئادىل يۇسۇپ

چوڭ بولدۇم بۈگۈن،
ياش تۆكمەيمەن ئەھدى سەن ئۈچۈن.
ئۆتۈپ كەتتى تالاي سائەتلەر،
ياشلىقىمنىڭ تەڭدىن تولىسى
قالدى ئاپئاق قەغەزدەك گويا.
شۇ بىھۇدە كۈيۈشلىرىمدىن،
نىسىپ بولدى ئىس-تۈتۈن ماڭا.
كۆزلىرىمگە چۆكتى كىچىلەر،
پىنھانىدىكى يۇلتۇز نۇرلىرى.
تىنىقىمدا قىزىل گۈللەرنىڭ —
يەلپۈنىدۇ ئىپار بۇيلىرى.
دەپنە قىلدىم شامالغا، ئۆتمۈش،
تاتىراڭغۇ قول ياغلىقىڭنى،
يەلكەمدىكى تاغلار ھەققىگە،
چىن دىلىڭدىن كەچۈرگىن مىنى.
چىغىر يولدا لەرزان چايقىلىپ،
خىيالىڭغا كەتكىن ئەگىشىپ.
ئەجەب ئەمەس بۇ ئايرىلىشتىن،
باشقىچىرەك قالساق ئۇچرىشىپ.

## ئۆلغىيار ساڭا چىن سۆيگۈم يالقۇنى

ئايگۈل ھەمدۇللا

مەن سىنى ئۇچراتقان ئاشۇ تۇنجى رەت،
ئىلاھىتىڭ دىلىمدە پەرىشتە سىياق.
ناكەسلەر بۇرملاپ كۆرسەتتى سىنى،
ئەخلاق قامچىسىدىن يىدىم كۆپ تاياق.

سەۋەبلەر ئەۋجىدە ئۆتكەن ۋاقىتلار،
تونۇتتى ھەركىمگە ئاخىرى سىنى.
ئەمدى سەن ئىلاھىسەن دىلىمدا تەنھا —
ئۆلغىيار ساڭا چىن سۆيگۈم يالقۇنى.

# مەغرۇر سۆيگۈ

## مۇرات ئىزىز

«سۆيمەيمەن» دەيمەنۇ — خىيالىم قاچقۇن،
ئەھدىمگە بوي بەرمەي كېتەرسەن تامان.
قارايمەن باشقىغا-باشقىغا لېكىن،
كۆزلىرىم سېنىلا ئىزدەيدۇ ھامان.

(بېشى 98- بەتتە)

كۈندىن باشلاپلا ئۆزۈمنى سىزگە ئەڭ يېقىن ئادەمدەك ھېس قىلىپ كەلدىم. ئەپسۇس، مەندەك كىچىككىدىن كىتابخۇمار بولسىمۇ مەكتەپتە تۈزۈكرەك ئوقۇمىغان، ئوغۇللارنى جەلپ قىلغۇدەك گۈزەل چىرايىمۇ يوق، يەنە كېلىپ يېتىم، بىر قېتىم توي قىلىپ بولغان بىر شور پېشانە سەھرا قىزى قانداقمۇ سىزگە ماس كېلەلسۇن؟ بەلكىم مەن سىزنىڭ بىرەر قېتىم ئويلاپ قويۇشىڭىزغىمۇ ئەرزىمەسمەن. ئەگەر بۇنىڭ ئەكسىچە بولغىنىدا، مەن بىر ئۆمۈر سىزگە قۇل بولۇشقا رازى ئىدىم...

ئىھ، ئاكا! سىز ياخشى ئادەم. مەن دەسلەپتە ئەر زاتىدىن بەك قورقاتتىم. لېكىن سىزنى ۋە ئاكىڭىزنىڭ ئاتىدارچىلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن ئانچە قورقمايدىغان بولدۇم، دۇنيادا سىلەردەك ياخشى ئادەملەرمۇ بار ئىكەن.

ئاكا، سىز مېنى «قاراقۇمچاق» دەپ ئاتايسىز، شۇنداقمۇ؟ مەن بۇ ئىسىمنى بەك ياقتۇرىمەن. بۇ ئىسىم گويا مېنى ئەركىلەتكەندەك ئاڭلىنىدۇ، مەن ئىنتايىن ئامراق ناخشىغا ئوخشاپدۇ.

ئاكا، مېنى ھېلىقى كۈنى سۆيۈپ كەتكىنىڭىز مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. مەن ئاشۇ سۆيۈشىڭىز بىلەن ئاللىقاچان ئۆلگەن ئۆزۈمنى بىردىنلا تىرىلگەندەك سېزىمەن... ئاكا، مېنىڭ ھېلىقى تەستىكىمنى كەچۈرۈڭ، ئەسلى مەن سىزنى ئۇرماقچى ئەمەس ئىدىم. لېكىن شۇ چاغدا...

ئاكا، مەن ئەمدى بۇ يەردىن كېتىمەن، لېكىن نەگە كېتىشىمنى بىلمەيمەن. كەتمىسەم، بۇ يەردە ئۆزۈمنى تۈگەشتۈرۈپ قويغۇدەكمەن...

ئاكا... سىزنىڭ بەختلىك بىر ئائىلىڭىز بولۇشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن... ۋۇي، ئەجەب تۇساتتىنلا قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتىغۇ! بولدى، خاتىرىنى كېيىن يازاي، ھازىر دەرھال ھويلا-ئاراملارنى يىغىشتۇرۇۋېتەي...»

مەن خاتىرىنى تۇتقان پېتى قانچىلىك ۋاقىت تۇرغىنىمنى بىلمەيمەن. بىر چاغدا سىرتقا چىقسام كۈن ئولتۇراي دەپ قاپتۇ. غەربىي ئۇپۇق قاندەك قىزىل رەڭلىنىپتۇ.

كۆزلىرىم ياشقا تولغان ھالدا غەربىي ئۇپۇقتىكى ئاشۇ قىزغۇچ شەپەققە قاراپ ئاستا پىچىرلىدىم. «ئاھ، بىچارە قىز، ماڭا بولغان پىنھان سۆيگۈڭنى مۇشۇ ماكانغا قالدۇرۇپ، باشقا ياققا كەتمەكچى بولغانىكەنسەن، تولىمۇ ئەپسۇس، بىز ئۈچۈن بارلىقىڭنى بېغىشلاپ، ئۇ دۇنياغىلا كېتىپ قالدىڭ. ياتقان يېرىڭ جەننەت بولسۇن. ئىھ... قاراقۇمچاق».

# « قارا قۇمچاق »

( ھېكايە )

## پەخىردىن مۇسا

غەربىي ئۇپۇق پىتىۋاتقان قۇياش نۇرىدا ئۇتقاشتەك تاۋلىناتتى. قىزغۇچ كەچكى شەپەق بىغىمىزدىكى دەرەخ يوپۇرماقلىرىدا، باغ ئىچىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان كىچىك ئېرىقتىكى ئويناق سۇ يۈزىدە جىلۋىلىنەتتى. دەرەخ شاخلىرىغا قونۇۋالغان قۇشلار گويا ئاشۇ شەپەق ئەكسىدە يويۇنۇۋاتقاندەك قاناتلىرىنى دەممۇ-دەم كېرىپتتى، تۇمشۇقى بىلەن ئۇ يەر-بۇ يەرلىرىنى چوقۇيتتى، تۈكلىرىنى ھۈرپەيتىپ سىلكىنەتتى. مەن شېئىرىي تۈس ئالغان بۇ گۈزەل مەنزىرىنى تاماشا قىلىپ ئولتۇراتتىم، تۇيۇقسىز بىر قاغا ئۈچ قېتىم قاقىلداپ قويۇپ بېغىمىز ئۈستىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ئانا، دادا، تىنچ تۇرۇۋاتامسىلەر؟

ئوچۇق تۇرغان ھويلا دەرۋازىسىدىن چوڭ ئاكام كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا يەنە بىر ناتونۇش قىزمۇ بىللە كىردى. مەن ئۇنى كۆرۈپ سەل ھەيران بولدۇم-يۇ، لېكىن ئالدىراپ ئانامغا گەپ تاشلىدىم:

— قانداق، مېنىڭ دېگىنىم راستمىكەن، قاغا قاقىلدىغانىدى، مېھمان كەلدىغۇ مانا.

ئانام سۆزۈمگە جاۋاب بەرمەيلا، ھېلىقى ناتونۇش قىزغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قويدى. ئۇ ئىككىسى تاماق ئۈستىلىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى. مەن ھېلىقى قىزنى قىزىقىش ئىچىدە كۆزىتىشكە باشلىدىم. ئۇنىڭ زىلۋا بويىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئانچىمۇ چىرايلىق ئەمەس، بېشىمۇ كىچىكتەكلا كۆرۈنەتتى. لېكىن قىزلارغا خاس نازاكەت، خۇلق ئۇنىڭغا تەگرى تەرىپىدىن ئايىماي ئاتا قىلىنغاندەك تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ قارامتۇل چىرايىدىن، قۇرغاقلىشىپ كېپەك ئۆرلەپ قالغان بىلەكلىرىدىن، پەردازسىز يۈزى بىلەن پاخپايغان ئۇزۇن چاچلىرى ۋە كىيىنىشلىرىدىن سەھرا قىزى ئىكەنلىكىنى جەزم قىلدىم-دە، ئىچىمدە ئۇنىڭغا « قاراقۇمچاق » دەپ لەقەم قويۇشقىمۇ ئۈلگۈردۇم...

— ئانا، — ئاكامنىڭ سۆزى دىققىتىمنى بۆلدى، — ئۆي ئىشلىرىدا قىينىلىپ قېلىۋاتىسىز، شۇڭا بۇ قىزنى ئېلىپ كەلدىم، ئۆزى ياۋاش، ئىشچان قىزدەك تۇرىدۇ، مېنىڭچە بۇ قىز بىلەن چىقىشىپ قالىسىز، ئايلىق ئىش ھەققىنى ئۆزىڭىز بىلىپ بەرسىڭىز بولار.

ئاكامنىڭ تونۇشتۇرۇشى تۈگىگەندىن كېيىن، ئانام « قاراقۇمچاق » نىڭ باش-ئايىغىغا بىر پەس سەپسىلىپ قاراپ چىقتى ۋە ئۇنىڭ بىلەكلىرىنى تۇتۇپ چىڭ-چىڭ سىقىپ كۆردى-دە، سېمىز تېنىنى لىغىرلىتىپ خىرىلداپ كۈلگىنىچە:

—بولىدىكەن، چىرايىنى ھېسابقا ئالمىغاندا بولىدىكەن، — دېدى چوڭ ئاكامغا مەنىلىك قاراپ.

ئانامنىڭ بۇ سۆزى قىزنى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويدى بولغاي، ئۇنىڭ باياتىن ئانامغا يەر تېگىدىن قوروۇنغان ھالدا تەبەسسۇم ئارىلاش قاراپ تۇرغان كىچىك كۆزلىرى شۇئان يۈزىنىڭ ئۇچىغا ئاغدۇرۇلدى، قارامتۇل چىرايى ئىككى مەڭزىگە تېپىپ چىققان قىزىللىق بىلەن قوشۇلۇپ

تېخمۇ قاربداپ كەتتى... بىردەمدىن كېيىن ئۇ ئاستا-ئاستا ئەسلىگە كەلدى. ئەمما ئۇنىڭ ئاشۇ يۈزى ئەمدىلىكتە تامدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ ماڭا لاپىدە قىلىپ تىكىلگەن كۆزلىرى قانداقتۇر تەڭقىسلىق، بىچارىلىق ئىچىدە قالغان يېتىمنىڭ كۆزلىرىدەك كۆرۈنۈپ-كەتتى. ئانامغا سەل ئاچچىقىم كەلگەن بولسىمۇ، ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلالامىدىم. چۈنكى بۇنىڭدىن ئىلگىرى ..زىنىڭ بۇ ئائىلىگە كەلگەن ئىككى خىزمەتكار قىزغىمۇ ئانام ئەنە شۇنداق مۇئامىلىلەرنى قىلغاندا، مەن ئارىغا كىرىپ قويۇپ داد دېگىچە دەشنام يېگەنىدىم. ئەمما ئۇلار چىرايلىق، شوخ قىزلار بولۇپ، مۇنۇ «قاراقۇمچاق» تەك قول قوشتۇرۇپ تۇرماستىن ئانام بىلەن جاۋابلىشاتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئانام ئۇلارنىڭ بىرىنى قوغلىۋەتكەن، يەنە بىرسى ئۆزى يامانلاپ كېتىپ قالغانىدى، بۈگۈن ئانامغا ھەيرانمەن، ئۇ «قاراقۇمچاق» نى كۆرۈپلا بىر خىل رازىمەنلىك بىلەن «بولىدىكەن!» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چىقىرىۋەتتى. ئەسلىدە ئۇ بىر ئىشقا بۇنداق ئالدىراپ ھۆكۈم قىلمايتتى. بۈگۈن ئۇ ئىپادىسىز ھالەتتە ئولتۇرغان دادامنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئۆزى سەت بولغان بىلەن مېھرى ئىسسىق قىز ئىكەن» دەپ پىچىرلىدى. بەلكى ئانامنىڭ .ۋنرىدۇر، ئۇ دېگەن كۆپنى كۆرگەن ئايال-دە!...

شۇنداق قىلىپ «قاراقۇمچاق» نىڭ ئائىلىمىزگە كەلگىنىگىمۇ ئىككى ئايچە بولۇپ قالدى. ئۇ بىزنىڭ ھەشەمەتلىك باي ئائىلىمىزگە تېزلا كۆنۈپ كەتكەندەك ئىدى. شەھەرنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتىدىغان كۆنچى دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان بۈك-باراقسان باغ، باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئورۇن ئالغان پېشايۋانلىق بىر يۈرۈش خىش ئۆيلەر كۆنچى مەھەللىسى دەپ ئاتىلىدىغان بۇ مەھەللىدە كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى. مانا بۇ بىزنىڭ قورۇ-جايىمىز بولۇپ، ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتكەن ئاكا-ھەدىلىرىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پەقەت مەنلا بۇ ئائىلىنىڭ ئارزۇلۇق ئوغلى ئىدىم. بىزنىڭ بۇ ئائىلىنىڭ شۇنچە باياشاتلىقىغا چۈشلۇق ئۆي ئىشلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. شۇڭا بىچارە «قاراقۇمچاق» ئەتىدىن-كەچكىچە زادىلا تىنىم تاپالمايتتى. تاڭ سەھەردىن شامغىچە ئىشلەيتتى. تاماق ئېتەتتى، كىر يۇياتتى، ھويلا-ئارامىلارنى تازىلايتتى، گۈللەرگە سۇ قۇياتتى، بېغىمىزدىكى تۈرلۈك مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئوغۇتلايتتى... ئىشقىلىپ ئۇنىڭ ئىشى تۈگىمەيتتى. «قاراقۇمچاق» نىڭ تۈجۈپىلەپ پەرۋىش قىلىشىدىنمۇ ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ، بۇلتۇر كۆز تەگكەندەك ئانچە مېۋە بەرمەي، ياپراقلىرى سارغىيىپ قۇرۇشقا باشلىغان بېغىمىز بۇ يىل يازدا باشقىدىن كۆكلەپ مېۋىلەپ كەتتى. يەنە كېلىپ دادامنىڭ خىزمىتىمۇ يېقىندىلا ناھىيە دەرىجىلىككە ئۆستۈرۈلۈپ، يۇقىرى ئۇنۋانىمۇ بېرىلدى. ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ئائىلىسىدە بولۇۋاتقان بۇ خىل ئۆزگىرىشلەردىن شادلىقى ئىچىگە سىغمىغان ئانام دادامغا پات-پات: «ھەي دادىسى، بۇ قىزنىڭ ئايىغى ياراشتى جۇمۇ!...» دەيدىغان بولۇپ قالدى.

مەن شۇنىڭغا ھەيران ئىدىم، «قاراقۇمچاق» ھېچقايسىمىز بىلەن ئانچە ئۇچۇق-يورۇق پاراڭلىشىپ كەتمەيتتى. لېكىن ئۇ مېنىڭ كۆزۈمگە مەندىن ھېيىقىۋاتقاندەك، قورقۇمسىراۋاتقاندەك سىرلىق قىياپەتتە كۆرۈنەتتى. ئۇ نېمىشقىدۇر دادامغىمۇ ئەندىكىپ چۆچۈپ قارايتتى. ئانامغا بولسا ئۇنىڭ زادى قانداق پوزىتسىيىدە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم، ئەمما ئۇ ئانامدىن تىل-ئاھانەت ئىشىتكەن چاغلاردىمۇ ئۇنىڭغا قاپاق تۈرەلمەيتتى. مەن دائىم دېگۈدەك ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىر خىل مۇڭنى، ئەلەم ئۇچقۇنلىرىنى چېلىقتۇرۇپ قالاتتىم. بۇنىڭ سەۋەبىگە ئانچە قىزىقىپ كەتمىسەممۇ، لېكىن ئۇنىڭ بەزىدە ماڭا تىكىلگەنچە تۇرۇپ قالىدىغان ئويچان كۆزلىرى كاللامنى خىلمۇخىل سوئاللار بىلەن تولدۇرۇۋېتەتتى.

مېنىڭ ھەر كۈنى خىزمەتتىن قايتىپ كېلىپلا، ئالدى بىلەن ئۆز خانەمگە كىرىپ ئۈستىلىمدىكى رامكىدا تەبەسسۇم قىلىپ تۇرغان پەرىشتىگە ــ كەلگۈسىدىكى سۆيۈملۈك مەھبۇبەمنىڭ سۈرىتىگە بىر پەس قاراپ تۇرۇپ ئاندىن ئاتا-ئانامنىڭ ئالدىغا سالامغا كىرىدىغان ئادىتىم بار ئىدى. شۇنداق قىلسام نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ، ئۆزۈمنى تولىمۇ خۇشال ھېس قىلاتتىم. «قاراقۇمچاق» بىزنىڭ ئائىلىگە كەلگەندىن كېيىنمۇ بۇ ئادىتىمنى ئوخشاشلا داۋاملاشتۇرماقتا ئىدىم. شۇڭا ھەر كۈنى خىزمەتتىن قايتىپ كېلىپ ئۆز خانەمگە كىرەتتىم-دە، ئۆي ئىچىدىن خۇش پۇراق ئەتىر ۋە كۈجە ھىدىنىڭ بۇرنۇمغا ئۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى سېزەتتىم. بۇ خىل سېزىم بىلەن ئىختىيارسىز رامكىدىكى ئاشۇ گۈزەل پەرىشتەمنىڭ رەسىمگە تويماي قاراپ كېتەتتىم، ئۇنىڭ بولاقتەك كۆزلىرىگە تىكىلگىنىمچە: «ئىھ گۈزىلىم! بۇ ئۆيدە سېنىڭ سۈرىتىڭلا ئەمەس، بەدىنىڭدىن تارقىلىدىغان خۇش بۇي ھىدلارمۇ پەيدا بولۇۋاتىدۇ. مۇھەببەتنىڭ سېھرىي كۈچى دېگەن مۇشۇمىدۇ؟!» دەپ پىچىرلاپ كېتەتتىم. ئاندىن ئۆي ئىچىدە ئاشۇ گۈزىلىم پەيدا بولۇپ قالغاندەك، ئۇنىڭ ئايىغىدىن چىققان شەپە قۇلىقىمغا ئاڭلانغاندەك بولاتتى-دە، تەشنالىق بىلەن ئەتراپىمغا مۆلدۈرلەپ قارايتتىم، ئەمما ئۆينىڭ رەتلىك يىغىشتۇرۇلغانلىقىنى كۆرۈپ شۇئان «قاراقۇمچاق» نى ئەسكە ئالاتتىم. نەزىرىم كىتاب جاۋىنىغا چۈشكەندە كىتابلىرىمنىڭ ئەسلى ئورنىدىن ئالمىشىپ قالغانلىقىنى كۆرەتتىم-دە، «ھە، قارا قىزمۇ كىتاب خۇمار ئىكەن-دە...» دەپ ئويلايتتىم مىيىقىمدا كۈلۈپ.

بۈگۈن مەن ئاشۇ پەرىشتەمنى ئۆيگە باشلاپ كەلدىم. بىز ھويلىغا كىرىپ ھۇجرامنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىشىمىزگە، ئىشىكتىن بوسۇغا ئاتلاپ چىقىۋاتقان «قاراقۇمچاق» بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدۇق. ئۇ مېنى كۆرۈپلا ئەندىكىش ئارىلاش تەبەسسۇم قىلىپ يول بوشاتتى. كۆزلىرىدە مەن بىرنەچچە قېتىم كۆرۈپ قالغان ئوتلۇق نۇر يەنە جىلۋىلەندى. بىراق ئۇنىڭ كۆزلىرى ئارقامدىكى يۈزۈر كىيىنگەن، بۇدۇرە چاچ قىزغا چۈشكەندە، قارىچۇقلىرى بىر سېكۇنتقا قېتىپ قالدى، ھېلىقى نۇرمۇ ئۆچتى. مەن بولغۇسى خانىمىمنى ئۆيگە باشلىدىم، ئۇ ئىچكىرىگە قاراپ ماڭدى، شۇ ئارىدا مەن شاققىدە ئارقامغا بۇرۇلۇپ «قاراقۇمچاق» قا قارىدىم، ئۇنىڭ ماڭا تىكىلگەن كىچىك كۆزلىرى كىرىلىپ كەتكەن بولۇپ، تاتارغان مەڭزىلىرىگە ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چۈشكەنىدى. ئۇ مېنىڭ ئۆزىگە قارىغىنىمنى كۆرۈپ چۆچۈگەندەك بىر ھەرىكەت بىلەن كۆزلىرىنى مەندىن ئېلىپ قاچتى-دە، تېز-تېز چامداپ كېتىپ قالدى، مەن ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن كۆز يېشى قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆزىدىن سوراپ باقماقچى بولدۇم-يۇ، شۇ ھامان مېھمىنىمنى ئېسىمگە ئېلىپ دەرھال ئۆيگە كىرىپ كەتتىم.

خېلى ۋاقىتتىن كېيىن ئۇ ئۆيگە پەتنۇستا چاي كۆتۈرۈپ كىردى. ئەمدى ئۇنىڭ چېھرىدىكى بايىقى ئالامەتلەردىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. خۇددى بۇ ئائىلىگە يېڭى كەلگەن ۋاقتىدىكىدەك ئۇنىڭ چىرايى ۋە ھەرىكەتلىرىدىن بىر خىل قورۇنۇش ئىپادىلىرى چىقىپ تۇراتتى.

— كىم بۇ؟ — دەپ سورىدى مېنىڭ پەرىشتەم ئۇ چىقىپ كېتىۋاتقاندا كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قادىلىپ.

— «قاراقۇمچاق»، بىزنىڭ ئىشلەمچى، — دېدىم قىزىقچىلىق قىلىپ.

— ھا، ھا، ھا... بۇ ئۇنىڭ لەقىمىمۇ؟ — دەپ سورىدى قىز كۈلكىسىنى ئاران توختىتىپ.

— شۇنداق دېسەكمۇ بولىدۇ، قېنى چاي ئىچىڭ، — دېدىم مەن بۇنداق قىممەتلىك ۋاقىتنى بىھۇدە پاراڭ بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىشكە كۆڭلۈم قىيماي.

كۈنلەر ئۆتمەكتە. «قاراقۇمچاق» نىڭ

كۆزى بىلەن كۆزلىرىم پات- پاتلا ئۇچرىشىپ قالدۇ. ھەر ئۇچراشقاندا ئۇنىڭدىكى ئىزگۇ مۇڭ بىرىكىپ كەتكەن بىر خىل نۇر مېنى ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ. ئۇنىڭ سىرلىق بېقىشلىرى مېنى قاتتىق ئويغا سالىدۇ. ئاخىر شۇنداقمۇ ئويلاپ قالدىم: «توختا، بۇ قىزنىڭ چوقۇم بىرەر دەردى بولۇشى مۇمكىن، ياكى... ئۇ ماڭا كۆيۈپ قالغانمىدۇ؟» بۇ خىيال كاللامغا قانداق تېز كەلگەن بولسا يەنە شۇنداق تېزلا غايىب بولدى. چۈنكى شۇ تاپتا مېنىڭ خىيالىم ھېلىقى گۈزەل پەرىشتەم بىلەن يېقىندا بولغۇسى توپىمىزنى بالدۇرراق قىلىۋېلىشتىلا ئىدى...

مىڭ ئەپسۇس... مېنىڭ بۇ بۈيۈك ئارزۇيۇم بىر كۈندىلا كەچكۈزدىكى قۇرۇغان گۈل بەرگە-دەك توزۇپ كەتتى. ھېلىقى پەرىشتەم توساتتىنلا قازاقىستاندىكى چوڭ بىر سودىگەر تۇغقىنى بىلەن توپلىشىۋېلىپ، شۇ ياققا كېتىپ قالدى. مەن ئىنسان قەلبىدىكى بۇنداق ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىشنىڭ سىرىنى قانچە ئويلاپمۇ يېتەلمىدىم، بەلكىم مەڭگۈ يېتەلمەيمەن. ھەيرانلىقىمۇ چېكىدىن ئاشتى...

شۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان كۈنى كەچتە شەھەردىكى بىر قاۋاقخانىغا كىردىم-دە، ئۆزۈم يالغۇز بولۇشچە ھاراق ئىچتىم...

كېچىدە ئوڭغۇل-دوڭغۇل دەسسەپ قورۇيىمىز ئالدىغا كېلىپ قالغىنىمنى ئاران ئىلغا قىلدىم-دە، دەرۋازىنى قاقتىم. بىر چاغدا دەرۋازا ئېچىلدى. مەن تورلاشقان كۆزلىرىم بىلەن دەرۋازا ئاچقۇچىغا قارىدىم، ئاران تونۇدۇمكى، ئۇ «قاراقۇمچاق» ئىدى.

— ماڭا... چاي... دەملەپ ئەكىرىپ... بېرىڭە! — دېدىم ئۆز خانەمگە كېتىۋېتىپ.

ئانچە ئۇزاققا قالمايلا ئۇ بىر چەينەكتە چاي كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى، ئاندىن پىيالىگە چاي قۇيۇپ ئالدىمدىكى شىرەگە قويدى. شۇ ئەسنادا قانداق كۈچ، قانداق تۈيغۇنىڭ تەسىرىدىنكىن ئۆزۈممۇ بىلمىدىم، ئۇنىڭ قولىنى كاپ قىلىپ تۇتۇۋالدىم-دە، ئۇنى ئۆزۈمگە تارتتىم. مەن بەك كۈچەپ كەتتىممۇ ياكى ئۇ تۈيۇقسىز تۇرغاچقىمۇ قۇچىقىمغا گويا جانسىز قونچاقتەك پوكلا چۈشتى. ئۇنى چاقچاقلىق بىلەن چىڭ قۇچاقلاپ، تەلۋىلەرچە سۆيۈپ كەتتىم. ئۇ كۈچىنىڭ بېرىچە يۇلقۇندى، تېپىرلىدى، ئەمما تېمىشقىندۇر ۋارقىرىمىدى... بىر چاغدا ئۇ لاسسىدە بوشاپ ئۆزىنى تاشلىۋەتتى. مەن ئۇنى رازى بولغان چېغى دەپ ئويلىدىممۇ قانداق، تېخىمۇ قىزغىن سۆيۈپ كەتتىم. ئۇنىڭ بەدىنىدىن يۈز مېيى، ئەتىر پۇرىقى ئەمەس، بەلكى تەبىئي بىر خىل پۇراق، ناھايىتى شېرىن، ھاياتىمدا پەقەت ھېس قىلىپ باقمىغان بىر خىل تەنىنىڭ خۇشبۇي ھىدى دىمىقىمغا ئۇرۇلاتتى. مەن ئۇنى ئاچكۆزلەرچە پۇرايتتىم، پۇرىغانسېرى خۇدۇمنى يوقىتىشقا، ئۆزۈمنى كونتروللۇقتىن چىقىرىپ قويۇشقا باشلىدىم، نېرۋىلىرىم پولاتتەك قاتقاندى. قوللىرىم ئىختىيارسىز ئۇنىڭ كۆكسى تەرەپكە سىلجىدى... «چاك» قىلغان بىر تەستەك بىلەن تەك ئارقامغا ئۇچۇپ كەتتىم. بېشىم كرېسلونىڭ يان گىرۋىكىگە قاتتىق تېگىپ زىڭىلداپ كەتتى. مەن ئۆزۈمنى رۇسلاپ ئەتراپىمغا قارىغىنىمدا ھېچكىمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى.

شۇ ئىشتىن كېيىن «قاراقۇمچاق» مېنى كۆرسە ئىلگىرىكىدەك قارىمايدىغان بولۇپ قالدى. مەنمۇ كەيپىلىكتىكى بەتقىلىقىمدىن ئۇيۇلۇپ قالدىم. ئۇنىڭ ئۆزىنى، ئۆزىنىڭ قىزلىق غۇرۇرىنى ئەتتي قوغداش تۇيغۇسىنى ئويلاپ بارا-بارا مەندە ئۇنىڭغا نىسبەتەن بىر خىل قايىللىق پەيدا بولۇشقا باشلىدى. شۇنداقتىمۇ ھەر كۈنى ھېلىقى ۋاپاسىزغا قىلغان ئەقىدەمنىڭ دەردىدە كۆڭلۈم پەرىشان ھالەتتە يۈرەتتىم. خىزمەتتىن قايتىپ كېلەتتىم-دە، ھۇجرامغا كىرىۋېلىپ ماڭا سىرداش بولغان گىتارىمنى ئۆزۈمدىن ئۆزۈم چالاتتىم، ناخشا ئېيتاتتىم. ئىلگىرىكىدەك كىتاب-خۇمارلىقىمۇ ئەمەلىيەتتە يوقىلىشقا باشلىغانىدى.

بۈگۈن گۈگۈم ۋاقتى بىلەن ئۆيگە سەل كەيىپ ھالدا قايتىپ كەلدىم، تاماقمۇ يېمەستىن ھۇجرامغا بېكىنىۋېلىپ، ھېلىقى ۋاپاسىزغا بېغىشلاپ يازغان شېئىرىمنى گىتارغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتىشقا باشلىدىم...

ناخشام ئاخىرلاشتى. گىتار تارلىرى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم زەرب بىلەن ئۇرۇلغان بارماقلىرىم تەسىرىدە شۇنچە مۇڭلۇق ۋە شۇنچىلىك جاراڭلىق ئاۋاز چىقاردى-دە، ئاستا-ئاستا جۈغۈلدىغان ئەكس سادا ئىچىدە تىترەپ توختىدى. كۆزلىرىمدە ياش تامچىلىرى لىغىرلاپ قالغانىدى، شۇنداقتىمۇ ئىچىم بوشاپ ئۆزۈمنى سەل يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلدىم.

دەل شۇ چاغدا ھۇجرامغا بىرسى ئۇسۇپلا كىردى، بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئالدىمدا تۇرغان «قاراقۇمچاق» نى كۆردۈم، ئۇنىڭ چىرايى ناھايىتى جىددىي تۈس ئالغانىدى.

— بولدى چالماڭ، ئەمدى چالماڭ!... مەن... باشتىلا بىلگەن، ئۇ قىزنىڭ تۇرقىدىن سىزگە ۋاپا قىلىدىغاندەك تۇرمايتتى، لېكىن ئۇ بەكمۇ چىرايلىق ئىدى. تولا چاغلاردا گۈزەل نەرسىلەرنىڭ ئارقىسىغا مۇشۇنداق رەزىللىك يوشۇرۇنغان بولىدۇ. يەنە... يەنە سەت نەرسىلەرنىڭ ئىچىدىمۇ گۈزەل نەرسىلەر بولىدۇ، ئەمما ئادەملەر ئۇنى ئۇنداق ئاسان بايقىيالمايدۇ...

ئۇ سۆزدىن توختاپ، كۆزۈمگە شۇنچىلىك دادىل تىكىلدى-يۇ، بىردىنلا يۈزى ئوت ئېلىپ ياندى. كۆزلىرىدە مەن بىر چاغدا كۆرگەن كۈچلۈك نۇر يالتىراپ كەتتى. مەن، ئۇنىڭ بۇنچىلىك گەپ قىلالايدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇرۇمغا سىغدۇرالماي قالدىم. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى جاسارىتىدىن ماڭا باشقا بىر «قاراقۇمچاق» ئالدىمدا زاھىر بولۇپ قالغاندەك بىلىنەتتى. ئەمما «ئاياللار» دېگەن ئۇقۇم كاللامدا ئەكس ئېتىشى بىلەن ئۆزۈمنى بىرئاز تۇتۇۋالدىم، شۇنداق، ئاياللار ئاجايىپ كېلىدۇ. كۆپ ھاللاردا ئادەم ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ، كىشىنى تاڭ قالدۇرىدۇ، خۇددى ھازىرقىدەك.

مەن شۇلارنى ئويلىغاچ «قاراقۇمچاق» قا باشقىدىن زەن سېلىپ چىقتىم. ئۇ ئەمدى كۆزۈمگە ھەرگىزمۇ سەت، كۆزلىرى كىچىك، قارىمۇتۇق كۆرۈنمەيتتى.

— ماڭا نېمىشقا بۇنداق قارايسىز؟ خاتا سۆزلەپ سالدىممۇ-يا؟ — دېدى ئۇ بىر ئاز ئوڭايسىزلانغاندەك.

— ياق، ياق... — مەن تەمتىرەپ ئارانلا شۇ سۆزنى دېيەلىدىم، چۈنكى شۇ تاپتا بەكلا ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتاتتىم...

ھاياتتىكى تاسادىپىيلىقلار بەزىدە ئادەمنى ئامەتكە ئېرىشتۈرسە، بەزىدە بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ. بىزنىڭ بۇ ئائىلىمىز بىر قېتىملىق تاسادىپىيلىق تۈپەيلى پۈتۈنلەي ھالاك بولۇشقا تاس قالدى.

ئەمدىلا باشلانغان كۈز ئايلىرىنىڭ بىر ئەتىگىنى تۇيۇقسىز ھاۋا تۇتۇلۇپ، گۈلدۈرمامىسىز يامغۇر يېغىپ، تا كەچ كىرگىچە توختىمىدى. قوشنىلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى تېخى بىزدەك خىش، سېمونت بىلەن ئالاھىدە مەزمۇت ئۆيلەرنى سېلىشقا قۇربى يەتمەيدىغان كىشىلەردىن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كېسەكتىن قوپۇرۇلۇپ، ئۈستى بورىيا بىلەن يېپىلغان كونا ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىسى-دىن يامغۇر شارقىراپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر ۋەيرانچىلىققا دۇچ كەلمەكتە ئىدى. شۇڭا نۇرغۇن قوشنىلار ئانامنىڭ ئالدىغا كىرىپ يېلىنىپ-يالۋۇرۇشقانلىرىچە، كىچىك بالا-چاقىلىرىنى يامغۇردىن ئامان-ئېسەن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بىزنىڭ ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇپ تۇرۇشلىرىنى ئارقا-ئارقىدىن ئۆتۈندى. ئەپسۇس-كى، ئانام ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا قوشۇلمىدى. ئەكسىچە ئۇلارغا دوق قىلدى، ھەتتا: «بىزنىڭ ئۆي يەسلى ئەمەس» دېگەن گەپلەرنىمۇ قىلدى. ئانام شۇنچىلىك گىدىيىۋالغانىكى، شۇ تاپتا بىزنىڭ مۇنۇ ھەشەمەتلىك ئۆيلىرىمىزمۇ

گويا ئانامنى دوراۋاتقاندەك، ئەتراپىدىكى غىرىبسىنغان ئەسكى تاملىق ۋەيرانە ئۆيلەر ئارىسىدا ئالاھىدە قەد كۆتۈرۈپ پىتىدىن چۈشمەي تىنك تۇراتتى. يامغۇر سۈيى بىلەن يۇيۇنۇپ پارقىراپ كەتكەن خىش-كاھىشلىرى كۆزنى چاقنىتاتتى...

ئەتىسى كۆنچى دەرياسىغا ئۇلۇغ كەلكۈن يامراپ كەلدى. دەريا قىنىغا پاتماي، گۈلدۈرلەپ تاشقىنلىغىنىچە ئەتراپقا سەلدەك ئېقىشقا باشلىدى. مەھەللە ئىچى قىيامەت-قايىمغا ئايلاندى. بەزى ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ چۈشتى... بىزنىڭ يەر شارائىتى پەسرەك جايلاشقان بۇ تەۋەررۈك زېمىنىمىزمۇ هايت-هۇيت دېگۈچە سۇ ئىچىدە قالدى. بۇ چاغدا، قوشنىلار بىر-بىرىگە كۆچىنىڭ يېتىشىچە ياردەملىشىپ بالا-چاقا ۋە باشقا نەرسە-كېرەكلەرنى خەتەردىن قۇتقۇزۇشۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بىز تەرەپكە بىرەرسىمۇ قاراپ قويمايتتى. پەقەت دادامنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان ئىككى-ئۈچ كىشىلا قورۇيىمىزنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى بىخەتەر تاش كۆۋرۈك يېنىدا نىمە قىلارىنى بىلمەي، بوغۇلۇپ تۇرغان ئانامنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىناتتى، ئانامغا تەسەللى بېرەتتى، نەسىھەت قىلاتتى، ئەمما ئۇلار سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ، بىزنىڭ ئېقىپ كېتىۋاتقان تەئەللۇقاتلىرىمىزدىن بىرەرىنىمۇ سۈزۈۋېلىشقا ھەرىكەت قىلمايتتى... ئۇلاردىن پاكىنەك كەلگەن بىرسى تۇيۇقسىزلا ھۆكرەپ يىغلاپ تاشلىدى ۋە ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى.

— ئىست!... ئىست! نۇرغۇن بايلىق، دەپىي-دۇنيا ۋەيران بولدى، خا جوجاڭنىڭ قان-تەرى بىكارغا كەتتى! ھۆرمەتلىك باشلىقىمىز كاماندىرۇپكىغا چىقىپ كەتمىگەن بولسا ئىشلار بۇنچىۋالا بولۇپ كەتمەس ئىدى، بوپتۇ خانىئاچا، كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا، سۇ توختىغاندا بۇ يەرلەرمۇ قۇرۇپ كېتەر، بۇزۇلغاننى شۇ چاغدا ئوڭشىۋالارمىز...

— ئاغزىڭنى يۇم! ھۇ شۇم ئىبىز، قۇرۇپ كېتەر دەيسىنا؟ بىزنى قۇرۇپ تۈگىسۇن دەمسەن؟!

ئانامنىڭ بىھۇدە تىل-ئاھانىتىگە قالغان بۇ بىچارە تىلەكداشچىمىز شۈمشۈيۈپلا كەتتى. مەن سۇغا سەكرىمەكچى بولغان بولسامۇ، لېكىن ئانام قولۇمغا چىڭ ئېسىلىۋېلىپ قويۇپ بەرمەيۋاتاتتى. مۇشۇ ئىشلار بولۇۋاتقان چاغدا، پەقەت بىرلا ئىنسان بىز ئۈچۈن ئاللىقاچان سۇغا سەكرەپ بولغانىدى. ئۇ سۇ ئىچىدە گويا بېلىقتەك شۇڭغۇيتتى، كۈچلۈك دولقۇنلار بىلەن ئېلىشاتتى. ئۇ سۇ ئۈزۈشكە شۇنچىلىك ماھىر ئىدىكى، بېغىمىزدىكى چوڭ-كىچىك دەرەخلىق ئارىسىدا بەئەينى سۇدىكى قۇمچاقتەك ئەپچىل ئۈزەتتى، سۇغا چىلىشىپ قالغان شاخچىلار ئارىسىدىن يىلاندەك ئەۋرىشىملىك بىلەن تولغىنىپ ئۆتەتتى، بۇ ھەرىكەتلەر ئۇنى گويا ئۇستىخىنى يوقتەك كۆرسەتەتتى. كىچىكىمدىن كۆنچى دەرياسىغا چۆمۈلۈپ ئويناپ چوڭ بولغان مەنمۇ ئۇنىڭغا قاراپ ھەيران بولغىنىمدىن ئىختىيارسىز: «ئاھ، قاراقۇمچاق، سەن راستىنلا قۇمچاق قىز ئىكەنسەنغۇ!» دەۋەتتىم. بۇ ۋاقىتتا تىخىچە قولۇمنى چىڭ تۇتقان پېتى مىشىلداپ يىغلاۋاتقان ئانام ماڭا بىر قىسمىلا ئالىيىپ كەتتى. مەن يەنىلا كۆزۈمنى قىزغا تىكتىم. ئۇ كۆچى يەتكەنلىكى نەرسىلەرنى سۇدىن سۈزۈۋېلىپ بىخەتەر جايغا ئېلىپ چىقاتتى. دەرەخ غوللىرىنىڭ ئاچىلىرىغا قىستۇراتتى، ئاندىن يەنە سۇغا، ياق، توسۇن ئاتتەك توسقۇنسىز ھالدا يۈگۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان دولقۇنغا ئۆزىنى ئاتاتتى. ئانام ئەمدىلىكتە ۋارقىراپ يىغلاشقا باشلىغانىدى، ئۇ «قاراقۇمچاق» نىڭ ئاشۇ ھالىتىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، ئۇنى ھەدەپ قاغايتتى: «ھوي قارازەڭگى! ئەسلى سېنىڭ ئايىغىڭ ياراشمىغان بۇ ئۆيگە. سەن كېلىپ بىر يىل بولا-بولمايلا مۇشۇ پالاكەتچىلىككە قالدۇق، ھەممىسى... ھەممىسى سەن مۆرىمەس نەتۆر پېشانىنىڭ

كاساپىتى، شۇڭمۇ پېشانەڭ تار سېنىڭ، ھۇ، ھۇ...!» مېنىڭ بۇ قەدىرلىك ئانام مۇشۇ قىز بۇ ئائىلىگە يېڭى كەلگەندە، بۇ قىزنىڭ ئايىغى ياراشتى... دېگەن ئەمەسمىدى؟

كەلكۈن سۈيىنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى ئانامنىڭ يىغىسىغا ۋە تىل-ئاھانەتلىرىگە جۆر بولغاندەك بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى. قىز ئانامنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىمۇ، ئاڭلىمىدىمۇ بىلمىدىم، ئۇ دولقۇن بىلەن ئېلىشاتتى، دولقۇن زەربىدە دەرەخلەرنىڭ غوللىرىغا ئۇرۇلاتتى، چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ ئازابلىق تولغىناتتى، ئىڭرايتتى... مەن ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ ئانامنىڭ قولىدىن بوشىنىشقا تىرىشاتتىم، ئانامغا يىلىناتتىم، لېكىن ئانام مېنى زادىلا قويۇۋەتمەيتتى.

بىر چاغدا ئۇ ئانامنىڭ چامادانىنى سۈزۈپ ئەمدىلا بىز تۇرغان يەرگە يېقىنلاشقاندا، ئانام ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— ھەي پاسكىنا، ئۇنى تاشلاپ، ئاۋۇ ئېقىپ كېتىۋاتقان بوغچىمنى ئېتىك سۈزۈۋال! ئۇنىڭدا مېنىڭ ئالتۇن ئۈزۈكۈم، ئالتۇن بىلەيزۈك، يەنە ئانامدىن قالغان ئېسىل كىيىملىرىم، تېخى بىر مۇنچە پۇللىرىممۇ بار...

ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن قىز ئانامغا «لاپ» قىلىپ قارىدى، ئۇنىڭ مۇنچاقتەك سۇ دانچىلىرى سىرغىپ تۇرغان يۈزىدىكى چوڭ ئېچىلغان بىر جۈپ كۆزىدە ئاجايىپ كۈچلۈك، شۇنداقلا غەزەپلىك نۇرلار چاقناپ كەتتى، بۇ نۇر بىراقلا ماڭا يۆتكىلىپ گاراڭلىقتا قېتىپ قالغان كۆزلىرىمگە قادالدى-دە، ئاندىن دولقۇن ئىچىدە غايىب بولدى. ئەمما ئۇ نۇر پۈتكۈل ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سېلىۋەتتى. مەن ئانامغا قاراپ ۋارقىرىدىم:

— مېنى قويۇۋېتىڭ! مەن دېگەن ئوغۇل بالا، مەن قاراپ تۇرامدىم؟...

— يا...ق! — ئانام ئۈچكىدەك چىرقىراپ بېلىمدىن قۇچاقلاپ تۇتۇۋالدى، — سېنىڭ ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ؟

— ئەمىسە ئۇ قىزنىڭ ئۆلگۈسى كەپتۇ-دە؟!

— ئۇ... سەن دېگەن مېنىڭ بالام!...

— ئانا... سىز...؟!

بۇ چاغدا بىزگە ئاغزىدا بولسىمۇ ھە-ھۇ دېيىشىۋاتقان ھېلىقى بىرنەچچە ئادەممۇ ماڭا تەسەللى بەرگەنلىرىچە قوللىرىمدىن چىڭ تۇتۇۋېلىشتى... بىز ئاشۇنداق تارتىشىپ تۇرغاندا بايىقى نۇر بىردىن ئانامنىڭ، ياق، مېنىڭ ئالدىمدا پەيدا بولدى. «نۇر»نىڭ ھالسىزلانغان قوللىرى بوغچىمنى مېنىڭ ئوقتەك تېزلىكتە سوزۇلغان قوللىرىمغا بەرمەستىن، ئانامنىڭ ئۆزىگە تەگكۈزدى. ئانامۇ خۇددى شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك مېنى بىر ياققا ئىتتىرىۋېتىپ، قىممەتلىك بوغچىسىغا ئېچىرقاپ كەتكەن بۆرىدەك ئېتىلدى، ئۇنىڭ سېمىز بەدىنى تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتىپ قويدىمۇ، ئانامنىڭ قولى بوغچىمغا تەگمەي تۇرۇپلا سۇغا دۈم چۈشتى. كۈچلۈك دولقۇن ئۇنى بىردەمدىلا بىزدىن ئۈچ-تۆت مېتىر نېرىسىغا ئېقىتىپ كەتتى. قىز شۇئان ئانامغا قاراپ تاشلاندى، مەنمۇ «ئانا!» دەپ توۋلىغىنىمچە شىددەتلىك دولقۇنغا ئۆزۈمنى ئاتتىم...

بىر خېلى كۆپ ھەپىلىشىپ ئانامنى تاش كۆۋرۈك يېنىدىكى دۆڭنىڭ قىرىغا ئىتتىرىپ چىقاردۇق. مەن ھاسىرىغىنىمچە قىرغاققا چىقىپ بولۇپ قىزغا قارىدىم. ئۇ ئەتراپىمدا كۆرۈنمەيتتى. مەن چۆرەپ ئېقىۋاتقان ئۇلۇغ سۇغا ساراسىم بىلەن قارىدىم، بىر چۆكۈپ، بىر لەيلەپ ئېقىپ كېتىۋاتقان ئادەمسىمان بىر نەرسە كۆرۈندى. مەن ئانامنىڭ نىمجان ھالەتتە يېتىپمۇ «با...لام، سۇ...غا...چۈش...مە!» دەپ خىرقىراۋاتقان زەئىپ ئاۋازىغىمۇ پەرۋا قىلماي، سۇغا سەكرىدىم. ئارقامدىن ھېلىقى پاكىنەك ئادەممۇ سەكرىدى.

جىمجىت دوختۇرخانا. قىزنى جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدە داۋالاۋاتقىلى ئىككى كۈن بولدى. ئانامۇ بالنىستا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، كېسىلى ئانچە ئېغىر ئەمەس ئىدى. ئۇ پات-پاتلا

ئۇلۇغ-كىچىك تىناتتى، لۆمۈلدەپ ياش قۇيۇلۇۋاتقان كۆزلىرىنى ماڭا مۇلايىملىق بىلەن تىكىپ سورايتتى:

ــ ھېلىقى قىز قانداق بولدى؟ ئۇ...

ــ خاتىرجەم بولۇڭ، ئانا. ھەممە ئىش جايىدا كېتىۋاتىدۇ، ــ دەيتتىم مەن. بوغۇزۇمدىن سىقىۋاتقان غايىب بىر نەرسىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىپ.

ــ سىز بۇياققا چىقىڭە يىگىت، ئاۋۇ كېسەل... ــ سېستىرانىڭ سۆزلىرى تۈگىمەستىن ھەممىنى پەملىدىم-دە، جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە قاراپ چاپتىم...

مەن كىرگەندە قىز ئارانلا خىرىلداپ ياتاتتى. ئۇنىڭ بىر قولى بىغىشىدىن چىقىپ كەتكەندىن باشقا، بېشى يېرىلىپ كەتكەنىدى.

ــ بەرداشلىق بېرىڭ، ئۈگىشلىپ كېتىسىز، ــ دېدىم مەن دۇدۇقلىغىنىمچە ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، ئۇ مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلاپ، چىڭ يۇمۇلغان كۆزلىرىنى تەستە ئاچتى. ئۇنىڭ ماڭا تىكىلگەن نۇرسىز كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياشلار تۆكۈلۈشكە باشلىدى. مەن دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ، نېرىراقتا بىزگە قاراپ تۇرغان دوختۇرنىڭ يېنىغا بېرىپ ئىلتىجا قىلدىم:

ــ دوختۇر، ئۇنى قۇتقۇزۇپ قېلىڭ!

ــ بار ئامالنىڭ ھەممىسىنى قىلدۇق، ئاران مۇشۇنچىلىك ھالغا كەلدى، ــ دەپ بوش پىچىرلىدى دوختۇر كۆزۈمنىڭ ئىچىگە مەيۈس تىكىلىپ، ــ ئۇنىڭ مېڭىسىگە يېنىكرەك دەرىجىدە قان چۈشۈپتۇ. مېڭىسىنى ئوپېراتسىيە قىلغان بىلەنمۇ ئۈلگۈرەلمەيمىز. قارىماسىز، ئۇ تىلىدىنمۇ قالغان تۇرسا، بۇنداق كېسەلدىن ئانچە چوڭ ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى... سىز ئۇنىڭ قېشىغا بېرىڭ.

قىزنىڭ بارغانچە تورلىشىپ، ماماتلىقتىن دېرەك بېرىۋاتقان كۆزلىرى يەنىلا ماڭا تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇ كۈچسىز مۈزلاپ كەتكەن ساق قولى بىلەن مېنىڭ قولۇمنى تۇتتى. بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم قولۇمنى تۇتۇشى ئىدى. مەنمۇ ئۇنىڭ قولىنى يەڭگىل سىلىدىم. ئۇ ماڭا گەپ قىلىش ئۈچۈن نەچچە قېتىملاپ ئاغزىنى ئۆمەللىدى، ئەمما زۇۋانى چىقمىدى. ئاخىرى ئۇ مېنىڭ قولۇمنى ئاچقۇزۇپ بىگىز بارمىقى بىلەن ئالقىنىمغا بىرنېمىلەرنى ئاستا ۋە كۈچسىز ھالدا يېزىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قولى تىترەپ تازا قولاشمايتتى، شۇڭا مەن ئۇنىڭ بىلىكىنى بىر قولۇم بىلەن تىرەۋالدىم. بىر پەستىن كېيىن ئۇنىڭ بىر قاتار ھەرپلەرنى ئالقىنىم ئۈستىگە يېزىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. پۈتۈن زېھنىمنى يىغىپ، ئۇ يېزىۋاتقان مەۋھۇم ھەرپلەرنى دىلىمدا بىر-بىرىگە قوشۇپ ئوقۇشقا باشلىدىم.

«... مەن...بولالمىدىم...رازى بولۇڭلار، ئەگەر ھۆج...رىڭىزدىكى كىتاب جا...ۋىنىنىڭ ئۈستى زىيا...نغا ئۇچ....رىمىغان بول....سا، شۇ يەر....دە سۇ...لياۋ...غا ...ئورالغا..ن بىر خا...تىرە دە....پتەر...بار. مە...ن ئۈچۈن ئوقۇ...پ قو...يۇڭ!...»

تۇساتتىن ئۇ قولۇمنى چىڭ تۇتۇۋالدى. ئاندىن كۈچلۈك بىر خازتىلداپ ھوشىدىن كەتتى... ئۇ شۇ ياتقىنىچە بەش سائەتتىن كېيىن ئۇ ئالەمگە ئۇزاپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ چەكسىز ئارمانلار ئىلكىدە قېتىپ قالغان ئوچۇق كۆزلىرىنى ئۇۋىلاپ يۇمدۇرۇپ قويدۇم. ئەمدى ئۇنىڭ چىرايى ماڭا گويا خاتىرجەم ئۇيقۇغا كەتكەن غەمسىز بىر بوۋاقنىڭ چىرايىدەك كۆرۈنەتتى. كۆز چاناقلىرىمدا لىغىرلاپ قالغان ياشلىرىمنى زورىغا بېسىپ، ئۇنىڭ يۈزىنى ئاپئاق رەخت بىلەن يېپىپ قويدۇم...

مەن دوختۇرخانىدىن قانداق قايتىپ چىققىنىمنى، ئىغىر سۇ ئاپتىگە ئۇچرىغان ئۆيىمىزگە قانداق قايتىپ كەلگىنىمنى ئەسلىيەلمەيمەن. ئۆزۈمنى بىلسەم بېغىمىزدا ھاسىرىغىنىمچە تۇرۇپتىمەن. بەلكىم بۇ يەرگە يۈگۈرۈپ كەلگەن ئوخشايمەن. نەزىرىمنى باغقا ئاغدۇردۇم. گۈلزارلىقىمىز، باغلىرىمىز تامام خارابلاشقان

بولۇپ، تولىمۇ كۆڭۈلسىز كۆرۈنەتتى. ئۆيلىرىمىز گەرچە باشقىلارنىڭكىدەك ئۆرۈلۈپ چۈشمىگەن بولسىمۇ، تاملار يېرىمىغىچە زەيدەپ، خىشلار ئۈۋۈلۈشقا باشلىغانىدى. مەن پاتقاق سۇلارنى كېچىپ يۈرۈپ ئاران دېگەندە ھۇجرامغا كىردىم-دە، كىتاب جاۋىنىغا قارىدىم. جاۋەن ئۆز ئورنىدا ساپساق تۇرغان بولسىمۇ، كىتابلىرىمىزنىڭ يېرىمى سۇدا ھۆل بولۇپ ساپىيىپ كەتكەنىدى. مەن جاۋەننىڭ ئۈستىنى سىلاشتۇرۇپ سۇلياۋ بولاقنى تاپتىم. ئىچىدىن قىزىل تاشلىق بىر خاتىرە دەپتەرنى ئېلىپ ۋاراقلىدىم.

دۇنيادا مەنچىلىك ئازاب چەككەن قۇرداش قىزلاردىن يەنە قانچىسى باردۇ-ھە؟ مەن تۇغۇلۇپ ئەقلىمنى بىلسەم بىزنىڭ جان سانىمىز كۆپ ئىكەن. بىز بارا-بارا تېخىمۇ كۆپىيىپ ئون جان بولدۇق. بۇ چاغدا مەنمۇ خېلى چوڭ بولۇپ قالغانىدىم. ئاتا-ئانام دېھقان بولغاچقىمىكىن، ئائىلىمىز بەكلا نامرات ئىدى. شۇڭا مېنىمۇ ئانام زورلاپ مەكتەپتىن چىقىرىۋالدى. بۇ چاغدا مەن باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 5-يىللىقىدا ئوقۇيتتىم. مەكتەپتىن چېكىنگەن كۈندىن باشلاپ دادامغا ياردەملىشىپ تېرىقچىلىق قىلدىم، تۈگىمەس ئۆي ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندىم، يەكشەنبە كۈنلىرى يەتتە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بازارغا بېرىپ سەي-كۆكتات، گازىر ساتاتتىم. تاپقان پۇللىرىمنى بىر تىيىن خەجلىمەي ئۆيگە ئېلىپ كېلەتتىم، ئەمما پۇللارنىڭ ھەممىسىنى ئانام ئېلىۋالاتتى. كىچىكىمدىنلا دادام ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. ياۋاش بولغاچقا دادامغا بەكمۇ ئىچىم ئاغرىيتتى، ئۇ ھەقىقەتەن ئاق كۆڭۈل بىر بەندە. ئانام ئىنتايىن شاللاق، پۇل دېسە جېنىنى بېرىشتىن يانمايدىغان، يېشىنىڭ ئەللىككە يېقىنلاپ قالغىنىغا قارىماي، ئۇسمىنى دەمدەك قويۇپ، سىرتتىكى بولمىغۇر ئەرلەر بىلەن ئاپاق-چاپاق بولۇشۇپ يۈرىدىغان بالىلىرىغا قىلچە كۆيۈنمەيدىغان بىر تول ئايال.

ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئانام مېنى پۇلدار بىر قېرىغا تېگىسەن دەپ زورلاپ تۇرۇۋالدى. بۇ چاغدا مەن تېخى ئەمدىلا ئون يەتتە ياشقا كىرگەنىدىم. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئەرگىمۇ تەگدىم. بۇنىڭ بەدىلىگە ئانام نۇرغۇن مال-دۇنياغا ئېرىشتى. چۈنكى، ئانام تويلۇقۇمنى بولۇشىغا ئېغىرلىتىپ سالغانىدى. يەنە كېلىپ توي بولۇپ بىرنەچچە ئايدىن كېيىنلا ئېرىم ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قېلىپ ئۆلۈپ كەتتى. ئەمدى تىكەندەك يالغۇز ئېرىمنىڭ قورۇ-جايى، مال-دۇنياسى تامامەن ئانامنىڭ ئىلكىگە ئۆتكەنىدى... ئانام بۇنىڭغا تولىمۇ خۇشال ئىدى. ئەمما مەن ياش تۇرۇپلا تۇل قالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېرىمنى ياخشى كۆرسەم كاشكى...

«كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دەپ دەردىمنى تارتالماي ئاران تۇرسام، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئانام ئۆگىنىپ قالغان بۇ «سودا» -غا يەنە كىرىشتى. نەلەردىن تاپتىكىن، ئىلگىرى مېنى بەرگەن ئادەمدىنمۇ قېرى، پالەچ بىرسىنى تېپىپتۇ. ئانام، بۇنىڭغا تەگسەڭ ساۋاب تاپىسەن، دەپ چىڭ تۇردى.

مەن ئەمدى قانداق قىلىشىمنى بىلەلمىدىم. ئويلا-ئويلا ئاخىر ئۆلۈۋېلىش قارارىغا كەلدىم. شۇ كۈنى قانداق ئۆلۈشنى ئويلاپ كېتىۋاتقىنىمدا، ئاكىڭىز ئۇچراپ قالدى، ئۇ بەك ياخشى ئادەم ئىكەن. سۈرۈشتۈرۈپ مۇساپىرلىقىمنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىمىغىنىمغا قارىماي، سىلەرنىڭ ئۆيگە باشلاپ كەلدى...

بىلەمسىز، مەن سىلەرنىڭ ئائىلىگە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي سىزنى تەلۋىلەرچە ياخشى كۆرۈپ قالدىم. كۈندە دېگۈدەك چۈشۈمگە كىرىسىز، ھەر ئاخشىمى ھۇجرىڭىزنىڭ دېرىزىسىگە تەلمۈرىمەن. لېكىن بۇ ئىشلارنى ئامال بار چاندۇرماسلىققا تىرىشتىم. گەرچە مەن ئەمدىلا ئون سەككىز ياشقا قەدەم قويۇۋاتقان بولساممۇ، مۇھەببەت دېگەن نەرسە قەلبىمدە يالدۇر بىخلانغان چېغى، سىزنى ياقتۇرۇپ قالغان

(ئاخىرى 89-بەتتە)

# ھېلىقى بېكەت

(ھېكايە)

ئايگۈل مويدىن

رامىلە ئاق كۆڭۈل، ساددا ئايال بولۇپ ئېرى كامىلجان بىلەن تولىمۇ ئىناق ئۆتەتتى. ئۇلار ئۆزئارا كۆيۈنەتتى، بىر-بىرىنى ھۆرمەت قىلاتتى. شۇڭلاشقا كىشىلەر ئۇلارنى ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز قويغاندەك ماسلاشقان بىر جۈپلەر دېيىشەتتى.

بىر كۈنى رامىلە ئېرىنىڭ كىيىملىرىنى يۇماقچى بولۇپ يانچۇقىدىكى نەرسە-كېرەكلەرنى ئېلىۋېتىش ئۈچۈن يانچۇققا قول سېلىۋىدى، ئۇنىڭ قولىغا كىچىككىنە بىر خاتىرە چېقىپ قالدى. ئۇ «خاتىرىگە نېمىلەر يېزىلغاندۇ، بىر كۆرۈپ باقايچۇ» دېگەن قىزىقىش بىلەن خاتىرىنى ئاچتى. ئۇنىڭ كۆزى خاتىرىنىڭ سۇلياۋ تېشىغا قىستۇرۇقلۇق تۇرغان كىچىككىنە قەغەزگە چۈشتى. قەغەزنى ئۇ بىپەرۋالىق بىلەن ئېچىپ قىسقىچىلا قىلىپ يېزىلغان مۇنۇ قۇرلارنى ئوقۇدى:

«كامىلجان ئاكا! ياخشىمۇ سىز؟ كېلىمەن دېگەنلىكىڭىز ئۈچۈن سىزنى بىر كۈن كەچىچە كۈتتۈم، بىراق كەلمىدىڭىز. ئەتە مەن سىزنى ئىككىمىز كۆرۈشكەن ھېلىقى بېكەتتە كۈتىمەن، ياldۇرراق كېلەرسىز»..

خەتتە ئەنە شۇلار يېزىلغان بولۇپ، خەت يازغۇچىنىڭ بىپەرۋالىقىدىنمۇ ياكى باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلغانمۇ، ئەيتاۋۇر چېسلاسىمۇ يېزىلمىغانىدى. خەتنىڭ ئاخىرىغا خەت يازغۇچىنىڭ ئوقۇغۇسىز ئىمزاسى قويۇلغان بولۇپ، بۇ ئىمزا بىر قاراشتا خەتكە، بىر قاراشتا گۈلگە ئوخشايتتى.

رامىلە خەتنى كۆرۈپ خۇددى بىر چېلەك سوغۇق سۇنى بېشىدىن قۇيۇۋەتكەندەك ئەندىكىپ كەتتى. ئۇ خەتنى بېشىنى قايتا-قايتا ئوقۇدى. خەتنى ھەر بىر ئوقۇغىنىدا يېڭىدىن-يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلغاندەك ئۇنىڭ پىكىر-خىيالى چىگىشلىشىپ كۆڭلىنى قورقۇنۇچلۇق ۋەھىمىلەر چۇلغىۋالدى.

«بۇ نېمە ئىش، ئوڭۇممۇ ياكى چۈشۈممۇ، خۇدا يا تۇۋا، بۇ كامىلجانغا كۆيۈپ-پىشىپ يۈرگەن بىرسىنىڭ خېتىمۇ قانداق؟ ئۇ زادى كىم بولغىيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇستىلىق قىلىپ ئىسمىنىمۇ ئېنىق يازماپتۇ، قۇۋلۇق بىلەن ھېلىقى بېكەت دەپ قويغىنىنى قاراڭلار، بۇ بەلكىم ئۆزلىرى بىلىشىدىغان مەخپىي بەلگە بولۇشىمۇ مۇمكىن...»

رامىلە بىردىن ئۆزىنى زورىغا بېسىپ «— ياق، ياق، كامىلجان ئۇنداق ئادەم ئەمەس، ئۇ ھەرگىز ئازمايدۇ، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەيدۇ، بۇ مۇمكىن ئەمەس، بۇ خەتتە ئۆلدۈم، كۆيدۈم دېگەن مۇھەببەت سۆزلىرىدىن ئەسەرمۇ بولمىسا...» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇشقا زورۇقاتتى. بىراق رامىلە ئېرىنىڭ پاكلىقىغا ئىشەنسىمۇ يەنە بىر تەرەپتىن كۆز ئالدىدا تۇرغان بۇ خەتكە نېمە دەپ ھۆكۈم قىلىش كېرەك، دېگەن مەسىلە توغرۇلۇق ئۆزىگە سوئال قوياتتى، ئۇنىڭ بېشى گاڭگىراپ پۇت-قوللىرى تىترەشكە



رامىلەنىڭ روھىي ھالىتىدىكى نورمالسىزلىق بىلەن ئۇنىڭ سالامەتلىكىدىكى زەئىپلىك كامىلجاننىڭ
ك-باغرىنى ئۆرتەيتتى، ئۇ ئايالىنىڭ نېمە ئۈچۈن كۈندىن-كۈنگە ئورۇقلاپ، ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ،
ەزى چۈسلىشۇپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەلمەي ئىچى پۇشاتتى، يەنە بىر تەرەپتىن
لىغا ئىچى ئاغرىپ كۆڭلى يېرىم بولاتتى. بىر كۈنى كامىلجان ئايالىدىن سورىدى:
— سىز ماڭا كۆڭۈلسىز بولۇپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟
رامىلە ئېرىنىڭ قىلغان ھەر بىر ياخشىلىقىنى ئويلىغىنىدا ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ بىئارام
تتى.
بىر كۈنى رامىلە بېيجىڭدىن كەلگەن بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇپ ئالدى. كونۋېرت سىرتىغا
كامىلجان ئاكامغا تەگسۇن» دەپ يېزىلغان بولۇپ رامىلە خەتنى كۆرۈپ تولىمۇ جىددىيلەشتى،
ئەتراپقا زەڭ سېلىۋالغاندىن كېيىن ئۇدۇل ئىچكەركى ئۆيگە كىردى-دە، ئىشىكنى چىڭ تاقاپ
پ خەتنى ئالدىراپ ئوقۇشقا باشلىدى:
«ھۆرمەتلىك كامىلجان ئاكا، ياخشىمۇ سىز؟ مەن سىز ئارقىلىق سۆيۈملۈك ھەدەم رامىلەگە،
ق باللىرىڭىزغا چىن يۈرىكىمدىن سالام يوللايمەن.»
رامىلە تولدۇرۇپ بىر نەپەس ئېلىۋالغاندىن كېيىن يۈرىكى بىر ئاز جايىغا چۈشكەن ھالدا
تنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى.
كامىلجان ئاكا، سىز بىلەن بېيجىڭدا كۆرۈشۈپ قېلىشىم ئۇخلاپ چۈشۈمگىمۇ كىرمىگەنىدى. سىزنى
كۆرۈپلا تونۇدۇم، گەرچە سىز بىلەن كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن يىللار بولغان بولسىمۇ ئون يىلنىڭ
دىدىكى سىياقىڭىز ئانچە ئۆزگەرمەپتۇ. مەن ئۆتكەن يىلى بىلىم ئاشۇرۇشقا جەنۇبىي شىنجاڭدىن
ڭغا بېرىپ سىز بىلەن ئاپتوبۇس بېكىتىدە تەساددىپىي ئۇچرىشىپ قالغىنىم ئۈچۈن قەۋەتلا خوش
ۇپ كەتتىم. سىز مېنى ئىزدەپ بارىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىپ قويۇپ ئالدىراش كېتىپ قالدىڭىز. مەن
نەچچە كۈندىن كېيىن بىر ساۋاقدىشىم بىلەن سىزنى ئىزدەپ ياتىقىڭىزغا بارسام يوق ئىكەنسىز.
ن ئىككىمىز كۆرۈشۈپ قالغان ھېلىقى بېكەتتە سىزنى ساقلايدىغانلىقىمنى يېزىپ قويۇپ قايتىپ
تتىم. شۇندىن كېيىن ئۆگىنىشىمنىڭ ئالدىراشچىلىقىدا مەنمۇ سىزنى ئىزدىيەلمىدىم...
كامىلجان ئاكا، سىز بېيجىڭدىن رامىلە ھەدەمگە ئالىمەن دەپ تاپالمىغان دورىنى دوختۇرخانىدىن
ىپ قويدۇم، يېقىندا ئۆزۈم ئالغاچ بارىمەن، ئاكا — ھەدە، سىلەرگە يەنە نېمە كېرەك؟ كېرەك
لسا تېزراق ئۇچۇرىنى بېرەرسىلەر. ھۆرمەت بىلەن بىر نەۋرە سىڭلىڭىز گۈلجاھاندىن.»
رامىلە ئەمدى ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى تولۇق چۈشەنگەچكە سۈلغۇن چىرايىغا كۈلكە ياماشتى.
ئېرى كامىلجاننىڭ ئالدىنقى يىلى پەن-تېخنىكا يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا بارغانلىقىنى
سىلىدى، بىراق، كامىلجاننىڭ بىر نەۋرە سىڭلىسى گۈلجاھاننىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىن بىلىم
شۇرۇشقا بېيجىڭغا بارغانلىقىدىن ئۇنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى. ئېرىمۇ بۇ ھەقتە ئۇنىڭغا بىرنېمە
يمىگەنىدى. مانە ئەمدى ھەممە ئىش ئايدىڭلىشىپ كۆڭلىدىكى چىگىش يېشىلدى.
ئۇ قاتتىق ئۆكۈنۈش ئىچىدە ئۆز-ئۆزىگە شىۋىرلايتتى:
— ئاھ خۇدا، بۇنى بىلگەن بولسام ئۆزۈمنى بۇنچىۋالا تۈگەشتۈرۈۋەتمىگەن بولاتتىم... مەن
رۇنسىز گۇمان بىلەن ئۆزۈمنىلا ئەمەس ئۇنىمۇ زور ئازابقا سالدىم، مەن ھازىردىن ئېتىبارەن
ر ئىچىمدىكىنى تاپ دەيدىغان تەتۈر مىجەزىمنى ئۆزگەرتىمەن. بىزنى تەقدىر قايتا بەخت ئاتا
لىدى، مەن بۇ بەختنى مەڭگۈ قەدىرلەيمەن...

باشلىدى.

بۇ خەت رامىلە ئۈچۈن خۇددى چۈشكەن ئاشنى ئىچىشكە رايى بارمىغان كىشىدەك ئېرىگە بولغان گۇمانىنى ئاشۇرۇپ كۆڭۈل خاتىرىسىگە قارا چېكىت ئۇرۇلدى. ئۇ ئۆيلىگىنىدىن بېرى بىر چىنە لازا سۈيى ئىچىۋاتقاندەك ئىچى تىتىلداپ ئېچىشاتتى.

رامىلە ئېرىنىڭ گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكىتىنى ئەسلەۋېتىپ بىردىن شۇ مەھەللىدىكى مايسەم «خېمىرتۇرۇش» نىڭ قىلغان سۆزلىرى ئېسىگە كېچىپ قالدى: «ۋاييەي رامىلە، ئېرىڭىز تىپىلماسنىڭ خورمىسىمۇ؟ نېمانچە قىلىسىز، كامىلجان ئىشتىن كەلمىگىچە گېلىڭىزدىن تاماق ئۆتمىسە، تاپقىنىڭىزنى كىيدۇرۇپ ھېلى تويى بولىدىغان يىگىتتەك ياساپ قويىسىز، ئاخىرى بىر كۈنى سىزنى داغدا قويارمىكىن، ئەركىشى دېگەننى بەكمۇ ۋاي دەپ كەتسە ھەددىدىن ئېشىۋالىدۇ، ئەركىشى ئۆيگە كىرسە بىرىنىڭ، تالاغا چىقسا مىڭىنىڭ. ئېرىم ئوبدان دېگەنلەر، پۇشايماننى يېگەنلەر...» دېگەن سۆزلىرى رامىلەنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلىماقتا ئىدى.

رامىلەنىڭ كەينىدىن يېنىك شەپە ئاڭلاندى. كامىلجان چۈشلۈك غىزالىنىشقا كەلگەنىدى. ئۇ ئايالىنىڭ ئۆڭگىسلى ئۆچۈپ غەمكىن ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ، مىجەزى يوق چېغى دەپ پەرۋاسىزلا سورىدى:

— رامىلە، نېمە بولدىڭىز؟ مىجەزىڭىز يوقمۇ نېمە؟ بۇ كىرلەرنى كېيىن يۇسىڭىز بوپتىكەن.

رامىلە ئاچچىقىنى بېسىپ، جاۋاب ئورنىدا بېشىنى يېنىك چايقىدى. ئۇ ئېرىگە قاراشقا پېتىنالماي، بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە ئۈنچىقماي ئولتۇراتتى. رامىلە ئېرىنىڭ بىر ئىستاكان چاينى ئالدىغا قويغانلىقىنى كۆز قىرىدا كۆرۈپ تۇردى، رامىلەنىڭ ئەزايىنى تىترەك باستى. «ماڭا نېمە بولدى؟ — ھە؟ ئۇ ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلسىمۇ مەن ئەيىبلىكتەك ئۇنىڭغا يەنىلا يۈز-تۇرانە بىرنېمە دېيىشكە پېتىنالمايۋاتىمەنغۇ، مەن ھازىر ئۇنىڭغا دېيىشىم كېرەك، شۇ تاپتا بۇ پەردە ئىككىمىزلا بار پۇرسەتتە ئېچىلماي...» بۇ ئوي ئۇنى ئازابلايتتى، ئۇ گەپ قىلالماي قالدى، ھەتتا ئۇنىڭدا ئېرىگە تىكىلىپ قارىغىدەك جۈرئەتمۇ قالمىغانىدى.

رامىلە ئېغىر ئۇھ تارتىپ ھەسرەت چېكىپ يۈرىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئېرىگە بولغان ئىشەنچىسى يوقالغاچقا كامىلجاننىڭ ھەر بىر سۆز-ھەرىكىتى، باسقان قەدىمى سىرلىق تۇيۇلۇپ گۇمان پەيدا قىلاتتى، شۇنىڭدىن بېرى ئۇ دائىم يانچۇق ئاختۇرىدىغان بولۇپ قالدى، ھەتتا ئېرىنىڭ خىزمەت خاتىرىسىنىمۇ ئوغرىلىقچە ئوقۇپ كۆرەتتى.

بۇ ئىشنى ئېرىدىن سوراپ بىلىشقا كۆڭلى زادىلا بارمايتتى، چۈنكى ئىشنىڭ بۇزۇلۇپ يېپ ئۈچى ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

«مەن ئاشۇ سىرلىق بېكەتنى چوقۇم تېپىشىم كېرەك، كىم بىلىدۇ، ئۇلار ئاشۇ بېكەتتە دائىم ئۇچرىشىپ تۇرامدۇ - تېخى!» رامىلە ئارىلاپ يۈرۈپ ھەر بىر ئاپتوبۇس بېكەتلىرىگە تەكشى قارايتتى: «مۇشۇلار... بىراق زادى قايسىسى؟ ئېرىمنى ئۆزىگە قارىتىۋالغان ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زادى قايسى بىرى؟ قاراڭلار ئۇلارنىڭ يۈزۈر كىيىنىۋالغىنىنى — ياسانچۇقلىقىنى...» دەيتتى ئىچىدە ئاپتوبۇس بېكىتىدە ماشىنا ساقلاپ تۇرغان بىر توپ ياش قىزلارغا ئالىيىپ. «بىز ئۇلارچىلىك ۋاقتىمىزدا بىرەر ئەرگە تىكىلىپ قاراش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئالدىدىنمۇ توغرا ئۆتەلمەيتتۇق، بىراق بۇلارنىڭ بولۇۋالغىنىنى قاراڭلار، ھېچقانداق ئەردىن تەپ تارتمىغان، ھېيىقمىغان. مۇشۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى ئېرىمگە ئاشنا بولغان، مەن شۇ تاپتا ئۇنى بىلگەن بولسام گېلىدىن بوغۇپلا ئۆلتۈرۈۋەتسەم! ئەڭ ياخشىسى ئىككىسىنىڭ ئۈستىدىن چۈشسەم...»

# پىنھاندا تۆكۈلگەن سۆيگۈ يېشى

(ھېكايە)

**ئابدۇقادىر ھېمىت**

مەن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ يۇرتۇمغا قايتىپ كەلدىم. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا دائىم يۇرتۇمنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى غۇنچىگۈلنىڭ سىماسى بىلەن بىرلىكتە كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنەتتى.
مەن ئەينى چاغدا مېنى چەكسىز ئازابلىغان ئەشۇ بىر پارچا خەتنى — غۇنچىگۈلنىڭ دوستۇم ئادىلغا يازغان خېتىنى قولۇمغا يەنە ئالدىم.

«ئادىل: ئارىلىقىمىز شۇنچە يېقىن تۇرۇپ، خەت يېزىشقا يەنە نېمە مەجبۇر قىلغاندۇ، دەپ ئويلاۋاتقاندىغانسىز. بىلىسىز مەن ھازىر سىرتلارغا مەيلىچە چىقىش ھوقۇقىمدىنمۇ مەھرۇم بولدۇم. سىز قەيسەرنىڭ يېقىن دوستى، قەيسەرگە بىۋاسىتە خەت يېزىشقا پېتىنالمىدىم. چۈنكى، ئاتا-ئانام مېنى ئۆزەممۇ چۈشەنمەيدىغان باي بىر «تۇغقىنىمىز» غا ياتلىق قىلىۋېتىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ.

مەن بۈگۈن چوڭ بولغىنىمغا تۇنجى قېتىم پۇشايمان يېدىم. ئەمدى مېنى بۇ يولدىن ھېچكىم قايتۇرۇپ كېلەلمەيدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى. كىشىلەرنىڭ شۇنچىلىك رەھىمسىز، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ شۇنچىلىك رەزىل ئىكەنلىكىنى ئويلىغىنىمدا تەنلىرىم شۈركىنىپ، يىرگىنىپ كەتتىم.
مەن ئۆزۈمگە ئىچىنىمەن، قەيسەرگە تېخىمۇ بەكرەك ئىچىنىمەن. قەيسەرنى تەتىلدە كېلىپ قالار دېگەنىدىم، قارىغاندا ئۇ بىر يوللا قايتىپ كېلىدىغان ئوخشايدۇ.

سىزنىڭ قەيسەرگە تەسەللى بېرىشىڭىزگە، بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ ئوقۇشىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىكىڭىزگە ئىشىنىمەن.

خوش، بۇندىن كېيىن خەتمۇ يازالمايدىغان، خوش پۇراق چېچىپ ئېچىلىشقا مۇيەسسەر بولالمايدىغان غۇنچىگۈل.»

* * *

كەڭ ھويلىدا بىرئاز تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن بالداقلىرى ياغاچتىن نەپىس ياسالغان پەلەمپەي بىلەن ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ ئىشىكنى چەكتىم.

— ھە، قەيسەرمۇ سىز، كىرىڭ! — دېدى ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ، ئۇ ئۈچ يىل ئىلگىرىكىگە قارىغاندا ھۆسنىگە تولۇپ تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى «سەن» لەشتىن بىردەمدىلا «سىز» لەشكە ئۆتىشى ماڭا غەلىتە بىلىندى. كاتتا سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بۇ ئۆيگە كۆزۈمنىڭ قىرىدا قاراپ قويۇپ، «ھىم» دېگىنىمچە سافاغا كېلىپ ئولتۇردۇم.
— شۇنداق قىلىپ بۇ يىل قايتىپلا كەلدىڭىزمۇ؟ ئوقۇشنى غەلىبىلىك تاماملىغانسىز؟ كۆڭلىڭىزچۇ، خېلى كۆڭۈللۈك...

— بولدى قىلغىن، بولامدۇ؟! — ئاۋازىم بۇنچىلىك يۇقۇرى چىقىپ كېتەر دەپ ئويلىمىغاندىم. ئارىنى بىرپەس جىمجىتلىق باستى.

— خاپا بولماڭ، — يەنىلا ئۇ ئاۋال گەپ باشلىدى، — مەن هازىر كۆڭ بويى شۇنداق خوشال. هەراست، سىز جىندەك تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ، مەن چۈشۈپ باغدىن ئۆزۈم ئەپچىقاي.

ئۇ چىقىپ كەتتى، مەن خىيالغا پاتتىم: «مەن تېخى ئۇنى پۈتۈنلەي ئۆزگۈرۈپ، كۆڭ بويى غەمكىن، خىيالچانلا يۈرىدىغان بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندۇ، دەپ ئويلىغان ئىدىم. بىراق ئۇ تېخىمۇ شوخ، تېخىمۇ خوشال يۈرىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. بىر چاغلاردىمۇ ئۇ شۇنداق شوخ ئىدى، بىراق ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا شوخلۇق قىلالمايتتى. مېنى كۆرسىلا قىزىرىپ، تاتىرىپ كېتەتتى...

قىزىق، مەن ئۆزەممۇ بىلمىگەن هالدا ئويغا كېتىپ قاپتىمەن.

— قېنى، ئۈزۈم يەڭ.

بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىغىنىمدا، ئۇ بىر ساپاق سارغىيىپ پىشقان سايۋا ئۈزۈمنى ئىككى قوللاپ سۇنۇپ تۇراتتى. ئۇ قورۇنۇشسىز، تولىمۇ ئەركىن كۆرۈنەتتى. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىغاچ ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ قوللىرىمنى ئۇزاتتىم، ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇنجى قېتىم ئالقانلىرىم ئارىسىغا ئېلىپ سىقتىم. قوللىرىدىن پۈتۈن بەدىنىنىڭ دىرىلدەپ تىترەۋاتقانلىقىنى بايقىدىم. ئۇنىڭ تېخى هازىرلا شۇنچە ئەركىن، دادىل تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرى باشقا ياقلارغا تىكىلدى.

«داراڭ» قىلغان سادا بىلەن تەڭ چۆچۈپ ئېسىمگە كەلدىم. ئۇ هېلىلا ماڭا تۇتۇپ تۇرغان بىر ساپاق ئۈزۈم ئاجرىغان بىر مۇنچە دانىلىرى بىلەن پەتنۇستا چېچىلىپ ياتاتتى.

— بولدى قىلىڭ، ئەدەپسىزلىك قىلماڭ.

— بۇ نىمە دېگىنىڭ؟ — قوللار ئاستا-ئاستا ئاجرىدى.

— بىلەمسىز شۇنى، مەن دېگەن ئېرى بار ئايال، — ئۇ مەندىن يىراقلىشىپ، دەرىزىدىن سىرتقا قارىغاچ سۆزلەپ كەتتى، — بۇ پۈتۈن ئائىلىمىزنىڭ شەپقەتچىسى، شۇنچە مەرت، شۇنچە كۆيۈمچان... ئۇلارنى دېمىگەندىمۇ مەن هازىر ئېرىمنى ياخشى كۆرىمەن...

— يالغان!

— راست، ئەگەر هازىر قايتا تاللاشقا توغرا كەلگەندىمۇ، مەن يەنىلا ئۇنى تاللىغان بولاتتىم، مېنىڭ پەقەت سىزگە ئىچىم ئاغرىيدۇ، خالاس.

خۇددى بېشىمغا بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيىۋەتكەندەك شۈركۈنۈپ كەتتىم. ئارىنى خېلى ۋاقىتچە جىمجىتلىق باستى، ئاخىرى مەن ئاۋال گەپ باشلىدىم:

— سىزنىڭ ئۈچ يىل بۇرۇنقى بەخت قارشىڭىز هېلىمۇ يادىمدا، مەن پەقەت شۇلارلا سىزنىڭ يۈرەك سۆزلىرىڭىز دەپ ئويلايمەن.

مەنمۇ ئاخىر «سىز» لەپ سۆزلەشكە چۈشتىم. «سىز» لەش بىزنىڭ بىر-بىرىمىزدىن تولىمۇ يىراقلىشىپ كېتىۋاتقىنىمىزنى ئىپادىلەيتتى.

— خاتا ئويلايدىكەنسىز، — ئۇ كەينىگە ئۆرۈلدى. — مەكتەپتىكى ئارزۇ-ئارمانلار بەك ساددا، يۈزەكى بولىدىكەن، پەقەت جەمئىيەتلا چوڭ هەم ھەقىقىي مەكتەپ ئىكەن، — ئۇ قوللىرىنى هاۋادا ماس هالدا پۇلاڭلىتىپ، ئۇياق-بۇياق ماڭغاچ سۆزلىمەكتە، — هەممە نەرسەڭ ئېشىپ-تېشىپ تۇرسا مانا بۇ — بەخت، مۇھەببەت دېگەن دۇنيادا يوق نەرسە. ئۇ مەۋجۇت بولغانىمۇ ئەمەس هەم مەۋجۇت بولمايدۇ...

شۇ تۇرقىدا ئۇ خۇددى پىشقەدەم ئوقۇتقۇچى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالدىدا

دەرس سۆزلىگەندەك شۇنچە بىمالال، شۇنچە راۋان سۆزلەۋاتاتتى: مەن بولسام مۆرەككەپ ھېسياتلار ئىلكىدە يۈرۈكىم ئېچىشقان ھالدا جىمجىت ئاڭلاپ ئولتۇرىمەن. تېخى ئەتىگەنلا غۇنچىگۈلنىڭ يولدىشىنى پۇلغا تايىنىپ باشقىلارنىڭ بەختىگە چاڭ سالغان رەزىل، قارانىيەت دەپ ئەيىپلىگەن كۆڭلۈم، مانا ئەمدى غۇنچىگۈلنى تۇتامى يوق، ۋىژدانسىز دەپ قاغاۋاتىدۇ. دوستۇم ئادىلنىڭ تېخى بۈگۈن ئەتىگەنلا يولغا چىقىش ئالدىدا ئاخىرقى قېتىم: «ئەگەر ماڭا ئىشەنسەڭ، سەن ئۇنى بۇندىن كېيىن ھەرگىز ئىزدىمە، ئۇ راستلا بەك ئۆزگەردى...» دېگەن سۆزلىرى قۇلاق تۈۋۈمدە قايتا جاراڭلىغاندەك بولدى. لېكىن ئۇنى ئۆزگەردى دېسە يەنىلا ئىشەنمىگەنىدىم، مانا ئەمدى...

— خوش ئەمسە، غۇنچىگۈل، — مەن ئالدىراپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ بولغان ئىدىم، — سىز بەختلىك ئىكەنسىز، دېمەك خاتىرجەم بولۇڭ، قەيسەر سىزنى ئەمدى ھەرگىز ئىزدەپ كەلمەيدۇ.

مال-دۇنيا، بايلىق ئىچىدە ئەسلىنى ئۇنۇتقان بۇ قىزدىن ئايرىلىپ چىقتىم. ئۇ بايىلا «جەننەت» دېگەن بۇ ئۆي ماڭا خۇددى بىر تۈرمىدەكلا بىلىنەتتى.

تېخى بىر سائەت بۇرۇنلا تەدىمىنى تىك تۇتۇپ، سالماق قەدەم بىلەن مەھەببەت تەشنالىقىدا يېنىككىنە كىرگەن بۇ دەرۋازىدىن مانا ئەمدى خۇددى ئېغىر تاش ئېسىپ قويغاندەك بېشىمنى ساڭگىلاتقان ھالدا پۇتلىرىمنى ئەستە يۆتكەپ، نەپرەتكە تولۇپ چىقىپ كېتىۋاتىمەن. شۇ تاپتا ئازاب دەستىدىن يۈرىكىم ئېچىشاتتى، كۆزلىرىمگە ياش تولاتتى.

كاللامنى بىر ئالغان ئازابلىق ھېسلار قايىقا باشلىسا، پۇتلىرىمنى شۇ ياققا سۆرەپ، خۇددى مەس ئادەمدەك دەلدەڭشىپ كېتىۋاتىمەن. ئۇ ياق-بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئادەملەرمۇ، ماشىنا-تىراكتورلارمۇ، يول بويىدىكى دەل-دەرەخ، بىنالارمۇ، ئىشقىلىپ ھەممە نەرسە ماڭا شۇنچىلىك ئەھمىيەتسىز ۋە سۈرۈن بىلىنمەكتە.

ئەنە، ئالدىمدا بىر قاۋاقخانا كۆرۈندى، بىردىنلا راسا ئىچىپ، ھەممە ئازابلىرىمنى بىر يولىلا ئۇنتۇغۇم كەلدى.

ئاخىر جىمجىت، سالقىن ئۆستەڭ بويىغا كەلدىم. بۇ بازارنىڭ غەربىگە جايلاشقان، ئەتراپى بۈك-باراقسان ئورمان بىلەن قاپلانغان كەڭ، تەبىئىي ئۆستەڭ ئىدى. مەن پىنھان، قويۇق دەرەخلەر ئارىسىدىن ئورۇن ئالدىم.

بىر ئازدىن كېيىن خۇددى بىرسى قارا دېگەندەك بېشىمنى كۆتەرگىنىمدە، ھەيرانلىقتىن داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم. ئەجبا بۇ چۈشۈم ئەمەسمۇ؟! راستىنلا، شۇ ئاددىيغىنە يېشىل ياغلىق، يېشىل كۆينەك... بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈچ يىل بۇرۇنقى كۆزلىرىمگە ئەڭ تونۇش بولغان رەڭلەر.

مەن بولسام يوقۇرىدا ئىككى تەرىپىم قويۇق ئورمان، تۆۋەن تەرەپ خۇددى ئالقاندەكلا كۆزگە رۇشەن تاشلىنىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ قاچانلاردا كەلگەنلىكىنى تۇيمايلا قاپتىمەن. بەلكىم ئۇمۇ مېنى كۆرمىگەن بولسا كېرەك. غۇنچىگۈل پەسترەك يوغان بىر تاشنىڭ ئۈستىدە ئەنە شۇ ئۈچ يىل بۇرۇنقى قىياپىتى بىلەن ئولتۇراتتى.

ئۇ ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ، لېكىن ئۈنسىز يىغلاۋاتاتتى. جۈپ كۆزلىرىدىن بولدۇقلاپ چىقىۋاتقان مارجاندەك ياشلار ئىككىلىرىدىن سىرغىغانچە چۈشۈپ ئۆستەڭ سۈيىگە قوشۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. بەلكى تەقدىرنىڭ رەھىمسىزلىكى ئالدىدا ئامالسىز قالغان، مۇھەببىتى — ياشلىق گۈلى نابۇت قىلىنغان، قەلبى ساقايماس يارىغا مۇپتىلا بولغان كىشىنىڭ يىغىسىلا مۇشۇنداق ھەسرەتلىك بولسا كېرەك.

# ئەڭ يېقىملىق ئاشۇ مىنۇتلار

(ھېكايە)

**گوركىي (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى)**

بەخت ماڭا بىرلا قېتىم شۇ قەدەر يېقىنلاشقانىدىكى، مەن بەختنىڭ نازاكەتلىك قولىنى تۇتۇۋالايلا دەپ قالغانىدىم.

بۇ ئىش سەيلە قىلىپ يۈرگەن چاغلىرىمىزدا بولغان.

تومۇز ئايلىرىنىڭ دىمىق بىر ئاخشىمى، بىز بىرمۇنچە ياش ۋولگا دەرياسى بويىدىكى بېلىقچىلىق فېرمىسىغا يىغىلغانىدۇق. كۆپچىلىك گۈلخان ئەتراپىدا چۆرىدەپ ئولتۇرۇشۇپ، بېلىقچىلار پىشۇرۇپ بەرگەن بېلىق شورپىسى بىلەن ۋوتكا ئىچكەچ قانداق قىلىپ كەلگۈسى دۇنيانى تېخىمۇ تېز ھەم ياخشى قۇرۇپ چىقىش توغرۇلۇق سۆزلىشەتتۇق؛ بارا-بارا يولداشلار ھارغىنلىق ھېس قىلىشتىمۇ قانداق، بىرەردەم يانپاشلاپ ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئوت-چۆپلىرى ئورۇلۇپ بولغان ئوتلاققا كېتىشتى.

مەنمۇ بىر قىز بىلەن بىرگە گۈلخان ئالدىدىن ئايرىلدىم. ئۇ زېھنىي ئوتكۇر، چىچەن قىز ئىدى. چىرايلىققىنە كەلگەن بىر جۈپ قومچاقتەك كۆزى شوخ ئويناپ تۇراتتى. سۆزلىرىدىن ئاددىي-ساددىلىقى ۋە پاك-مەسۇملۇقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ھەممە ئادەمگە ئىللىق مۇئامىلە قىلاتتى.

بىز يانمۇ-يان بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ گۈلخاندىن بارغانچە يىراقلاپ كەتتۇق، ئايغىمىز ئاستىدا دەسسىلىۋاتقان ئوت-چۆپ قالدۇقلىرىنىڭ شىلدىر-شىلدىر ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇلۇتسىز سۈزۈك ئاسمان گۈمبىزىدە ئېسىلىپ تۇرغان تولۇن ئاي ئۆزىنىڭ ئارامبەخش، يارقىن، سۈزۈك نۇرلىرىنى پۈتكۈل كائىناتقا سېخىيلىق بىلەن سېپەتتى.

— بۇ نەقەدەر گۈزەل كېچە — ھە! بەئەينى ئافرىقىنىڭ بىپايان قۇملۇقلىرىغا ئوخشايدۇ. زومچەك-زومچەك ئوت-چۆپ دۆۋىلىرى گويا ئەلئېھرامنىڭ ئۆزىلا، — دېۋەتتى ئۇ ھاياجان بىلەن.

ئۇنىڭ تەكلىپى بىلەن بىر دۆۋە ئوت-چۆپنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردۇق. ئوت-چۆپ دۆۋىسىنىڭ ئاي شولىسىدىن ھاسىل بولغان قاپ-قاراڭغۇ سايىسىدا چېكەتكىلەر تىنىماي چىرىلدىشاتتى. يىراق-يىراقلاردىن بىرسىنىڭ:

«ماڭا ۋاپا قىلمىدىڭ نېمە ئۈچۈن؟» دەپ ئېيتىۋاتقان ھەسرەتلىك ناخشىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

مەن ئۆزۈمگە تونۇش ۋە قاراڭغۇ بولغان تۇرمۇشنى ئۇنىڭغا سۆزلىدىم. تۇساتتىن، ئۇ بوش ئىڭراپ قويۇپلا ئۆگدىسىغا يىقىلدى،

بىرسىنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھوشسىزلىنىپ يىقىلغىنىنى تۇنجى قېتىم كۆرگىنىم ئۈچۈنمىكىن، گاڭگىراپ نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي قالدىم، ئاللا تۇۋا! كۆتۈرۈپ ئادەم چاقىرماقچى بولۇشۇمغا، ماڭا تونۇشلۇق

مەلۇم روماندىكى بىر قەھرىماننىڭ ئاسجاناپ پەزىلىتى گۆيپىدە ئىبسمگە كىلىپ قالدى. نىمە قىلىشىم كېرەكلىكىنى بىلىۋالدىم-دە ئۇنىڭ ئۇستىباشلىرىنى يەشتىم.

ئۇنىڭ مەيدىسى ئىچىلىشى بىلەن يۇمران كۆكسىگە دۇم كۆمتۈرۈپ قويغان ئىستاكاندەك ئاپپاق ئىككى نەرسە «مانا مەن» دەپ كۆرۈنۈپلا قالدى. ئاچكۆزلەرچە قاراپ تۇرۇپ قالدىم كاللامدا «يالت»لا قىلىپ، ئۇنى بىر سۆيۈۋېلىش ئىستىكى قوزغالدى. بىراق بۇ نىيىتىمدىن دەرھال ياندىم-دە، سۇ ئەپكىلىش ئۈچۈن، دەرياغا قاراپ چاپتىم، چۈنكى مۇقەددەس كىتابلاردا قەيت قىلىنىشىچە ۋەقە يۈز بەرگەن جايدا ئەگەر سۇ بولمىسا، رومانىنى يازغان ئەقىل-پاراسەتلىك مۇئەللىپىنىڭ ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغىنى بويىچە قەھرىمان سۇ ئىزدەيتتى.

مەن لىقمۇ-لىق سۇ قاچىلانغان شلەپەمنى كۆتۈرۈپ يۈگۈرگەنچە قايتىپ كەلسەم، ھوشسىزلىنىپ يىقىلغان قىز ئۇستىباشلىرىنى تۈزەشتۈرگەن ھالدا ئوت-چۆپ دۆۋىسى يېنىدا ئۆرە تۇرۇپتۇ. — بولدى، كېرىكى قالمىدى، — دېدى قىز مەن سۇنغان شلەپىنى ئىتتىرىپ تۇرۇپ ناھايىتى هارغىن تەرزدە.

قىز مەندىن ئايرىلىپ گۈلخان تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى، ئۇ يەردە ئىككى ستودېنت بىلەن ستاستىكچى ئادەمنى بىزار قىلىۋىتىدىغان ھېلىقى ناخشىنى ھەسرەت بىلەن يەنە ئېيتىۋاتاتتى:

«ماڭا ۋاپا قىلمىدىڭ نېچۈن؟...»

— بىزنى ئازابلاپ قويمىغاندىمەن؟ — قىزنىڭ جىم بولۇۋېلىشىدىن ئىچىم سىقىلىپ، بىر قىسملا بولۇپ قالدىم.

— ياق، — دېدى ئۇ خۇشياقمىغاندەك قىياپەت بىلەن ناھايىتى قىسقىلا قىلىپ ۋە يەنە قوشۇپ قويدى، - سىز... سىز ئانچە سەزگۈر ئەمەسكەنسىز، شۇنداقتىمۇ، سىزدىن يەنىلا مىننەتدارمەن.

ئۇ قىزنى ئەسلىدىنمۇ كۆپ ئۇچرىتالمايتتىم، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇچرىشىشىمىز تېخىمۇ شالاڭلاپ، بارا-بارا يوق دېيەرلىك بولۇپ قالدى. ئاخىرى ئۇزاق ئۆتمەي، شەھەردىن ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كەتتى، ئالاھەزەل تۆت يىلچە ئۆتكەندىن كېيىن پاراخوتتا بىز يەنە تاسادىپى ئۇچرىشىپ قالدۇق.

ئۇ ھازىر ۋولگا دەرياسى ساھىلىدىكى بىر يېزىدىكى داچىدا تۇرۇۋېتىپتۇ، ئۇنىڭ بۇ سەپىرى شەھەردىكى ئېرىنىڭ يېنىغا مېڭىشى ئىكەن. تۇرقىدىن ئېغىر ئاياقلىقى چىقىپ تۇراتتى، ئۇ شۇنداق چىرايلىق ۋە ئازادە كىيىنىۋالغان، بويىنىغا ئۇزۇن زەنجىرلىك مېداليون ئېسىۋالغان، كۆكرىكىگە بىر دانە يىگنە ئىلىۋالغان ئىدى. ئۇ ئىلگىرىكىدىنمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ، تولغان بەدىنى كىشىگە شاد-خۇرام گىروزىيىلىكلەر تومۇز ئايلىرى تىبلىستىكى مەيداندا ساتىدىغان كاۋكاز ۋىنوسى قاچىلانغان تۇلۇمنى ئەسلىتەتتى.

بىز سەممىي پاراڭلاشقاچ ئۆتكەن كۈنلىرىمىزنى ئەسلەشتۇق.

— قاراڭا، مەنمۇ ياتلىق بولدۇم، سىزچۇ تېخى...

كەچ كىردى. كەچكى شەپەقنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرىدا ئوتقاشتەك تاۋلانغان دەريا سۈيى تىنىمسىز جىمىرلايتتى. پاراخوتنىڭ ئىلگىرىلىشىدىن پەيدا بولۇپ ئۈزلۈكسىز ئارقىمىزدا قېلىۋاتقان بۇژغۇنلار گويا تورسىمان قىزىل شايىدەك ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا يېيىلىپ، شىمالنىڭ زەڭگەررەڭ ئاسمىنى ئاستىدا يوقاپ كېتەتتى.

— ئىككى باللىق بولدۇم، ئۈچىنچىسى تۇغۇلۇش ئالدىدا تۇرىدۇ، - دېدى ئۇ خۇددى ئۆز كەسپىگە ھېرىسمەن ماھىرلاردەك مەغرۇر ئاھاڭدا.

ئۇ، سېرىق قەغەزگە ئورالغان ئاپېلسىننى تىزىغا قويىۋالغانىدى.

— مەن سىزگە بىر ئىشنى دەيىز — دېمەيمۇ؟ — سورىدى ئۇ، ئۇنىڭ قۇمۇچاقتەك چىرايلىق كۆزلىرىدىن نازاكەتلىك تەبەسسۇم تۆكۈلۈپ تۇراتتى، — سىزگە مەلۇم، ئاشۇ چاغدا، ئاشۇ ئوت-چۆپ دۆۋىسى يېنىدىكى شۇ ئايدىڭ كېچىسى ئەگەر سىز... سەللا جۈرئەتلىك بولۇپ... مېنى سۆيۈپ قويغان بولسىڭىز هازىر سىزنىڭ ئايالىڭىز بولغان بولاتتىم... ، ئەجەبا... مەن سىزنى ياقتۇرمىغانمىدىم؟ غەلىتىلىكىڭىزدىن سۇ ئەپكىلىشكە ئالدىراپ كەتتىڭىز... هەي، سىز-زە! ...

مۇقەددەس كىتابلاردا هوشىدىن كەتكەن قىزغا ئالدى بىلەن سۇ ئىچكۈزۈش، قىز كۆزىنى ئېچىپ، ئاھ مەن هازىر نەدىمەن؟ دېگەندىن كېيىن ئاندىن سۆيۈش قەيت قىلىنغان. مېنىڭچە، بۇ مۇقەددەس كۆرسەتمىلەرگە خىلاپلىق قىلىشقا بولمايتتى. شۇ بويىچە ئىش كۆردۈم، — دېدىم ئۆزۈمنى ئاقلاپ.

ئۇ بىلىنەر-بىلىنمەس كۈلۈمسىرىگەن هالدا خىيالغا پاتتى ۋە:

— بىزنىڭ بەختسىزلىكىمىز مانا مۇشۇنىڭدا، مۇقەددەس كىتابلاردا كۆرسىتىلگىنى بويىچە ياشاۋاتىمىز، تۇرمۇش ئەسلىدە كىتابلاردا يېزىلغىنىدىكىدىن تېخىمۇ كەڭ ۋە ئەقىل-پاراسەتكە تولغان دۇنيا ئىدى، ئەپەندىم... تۇرمۇش هەرگىز كىتابلاردىكىدەك ئەمەس.

ئۇ قەغەز بولاقتىن قىزغۇچ سېرىق ئاپلىسندىن بىرنى ئېلىپ تازا بىر سىنچىلاپ قارىۋەتكەندىن كېيىن ئىختىيارسىزلا:

— هۇ، مەككار، سېسىغىنىمۇ ئابلاشتۇرۇپ بېرىپتۇ-هە!؟ — دەۋەتتى-دە، ئاچچىقىدا دەرياغا چۆرۈۋەتتى. ئاپلىسىن سۇ يۈزىدە بىردەم پىرقىراپ، ئاخىرى كەچكى شەپەق نۇرىدا قىزارغان دولقۇنلار ئارىسىغا چۆكۈپ كەتتى.

— هە، ئەمدىچۇ، يەنىلا ئاشۇ مۇقەددەس كىتابلاردا كۆرسىتىلگىنى بويىچە ياشاپ كېلىۋاتامسىز؟

نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىمنى بىلەلمەي، كەچكى شەپەق نۇرىدا يارقىن زەڭ ئالغان قۇملۇق ساھىلغا، ئاندىن يىراق-يىراقلارغا — شەپەق نۇرىغا پۈركىنىپ گۈزەل تۈس ئالغان پايانسىز يايلاقلارغا قارىغىنىمچە جىم بولۇپ قالدىم.

كېمە — قولۇۋاقلار قۇملۇق ساھىلغا قالايمىقان دۈم. كۆمتۈرۈپ قويۇلغان بولۇپ، بەئەينى بېلىق تاپىلىرىغىلا ئوخشايتتى. ئاقسۇگەتلەرنىڭ غۇۋاسايىسى ساپسېرىق قۇملۇقتا سوزۇلۇپ ياتاتتى. نەزىرىم يىراقلاردا زۇمچەك-زۇمچەك چوخچىيىپ تۇرغان ئوت-چۆپ دۆۋىلىرىگە چۈشكەندە، قىزنىڭ ئەينى چاغدا بۇ هەقتىكى ئوخشىتىشى ئېسىمگە چۈشتى: «بەئەينى ئافرىقىنىڭ بىپايان قۇملۇقلىرىغىلا ئوخشايدۇ، ئاۋۇ زۇمچەك-زۇمچەك ئوت-چۆپ دۆۋىلىرى گويا ئەلئەھرامنىڭ ئۆزىلا.»

بۇ گۈزەل ئايال يەنە بىر ئاپلىسىننىڭ شۆپىكىنى سويۇۋېتىپ، كۆيىنى كۆرگەن چوڭلاردەك تەلەپپۇزدا گويا ماڭا نەسىھەت قىلىۋاتقاندەك، باياقى سۆزىنى تەكرارلىدى.

— شۇنداق، ئەگەر سىزنىڭ ئايالىڭىز بولۇپ قالغان بولسام...

— رەھمەت سىزگە، رەھمەت.

مېنىڭ مىننەتدارلىقىم ئۇنىڭغا بولغان هەقىقىي هۆرمىتىم بىلەن قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئۇرغۇپ چىقتى.

**داۋۇت ساۋۇت تەرجىمىسى**

# ئەرمىلەر

قورالىڭنىڭ ستۋولىغا
قونۇۋالار ئاق كەپتەر دائىم.

* *

ناخشىمىزدا ئۇزاتتۇق بۇ ئۆلۈمنى،
كۆز يېشىمىز كۆيدۈرمەكتە تويلارنى.

**— ئەمەتجان مامۇت**

ئاھ كەپتەر...
تاپشۇرغىن يارىمنىڭ سالامىنى تېز،
جېنىمنى سۆيۈنچە قىپ بېرەي ساڭا!

* *

گۈگۈملار قاپلىغان قەلبىڭ كۆكىدە
چاقماق بوپ چېقىلغان ئەسلى مەن ئىدىم.

**— ئابدۇقادىر مەتسەيدى**

ماڭا بەرگەندىكىن تەڭرى جىمى تاقەتنى
جەم ئەيلەپ،
نېمىشقا مۇڭ ياراتمايسەن، نازۇك قەلبىمنى
چەم ئەيلەپ؟

* *

ئەجەلنىڭ نۆۋىتى كەلسە ساڭا، تەشۋىش
يۇتۇپ يۈرمە،
سالامىم بىرلە ئەزرائىل تىغىدا ياتقىلى
مەن بار.

**— چوپانى**

بوۋاقلىقىم چېچىكىنى يۈرىمەن ھىدلاپ،
شەبنەملەردە يۇيۇنغاندا تاڭ.

**— تۇرانقىز ئابدۇراخمان**

باللىقىم قېنى، نەدەسەن،
ئەيقاچتىڭمۇ ئۆزۈڭنى مەندىن،
ياتلاشتىممۇ سەندىن ياكى مەن؟

* *

سازاڭ كەبى ماڭماقتا ۋاقىت

* *

سېنىڭ سۆزۈڭ سايەڭ ئاستىدا
بولۇپ قالدىم پارىڭنىڭ گۈلى.
كۆرگەنلىرىم پەقەت كۆلەڭگەڭ،
ئەمەس ھەرگىز ئۆزۈڭنىڭ نۇرى.

**— مۇھەممەت سالىم**

تىنچقىنا كۆل سۈيى
ئوخشامدىكىن قەلبىڭنىڭ
ئۇخلاپ ياتقان چوڭقۇرلۇقىغا...

* *

مۈگدىگەن ماشىنا، ئىزلىگەن كېچە،
بار ئەنە دوقمۇشتا يېقىلغان سايە.
سائەت ئون... بېكەتتىن كېتىمىز يىراق،
كوتۇشتىن كوتۇشكە ماڭىمىز يەنە.

**— ئۆمەر يۈسۈپ ئەخمىدى**

شەكلىمگە تۇيدۇرماي كىرىپ كەلگەن كىم؟
قۇچاقتا سايىنى تولدۇرغانچە لىق.

* *

ئاسمان ئىرۇر سېنىڭ كۆزلىرىڭ،
كۆركەم قۇشتۇر يۈرىكىم ئۇندا.

**— جېلىل خېلىل**

شائىرلىق بەرگەندە بىر بوۋاق تۇرار،
ئۆزىدىن چوڭراق بىر شارچىنى ئوينىپ.

* *

بىلمىدىم، يالغۇزلۇق ئىچىدە جانان،
سۆيۈشۈپ قالدۇقمۇ لەۋسىز، قۇچاقسىز؟

* *

بىر قۇچاقلاي، ماڭا ئايلانغىن،
ئاندىن يەنە مېنى قىلغىن تەۋەللۇت.

**— ئابدۇرېشىت ئېلى**

قىرو باسقان سوغۇق تىنىقلىق،
ئىلاھ ئۈچۈن چالار قوڭغۇراق...

**— ياسىن ئەھمەت**

قەدەھنىڭ لېۋىدە يانار تەبەسسۇم.

**— ئېلى سايىت**

سەندىن يۈز ئۆرىگەن مەنمۇ؟
مەندىن يۈز ئۆرىگەن مەنمۇ؟

**— تەنھايى**

سەن ئىسمىمغا ئايلانغان ئادەم.

**— ئۆمەر مۇھەممەت**

تىمتاس گۈگۈم، تىنىق سادالار،
زىلزىلىگە سالدى قەلبىمنى.
تەنھالىقنىڭ دەردىنى تارتتىم،
ھەم شۇندىلا بىلدىم سۆيگۈنى.

**— مەڭلىك كېرىم**

بىر تالدىن بولسىمۇ تەرگىن ئۆزۈڭنى.

**— زاھىر بۇرھان**

---

( بېشى 110 - بەتتە )

ماركسىزم ۋە مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپەسى بىلەن قوراللانغان بۇ يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇستىرېئالىزم (ھالقىما رېئالىزم ياكى سۇر رېئالىزم) مىتودىدا ھەجۋى، يۇمۇر ۋە سىمۋول قاتارلىق ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى بىمەنىلىكلەر يېزىلىدۇ. يازغۇچى ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ تەنھالىق ۋە ياتلىشىشى ھەمدە ئۇلارنىڭ بۇ خىل تەنھالىق ۋە ياتلىشىش ھادىسىسىدىن قۇتۇلۇشقا بولغان كۈچلۈك تەلپۈنۈشى ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ، ياپونىيىگە نىسبەتەن باشقىلاردىن خېلىلا بالدۇر چەت ئەل تەقرىزچىلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا سازاۋەر بولغان يازغۇچى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ئۇ كۆپ قېتىم نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلگەن. ھازىرقى ئامېرىكا، ياۋروپا ئوبزورچىلىرى ئۇنى كافكا بىلەن بىر قاتارغا قويۇشىدۇ. ياپونىيە يازغۇچىلىرى ئۇنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇرۇپ: «دراما ۋە پروزىدىن ئىبارەت ھەر ئىككى جەھەتتە دۇنياۋى سەۋىيىگە يەتكەن ياپونىيە يازغۇچىلىرى پەقەت ئەنبۇ كۆبۇ بىلەن سەنداۋيۇ جىفۇلا ئىدى» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشتى ھەمدە ئۇنىڭ ياپونىيە ئەدەبىياتىدا يوق بولغان مۇھىم تەركىبلەرنى ئېلىپ كىرگىنىنى نەزەرگە ئېلىپ «غەيرىي ياپونىيىلىك يازغۇچى» دەپ ئاتاشتى.

ئەنبۇ كۆبۇنىڭ ئايالى ئۇنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرىنى رەتلەۋېتىپ تېخى ئېلان قىلىنمىغان، شۇنداقلا يېزىپ تاماملاپ بولالمىغان «ئۇچار ئادەم» ناملىق رومانىنىڭ ئورىگىناللىرىنى تاپقان. بۇ ئورىگىناللار 9 باپ، 6 مىليون خەتلىك بولۇپ، بۇ ئورىگىناللار روماننىڭ ئالدىنقى يېرىمىنىڭ بىر قىسمىلا بولسا كېرەك. بۇ روماندا ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە بىر ئەرنىڭ سىمسىز تېلېفوننى ئېلىپ يۈرۈپ ئەر-ئايالنى كېزىش ھېكايىسى تەسۋىرلەنگەن. ئايالىنىڭ ئېيتىشىچە، ئەنبۇ كۆبۇ ھايات ۋاقتىدا ئۇسىدىن ئۆزىنىڭ ئاسماندا ئۇچۇشى ھەققىدە ئويلىنىپ باققان-باقمىغانلىقىنى سورىغانىكەن. ئايالىنىڭ ئويلىنىپ باقمىدىم دېگەن جاۋابىنى ئاڭلىغان ئەنبۇ كۆبۇ: «ھېچكىم ئۇچۇشنى ئويلىماسمۇ؟» دېگەن. ئايالىنىڭ ئىزاھلىشىچە بۇ «ئۇچۇش» ئەنبۇ كۆبۇ ئۈچۈن ئېيتقاندا، يەر-جاھاندىكى پۈتكۈل چەكلىمىلەردىن ئۈزۈل-كېسىل قۇتۇلۇپ، بىر ئۆمۈر ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ باش تېمىسى ۋە قوغلاشقان نەرسىسىگە — ئەركىنلىك، ھۆرلۈككە ئېرىشىشتىن دېرەك بېرىدىكەن. «يېڭى ئېقىم» ژۇرنىلىنىڭ بۇ يىلقى 4-ئايلىق سانىدا بۇ قول يازمىلار ئېلان قىلىندى.

# ئەدەبىي ئۇچۇرلار

△ يېقىندا ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى زامان يازغۇچىسى موyەننىڭ «قىزىل قوناق تېرىغۇچىلار قەبىلىسى» ناملىق رومانى ئامېرىكىدا ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى.

«نيۇ-يورك ۋاقتى كىتابلار تەقرىزى» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى ۋىلبو ئېن ھېنپوتون 4-ئاينىڭ 18-كۈنى ئۆز ژۇرنىلىدا «قىزىل قوناق تېرىغۇچىلار قەبىلىسى» توغرىسىدا ئوبزور ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ روماننىڭ «قىزىل قوناقلىقتا» ۋە «قىزىل قوناق ھارىقى» دېگەن ئىبارەت ئالدىنقى ئىككى بابى ئاساسىدا جاڭ يىمۇ كىنو قىلىپ ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن «قىزىل قوناقلىقتا» فىلىمىدا ۋەقەلىكنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىلا سۈرەتلەنگەن بولسا، موyەننىڭ ئەسلى ئەسەرىدە بۇ ۋەقەلىك بايانى تېخىمۇ جانلىق ھەم مۇپەسسەل ئىكەن.

موyەن بىر قاتار جانلىق ئوبرازلار ئارقىلىق غەرب كىتابخانلىرىغا جۇڭگودىكى چەت ئۆلكىلەرنىڭ يوچۇن مەدەنىيەت ھادىسىسىنى تونۇتىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلار موyەن بىلەن بىرلىكتە سىرلىق غەربىي شىمال يېزىلىرىنى دۇنيا ئەدەبىياتى كارتىنىلىرى ئۈستىگە قويىدۇ.

△ بۇ يىلقى 17-يانۋار ئامېرىكا «نيۇيورك ۋاقتى كىتابلار تەقرىزى» نىڭ خەۋەر قىلىشىچە، كالىفورنىيە داشۆ نەشرىياتى جۇڭگونىڭ تارىخىي رومانى «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» نىڭ ھازىرقى زامان ئىنگلىز تىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىسىنى نەشر قىلغان. بۇ كىتابنى نيۇ-يورك داشۆسىنىڭ خەنزۇ تىلى پىروفېسسورى موس روبىرت تەرجىمە قىلغان، خارۋارت داشۆنىڭ جۇڭگو ئەدەبىياتى ئوقۇتقۇچىسى پاترىك ھانىنا بۇ كىتابقا باھا يېزىپ بەرگەن. ھانىنا، روبىرت «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» نى «جانلىق ئىنگلىز تىلى» غا تەرجىمە قىلىپ دىڭ لۇنىڭ كونا تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ «ئورنىغا دەسسەتتى» دەپ قارىغان. ھانىنا «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» توغرۇلۇق توختالغاندا، بۇ كىتاب جۇڭگولۇقلارنىڭ دائىملىق سۆز تېمىسىغا ئايلىنىش بىلەن بىرگە، بۇ كىتابنى ئوقۇغان كىشىلەرنى ھەربىي ئىشلار ۋە تاشقى دىپلوماتىيە جەھەتتە مول تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. ماۋزېدۇڭدەك ئۇلۇغ ئەربابلارمۇ بۇ ئەسەرگە ئەھمىيەت بىلەن قارىغان، دېدى. ھانىنا «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» نى «ئۇرۇش تەزكىرىسى» ياكى «ئىچكى ئۇرۇش تەزكىرىسى» ھەمدە «ئېپوس شەكلىدىكى پەللىگە ئىگە بولغان» ئەسەر دەپ قارىغان.

فرانسىيە «يېرىم ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال» ى 1993-يىللىق فېۋرالنىڭ كېيىنكى يېرىم ئايلىق سانىدا (ئومۇمىي 618-سان) خەۋەر قىلىنىشىچە، ياپونىيىلىك داڭلىق يازغۇچى جىن شاڭجىڭ يازغان تارىخىي «كۆكزى» يېقىندا فرانسىيەدە فرانسۇز تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغانىكەن.

△ دۇنياغا مەشھۇر بولغان ياپونىيىلىك يازغۇچى ئەنبۇ گۇڭفاڭ كېسەللىك سەۋەبىدىن بۇ يىل 1-ئاينىڭ 22-كۈنى 68 يېشىدا ۋاپات بولدى.

ئەنبۇ گۇڭفاڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى ياپونىيە مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى ئىدى.

(ئاخىرى 109-بەتتە)

# ئەجەل ياشقا قارىمايدۇ

[illegible]




《天尔塔格》文学双月刊

1993年第6期

Tangritag Two Monthly Literature

Journal In Uygur Language

«تەڭرىتاغ»

1993 - يىل 6 - سان

主办单位：乌鲁木齐市文学
艺术界联合会

编辑出版：《天尔塔格》编辑部

地　　址：乌鲁木齐市新华南路16号

电　　话：218897邮政编码：830002

印　　刷：自治区农业厅印刷厂

国外总发行：中国出版对外贸易总公司
（782信箱）

国内统一刊号CN 65－1012／1

邮局代号58－83

零 售 价：1.20元

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تەرىپىدىن چىقىرىلدى

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى

ئادرېس: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16 - نومۇر

تېلېفون: 218897 پوچتا نومۇرى: 830002

ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى
باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
( 782 - خەت ساندۇقى )

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى CN 65 - 1012 / 1

پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 83 - 58

پارچە سېتىلىشى: 1.20 يۈەن